# ھەسرەت





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ISBN 7-228-05760-0

9 787228 057603 >

ISBN 7-228-05760-0
I·2146(民文)定价 :13.70元

I5
561.45
1



# ھەسرەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目（C I P）数据

狐：维吾尔文 / （英）劳伦斯（Lawrenis）等著；艾尔肯·努尔等译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.4
（外国中篇小说丛书：26）
ISBN 7—228—05760—0
Ⅰ．狐…　Ⅱ．①劳…　②艾…　Ⅲ．中篇小说—作品集—世界—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I561.45
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 29659 号

责任编辑：帕提古丽·米吉提
封面设计：艾克拜尔·萨里
责任校对：帕丽达·艾力

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆司法印刷厂印刷
787×1092 毫米　32 开本　9.75 印张　2 插页
2000 年 7 月第 1 版　2000 年 7 月第 1 次印刷
印数：1 —— 3,060

ISBN7—228—05760—0/I·2146　定价：13.70 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: پاتىگۇل مىجىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى

**ھەسرەت** (ئەسلى نامى: تۆلكە)
(چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن — 26)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,060
ISBN7—228—05760—0/I • 2146
باھاسى: 13.70 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابچىغا ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن .

« تۆلكە » ـــ ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى لاۋرېنسنىڭ ( 1885 ـــ 1930 ) داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى .

مۇھەببەت بابىدا ھىيلىگەر ، شەپقەتسىزلىكى بىلەن تۆلكىگە سىمۋول قىلىنغان ياش يىگىت ھېنرى ئىككى قىز شېرىكلىشىپ باشقۇرىۋاتقان بىر قورۇقا كېلىدۇ . ئىككى قىز ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەشنالىقى بىلەن تەلمۈرىدۇ . يىگىت مارچ بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ ، لېكىن بۇنىڭغا بەنفور ئىسىملىك يەنە بىر قىز قارشى چىقىدۇ . يىگىت ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ ۋە مارچنى ئالىدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولمايدۇ .

بۇ لاۋرېنسنىڭ ئىدىيىسىنى بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان ، لاۋرېنسنىڭ ئۇسلۇبىغا تىپىك ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسەر .

بۇ كىتابچىغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر پوۋېست ـــ « ھەسرەت » .

تىلتون بىر پاھشە ئايالنىڭ قىزى . ئۇ كىچىك بولغاچقا ، ئۆزى ياشىغان مۇھىتتىن بەزى ئىللەتلەرنى يۇقتۇرىۋالىدۇ . سەل ئەقىلگە تولغاندا ، ئوغرىلىق ، بۇزۇقچىلىقنىڭ ھەرگىزمۇ ھالال تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئاپىسىنى ئۇنداق ئىپلاس تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىگە كېلىدۇ . لېكىن ، جەمئىيەت ئۇنى ئۇ گۈزەل ئارزۇسىغا يەتكۈزمەي-

دۇ . ئۇ ئاپسى تۇرماق ئۆزىنىمۇ پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالماي-
دىغان هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، يۈرتىنى تاشلاپ چى-
قىپ كېتىدۇ . ئۇ ئەمدى نەگە بارىدۇ ؟ نېمە قىلىدۇ ؟ ئەسەرنى
ئوقۇغاندا ، پېرسوناژ ئۆزىگە قويغان بۇ سوئالنى سىزمۇ ئىختىيار-
سىز ئۆزىڭىزدىن سورايسىز ، ئېچىنىسىز ۋە تىلتون ياشىغان ئەشۇ
جەمئىيەتكە مىڭ بىر لەنەتلەر ياغدۇرىسىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھەسرەت

## ئېلزابىت كارتېر ( ئاۋستراليە )

ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى

دۇففي ئەپەندىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جۆندەلمەي ئەسكىرەپ كەتكەن ئۆي ـ جايلىرى ، سىدنېي پورتىنىڭ پاراخوت توختايدىغان ئورنىغىچە سوزۇلغان كوچىنىڭ ياقىسىدا ئىدى .

ئۇ پرىستانىغا پەقەت چوڭ پاراخوتلارلا كىرەتتى . بىز ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۈچ ئېغىز ئۆيگە قىشتا ئاپتاپ ئوبدان چۈشەتتى ، تومۇز كۈنلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىلەردىن كىرگەن مەيىن شامال ئۆينىڭ ھاۋاسىنى خۇددى تەبىئىي ھاۋا تەڭشىگۈچتەك سالقىن قىلىۋېتەتتى .

تۆت ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك ، ئاپام مېنى دائىم ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى . مەن ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇق دۇمبىقىمنى ئوينايتتىم . بۇ مىس دۇمباقنى ساقچى ئىشىك ئالدىمىزغا كېلىپ قالغاندا ياكى كېلىۋاتقاندا ئاندىن چېلىشىمغا بولاتتى . « دۇڭ . . . دۇڭ . . . دۇڭ » قىلىپ چالغىنىم بەلگە ئىدى . بۇ بەلگىنى ئاڭلىغان ھامان ئاپام ئاللىقانداق بىر ئەر كىشىنىڭ قويىنىدىن چىقىپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ـ دە :

— تىلتون ! ئەجەب قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتىڭ . بولدى ، چالما ، بىكار بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن ! — دەپ ۋارقىراپ

قوياتتى . ساقچى كەتكەندىن كېيىن مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ بويۇن - باشلىرىمغا سۆيەتتى ، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — جېنىم قوزام ، ئەجەب ئەقىللىق بار جۇمۇ ، سېنىڭ ، — دەپ كېتەتتى .

مەن دۇففېنىڭ مۇشۇ ئۆيلىرىدە تۇغۇلغان . مەن ئاپامنىڭ بىر تاللا بالىسى ئىدىم . ئۇنىڭ مېنى بىرەر كاچات سالغىنىنى ياكى تىللىغىنىنى بىلمەيمەن . ئۇ ھەمىشىلا بەختىياردەك خۇشال ، خۇشخۇي يۈرەتتى .

دادامنىڭ زادى كىملىكى ئاپامغىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىكەن . تۇققۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان چېغىمدا نۇرغۇن بالىلارنىڭ دادىسى بار ئىكەنلىكىنى سېزىپ ، زادى مېنىڭ دادام كىم ؟ دەپ بىرىسەن ، دەپ ئاپامغا چاپلىشىۋالدىم .

— ماقۇل ، ئېيتىپ بېرەي ، — دېدى ئاپام ، — تىلتون ، مەن سېنى ئون ئالتە يېشىمدا تۇغقان ، شۇ چاغدا بەك ئوماق ئىدىڭ ، كۆزلىرىڭ قېنىق زەڭگەر دېڭىزغا ئوخشايتتى ، ھازىرمۇ شۇنداق ، كۆزلىرىڭ بەك چىرايلىق . داداڭنىڭ كىملىكىگە كەلسەك ، ئۇ ئېھتىمال بىر كۈنى كەچتە بۇ يەرگە كەلگەن ھېلىقى ئىسپانىيىلىك يىگىت بولسا كېرەك . ھېلىمۇ ئېسىمدە ، ئۇنىڭ كۆزلىرى سېنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆيۈپ قالغانىدىم . ھە ، قانداق ، دەپ باقە ، بۇ پەرزىم ساڭا ياقتىمۇ ؟ داداڭ ئىسپانىيىلىك بولسا بولار ؟

— بولىدۇ ، — دېدىم مەن ، — ئەجەب ئوبدان دادا تېپىپ بەردىڭ ! ئاپا ، ئەمدى بېرىپ ماۋىس دۇففېغا دەيمەن ، مەكتەپتىكى مېنى زاڭلىق قىلىدىغان ساۋاقداشلىرىمغىمۇ دەيمەن ، مېنىڭ دادام بار ، ئۇ بىر كۈنى كېلىپ مەن بىلەن ئاپامنى پاراخوتقا سېلىپ ئۆزىنىڭ ئۈزۈم ئېتىزلىرى بار جايغا ئەكىتىدۇ ، دەيمەن .

ئاپا، ئۈزۈم ئېتىزى بار جاينى نېمە دەيتتى؟

— ئۈزۈمزار دەيدۇ، — دېدى ئاپام.

— ھە، راست، ئۈزۈمزار دەيتتى. ئۇ تېخى بىزنى ئىسـنىيىنى ئايلاندۇردۇ. دادام، سەن، مەن ئۈچىمىز مەي باغلاپ پىششىپ كەتكەن ئۈزۈملەرنى تازا يەيمىز. كۆپتىكى ئۈزۈم ھاراقلىرىنى تازا ئىچىپ، بولۇشىچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايمىز، ئالىقىنىمىزدا ھېلىقى «چاك - چاك» قىلىپ ئاۋاز چىقىدىغان نەرسىنى تەڭكەش قىلىپ تۇرىمىز دېگىنە تېخى. ئاپا، ئۇ نەرسىنى نېمە دەيتتى، راست؟

— چاكىلداق دەيدۇ.

— ھە، چاكىلداق دەيتتى، راست! ئاپا، ئۇ راست كېلەرمۇ؟

— كىم؟

— دادامچۇ.

— ۋاي تاڭ! ۋوي، راست، ئۇ كېلىدۇ! چوقۇم كېلىدۇ! ئۇنىڭغۇ ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى. ئىلتون، ھازىر نەچچىگە كىردىڭ؟

— سەككىزگە، ئاپا، توققۇزغىمۇ ئاز قالدىم جۇمۇ. ئاپا، مۇئەللىم بۈگۈن ماڭا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ ئايدا يەنە دەرستىن قالساڭ، ئاپاڭغا تېلېفوندا دەيمەن دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا دېمەك، دەپ يالۋۇرغانتىم، ئۇ مېنى ئۇردى، بەك ئۇرۇۋەتتى!

— ئۇردىما؟ ۋاي، خۇدايىم، سېنى ئۇردىما؟ نەرىڭگە ئۇردى، كۆرسىتە، نەرىڭگە؟ — ئاپام مېنى يېقىن تارتىپ بەدىنىمگە تاياق ئىزى چۈشكەن يەر بارمۇ دەپ قاراپ كەتتى. ئۇ بەدىنىمدىن ھېچقانداق تاياق ئىزى تاپالمىغاندىن كېيىن ماڭا ئەمدى دەرستىن قالما، دەپ نەسىھەت قىلىپ بولۇپ:

— قارىغاندا بەزى كۆڭۈللىرى ماڭا ئۇقتۇرماي يەنە دەرستىن قېلىۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟ — دەپ سورىدى .

مەن بەزى كۆڭۈللىرى مەكتەپكە بارماي ، ماۋىس دۇففې بىلەن كىنوغا بارغانلىقىمنى ئېيتتۇم ، ئاپام ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ، ئاندىن كىنو بېلىتىنى قايسى پۇلغا ئالغانلىقىمنى سورىدى . مەن پۇلنى ئاپامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەر كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىۋالغانلىقىمنى ئېيتتۇم ، ئاپام كۈلۈپ كەتتى ، مەنمۇ كۈلدۈم ، ئىككىمىز تېلىقىپ قالغۇچە كۈلدۇق . كېيىن ئۇ ماڭا :

— ئەمدى ئۇنداق ئىش قىلما ، تىلتون ، ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىسەن ، بولامدۇ ؟ — دېدى .

مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بەردىم . لېكىن ، بەزىدە ماۋىس بىلەن ئىككىمىز ئۆي تۇتۇپ ئوينايدىغان ئويۇندىن زېرىكىپ كوچىغا چىقىپ كېتەتتۇق . بۇنداق چاغلاردا ئاپام ۋە باشقا ئاپاشلار كېچىسى « خىزمىتى » بولغاچقا ئۇخلىۋالاتتى . ماۋىس بىلەن ئىككىمىز يېقىن ئەتراپتىكى دۇكانلارغا بېرىپ بەزى ئۇششاق نەرسىلەرنى ئويۇننىڭ ئورنىدا ئوغرىلىۋالاتتۇق . ئۇ نەرسىلەرنى ئاپامنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى . مەن تېپىۋالدىم دەيتتىم ، ئۇ مېنى دىتىڭ بار ، دەپ ماختايتتى .

— تىلتون ، — دەيتتى ئۇ ، — ئەجەب ئەقلىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ . ئۆمرۈمدە مەن ھېچنېمە تېپىۋالمىغان . قارىغاندا مەن ھېچنېمىگە سەپسالمايدىغان گاراڭ بىر نېمە ئوخشايمەن ، يول ماڭسام يەرگە قارىماي ، ئۈيان ـ بۇيانغا ياكى ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ماڭىدىغان ئوخشايمەن .

ئاپام راستىنلا ئۆزى ئېيتقاندەك بىر ئىشقا سەپسالمايدىغان

بىپەرۋا ئايال ئىدى . لېكىن ، ئۇ بىر ئىشقا بەند . مەن ئەخلاتخانىدىن تېپىپ كەلگەن قۇرۇق كونسېرۋا قۇتىلىرىغا گۈل تېرىشقا ھېرىس ئىدى . بىر كۈنى ئۇ سۇ قاچىلانغان ئەينەك قۇتىغا نەركەس گۈلىنىڭ يىلتىزىنى چىلاپ قويدى . يىلتىز ئاپئاق غول تارتىپ يېشىل يۇمران بىخلار ئۈنگىلى تۇرغاندا ئۇ بەك خۇشال بولغان بولسا ، ئۇنىڭدىن يوغان سېرىق گۈل ئېچىلغاندا ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى ۋە ئۆيدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ « كۈنىنىڭ ئىللىق تەپتىدىن ، مايدا گۈللەر ئېچىلدى » دەپ ناخشا ئېيتىپ كەتتى . لېكىن ، شۇ كۈنى كېچىسى ئاپام تولا يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئەر مېھمىنى مەست بولۇپ قېلىپ ھېلىقى قۇتىنى ئۆرۈپ نەركەس گۈلىنى دەسسىۋەتكەنىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بىز نەركەس گۈلى تېرىمىدۇق ، لېكىن پات - پات شۇ گۈلنىڭ گېپىنى قىلاتتۇق . بىز ئۇ گۈلنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمىدۇق ، ئۇ گۈلنى گۈل دۇكىنىدىن ئوغرىلاپ كەلگىنىمنى مەن ھەرگىز ئاپامغا ئېيتمىدىم .

ھېلىقى « ئىسپانىيىلىك دادام » توغرىسىدا ئاپام بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئاپامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەرلەرگە سىنچىلاپ سەپسالىدىغان بولدۇم ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دادام چىقىپ قالارمۇ دېگەن تەمەدە ئىدىم . مېنىڭ ئۇ قاراشلىرىم بەزىلەرنى سەل تەشۋىشكە سېلىپ قويۇپتۇ . ئاپام ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاپ ، ماڭا :

— ئۇلارغا تىكىلىپ قارىما ، ياخشىسى ئۇلار كەلگەندە بېشىڭنى كۆتۈرمە . بىرىنىپ قارىساڭ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . بۇ ھەرگىز نومۇسلۇق قىزلار قىلىدىغان قىلىق ئەمەس ، — دەپ نەسىھەت قىلدى .

مەن ئۇلارغا قارىماسلىققا ۋەدە بەردىم ، شۇنداقتىمۇ بۇ

يەرگە كېلىدىغان ئەرلەرگە ئۆچ ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويدۇم. ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇلار كەلمىسە بىزنىڭ بۇگۈنكىدەك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر ئۇ خەق كەلمىسە، بىرىنچىدىن، ئاپام بىرەر دۇكانغا ياكى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىمىسە بولمايدىكەن، ئەتىگەن تۇرۇپ پىيادە ئىشقا بارىدىغان گەپكەن؛ ئىككىنچىدىن، مەن مەكتەپتىن كەلسەم، ئاپام مېنى ئىشلىك تۇۋىدە كۈتۈۋالىدىغان ئىش بولمايدىكەن. ئۇ كارىۋاتتا ئېغىناپ ژۇرنال كۆرۈپ ياكى دېرىزىدىن ئاسمانغا قاراپ قۇشلارنى ياكى سۇغا قاراپ پورتقا كىرىۋاتقان پاراخوتلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغۇچە، ھەتتا ئاياللارنى ئۆيگە يىغىۋېلىپ قۇرۇق پاراڭ بىلەن ۋاقتىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغۇچە، كېچىسى ئۆزىگە چۇشلۇق خىزمەت قىلىپ تۇرغىنىنىڭ كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتۇدى، مەن دېدىم:

— بوپتۇ، ئاپا، خالىغىنىڭنى قىلىۋەر. لېكىن، يەنە گېپىم شۇ، مەن ئۇ ئەرلەرگە بەك ئۆچ.

— چوڭ بولغاندا، — دېدى ئاپام، — ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئۇلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالىسەن.

— شۇنداق بولسىمۇ بولار، — دەپ قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن گېپىمىز تۈگىدى.

ئاپامنىڭ قېشىغا كېلىدىغان ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ماتروسلار ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە پرېستاننىڭ قېشىدىكى تاغدىن ئۆتۈپ كېلەتتى. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بەك ئالدىراڭغۇ ھەم قوپال ئىكەن، لېكىن ئاپام ئۇلارنىڭ شۇ مىجەزىنى ياقتۇرىدىكەن، ئۇلار بىلەن ھەرگىز باھا تالىشىپ ئولتۇرمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار باشقا پاراخوتچىلەرگە ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بېرىدىكەن،

شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا مېھمانلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىكەن . ئۇ ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشنى خالىمىغاچقا ، ھەتتا بەش ـ ئالتىسى تەڭ كېلىپ قالسىمۇ ئۇلارنى مېھمانخانىدا ئولتۇرغۇزۇپ نۆۋەت بىلەن كۈتىدىكەن . دېمىسىمۇ ، ئۇ ھەمىشە « ئاۋۋال كەلگەننى ئاۋۋال كۈتىمەن » دەيتتى .

مەن ئادەتتە تاپشۇرۇقنى مېھمانخانىدا ئىشلەيتتىم . بەزىدە ئەرلەرنىڭ بىرەرى ھېساب تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلىشىپ بېرەتتى . بىر كۈنى مەكتەپتىن ماقالە يېزىپ كېلىڭلار ، دېگەنىدى ، ئۇلاردىن بىرى شۇ ماقالىنى ماڭا يېزىپ بەردى . مەن بىپەرۋالىق قىلىپ ئۇ ماقالىنى ئوقۇمايلا مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپتىمەن ، شۇنىڭ بىلەن چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى . مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىندىم .

بىز بەزىبىر ئاۋارىچىلىكلەرگىمۇ يولۇقۇپ تۇردۇق . بىر كۈنى ئاپام سوتقا چاقىرىلدى ، ھېلىمۇ ياخشى پىرىستان رايونىغا مەسئۇل ساقچىنىڭ ئاپامغا خېلى كۆڭلى يېقىن ئىكەن ، بولمىسا بىز جازالىناتتۇق . ھەممەيلەن ئاپامنى ياخشى كۆرەتتى ، ساقچىلارمۇ شۇنداق ئىدى .

ئاپام مېنى يېنىدا تۇتقۇسى كەلگەچكە ، ئىلاج بار مېنى مەكتەپكە بارمىسىكەن ، دەپ ئويلايتتى ، شۇڭا ھەمىشە :

— قىز بالا مەكتەپكە بارمىسىمۇ نۇرغۇن نەرسە ئۆگىنىۋالىدۇ . قىزىم ، زۇكامداپ قالغان ئوخشايسەن ، قېشىمدا بىر كۈن يات ، ئۇخلىۋېلىپ قالىسەن ، — دەيتتى . مەنمۇ نېمە بولسا بولار دەپ يېتىۋېرەتتىم ، يېتىپ زېرىكسەم ، ئاپامنى غىدىقلاپ يۈرۈپ ئوينايتتىم . كىيىملىرىمىزنى كىيىپ ئەتىگەنلىك چېيىمىزنى ۋاقىچە ئىچەتتۇق . پىرىستانغا پاراخوت كەلمىگەن كۈنلىرى بىللە كىنوغا باراتتۇق ، كوچا ئايلىناتتۇق ياكى ئىسسىق گۆشنان سېتىۋېلىپ

باغچىغا كىرەتتۇق ــ دە ، ئورۇق ئۈچ ئاق قۇسى بار سىبىسق كۆل-
نىڭ بويىدا ئولتۇراتتۇق .
ئاپام ئۇ ئاق قۇلارغا بەك ئامراق ئىدى . ئۇنى دۇنيادىكى
بەك چىرايلىق نەرسە دەپ ماختايتتى . لېكىن ، بىر كۈنى ئۇ ئاق
قۇلار سۇدىن چىقىپ ئوتلاقتا شۇ قەدەر سەت ئويناقشىپ كەت-
تىكى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن پۈتۈنلەي خوشۇم كەتتى .
ئاپامنىڭ بەك يېقىن دوستىمۇ يوق ئىدى . ئۇ ، تۇرمۇشتا
ئۆزۈك بىلگەنچە ياشىيالمايسەن ، پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ ، دەپ قاراپ
بىرەرى بىلەن بەكمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتمەيتتى .
مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان دوستۇم ماۋىس ئىدى . ئۇ دادىسى
دۇففي ئەپەندى بىلەن بىللە بىزنىڭ بىنادا ئولتۇراتتى . دۇففي ئە-
پەندى بويى ئېگىز ، ئۆزى بىر قىسما ئادەم ئىدى . بەزىدە ئۇنىڭ
چىرايى ماڭا زەھەرلىك دورا بوتۇلكىسىنىڭ قەغىزىگە سىزىلغان
باش ئىسكىلىتىدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى . ئۇ ھەمىشە كېلەڭسىز
كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى . « ئۆھھۆ - ئۆھھۆ » قىلىپ بوغۇلۇپ
يۆتىلىپ كەتسە ، بەزىدە ھۆ قىلغۇم كېلىپ كېتەتتى .
دۇففي ئەپەندى ئاپامنىڭ ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلىدىغان-
لىقىنى بىلگەچكە ، ماڭا ئىشلىسەڭ ، دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىر-
رىۋالاتتى ، لېكىن ئاپام :
ــ ياق ، نېمانچە كۆزۈمگە كىرىۋالسىز ، مەن ئۆز ئالدىمغا
قىلىمەن ، ــ دەپ تۇرۇۋالاتتى .
ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا نۇرغۇن قىز - ئايالالار بار ئىدى . ئۇلار
كوچىدىلا ئەر خەقلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئە-
كىرەتتى .
ــ بىچارە قىزلار بەك ئەخمەقلىق قى-
لىۋاتىدۇ ، ــ دەيتتى ئاپام ، ــ دۇففي ھېلىقى ئەسكى كاپىر-

تان بىلغا ئوخشاشلا ، مولۇندەك ئۇلارنىڭ پېيىدىلا يۈرىدۇ . بىچارە ئاياللار جىقراق پۇل تاپساق دەيدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ كاتەكتەك بول- سىمۇ بىر ئۆيى بولسا مەقسىتىگە يېتەتتى . دۇففې پاھىشىخانا خو- جايىنلىرىغا ئوخشاشلا ئارىدىن جىق پايدا يۇلۇۋاتىدۇ . تىلتون ، ئەگەر مەنمۇ تاپقىنىمنى دۇففې بىلەن تەڭ ئوتاق قىلىدىغان بول- سام ، ئۇ چاغدا ماڭا ھازىرقىدىن تۆت ھەسسە ئارتۇق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى قىممەت ئىجارە ھەققى تۆلەۋا- تىمىز ، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تۇتقان يولۇم توغرا ، كېيىن لەۋنى چىشلەپ قالغاندىن مۇشۇ ياخشى .

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا :

— شۇنداقمۇ ، ئاپا ؟ — دەپ قويىاتتىم .

— شۇنداق ، — دەيتتى ئۇ كۈلۈپ ، — پاتسى خىيالىم- دىن چىقمايدۇ . تىلتون ، سەن ئۇنى ئەسلىيەلمەيسەن . ئۇ ئەمدى ئون ئالتىگە كىرگەنىدى ، — ئاپام كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا خورسىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى ، — تىلتون ، پاتسى پاھىشىخانا خوجايىنىنى ئالداپ كېتىمەن دەپ ئويلىغان ، لېكىن ئارقا كوچىدا بوغۇزلىنىپ ئۆلدى . شۇڭا ، مەن ئۆزۈمنىڭ تۇتقان يولىنى توغرا دەيمەن .

مەن ئاپامنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم . ئۇ ماڭا يەنە بەزى گەپلەرنى قىلىپ بەردى . ئۇنىڭ پاتسىنى ئەسلىيەلمەيسەن دېگى- نىگە ھەيران قالدىم . مەن قانداقمۇ پاتسىنى ئۇنتۇپ قالاي . ئۇ شۇنچە تاتلىق كۈلىدىغان چىرايلىق قىز ئىدى ، ماڭا تېخى بىر ئاسلان سوۋغا قىلغان . ئۇ تۇغۇلغىنىغا ئۈچ ھەپتە بولغان ئاسلان ئىدى . ئۇ چاغدا مەن بەش ياشتا ئىدىم . ئۇ ئاسلاندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيتتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ، ئۇمۇ ماڭا ئامراق ئىدى . ئۆزى كىچىككىنە ، يۇمشاقلىقچۇ تېخى ، « مىياۋ —

مياۋ » قىلىپ تۇراتتى ، ئالدىنقى قېتىمدا سۈت ئىچۈرۈپ قويسام ئويناق تىللىرى بىلەن پاكپاكىز يالىۋالاتتى . مەن ئۇنىڭغا ئىسىم قويۇپ بولغۇچە ئۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى . شۇ يوقالغىنىچە يوق ، مەڭگۈ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم .

ھەممەيلەن ، بولۇپمۇ ئاپام ماڭا بەك ھېسداشلىق قىلدى ، ئاسلاننى قايتىپ كېلىدۇ ، دەپ كۆڭلۈمنى ياسىدى . ئۇلارنىڭ مۈشۈك دېگەن ئاشۇنداق چىقىپ كېتىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ ، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۈمىدلىنىپ قالدىم . بىر يامغۇرلۇق كېچىدە كارىۋىتىمدا يېتىپ مۈشۈكنىڭ مياۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ، دەررۇ يۈگۈرۈپ تالاغا چىقسام ، قاپقاراڭغۇ كوچىدا ھېچنېمە يوق . . .

بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، ئاخىر ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم ، مۈشۈك دېگەن ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغان نەرسە ئىكەن ، دېگەن ئويغا كەلدىم . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاسلاننى ئېسىمدىن چىقىرىۋەتتىم . لېكىن ، ئاپامنىڭ ئېيتىشىنىڭ ئەكسىچە ، مەن پاتسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمىغانىدىم . ئۇ مېنىڭ بەش ياش چاغلىرىم ئىدى . شۇ كۈنىمۇ يامغۇر يېغىۋاتاتتى . قاپقاراڭغۇ ئارقا كوچىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان پاتسىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگۈچى مەن ئىدىم .

دوللور بىلەن مىنتى دۇففى ئەپەندىگە يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئاياللار ئىدى . مىنتى خانىم ناھايىتى چىرايلىق تول ئايال ئىدى . ئۇ بىزگە ئەقىللىق ئىككى ئوغلىنىڭ بارلىقىنى ، قىزىنىڭ بىر دوختۇرخانىدا پراكتىكانت سېستىرا بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ، بۇ باللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ، دەپ بەرگەنىدى .

مىننتى خانىمنىڭ چىرايىدىن هارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ بالدۇرراق ئوقۇش پۈتتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ بالىلىرى ئوقۇشنى تۈگىتىۋالغۇچە چىشىنى چىشلەپ مۇشۇ ئىشنى قىلىپ يۈرۈپ ، كېيىن ئۇلار كۈنىنى ئۆزى ئالالاي- دىغان ۋاقىت كەلگەندە ، باشقىچە بىر خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، ئاپام كۆڭۈل بۆلگەن هالدا سورىدى :

— باشقىچە نېمە خىزمەت قىلارسىز ، مىننتى خانىم ؟

ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردىكى ، ئاڭلاپ ئاپام بىلەن ئىككىمىز هەيران قالدۇق .

— تۆمۈر يول سىستېمىسىدا ئىشلىسەم دەيمەن . مېنىڭ ئارزۇ – ئارمىنىم شۇ .

— ۋوگزالدا ئىشلىسەم دېمەكچىمۇسىز ؟

— هەئە ، بىلەتخانىدا ئولتۇرۇپ پويىز بىلىتى ساتسام دەيمەن . ئۇ چاغدا ئەرلەر ماڭا پۇل بېرىدۇ ، لېكىن ماڭا چېقىلال- مايدۇ ، — دېدى مىننتى خانىم كۆزىگە لىق ياش ئالغان هالدا ، — مېنى خالىغانچە بىر نېمە قىلالمايدۇ دەڭا . . .

مىننتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاپام ماڭا :

— مىننتى هەمدەم خىيال بولۇپ قاپتۇ ، ئۇ هەرگىزمۇ ئار- زۇسىغا يېتەلمەيدۇ ، — دېدى ، ئاندىن يەنە ، — ئۇ ئەسلىمىغۇ بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزغا لايىق ئەمەس . ئۇنىڭ بەك غۇرۇرى بار . بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا ئادەم بەك ئۇنداق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ ، تېلتون ، — دەپ قويدى .

— شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدى ئاپام ، — مانا ، ماڭا قارا ، مەن خەققە سىلىق مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى ئالىمەن ، هەرگىز قىيتىۋال- مايمەن . ئەر خەق بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىدۇ ، مەقسەت ئېنىققۇ ،

مەن ئۇلار خالىغاننى بېرىمەن ، ئۇلار پۇل بېرىدۇ . بولدى ، ئىش تامام ۋەسسالام ! بەزىدە ئۇلار يەنە كېلىپ قالىدۇ ، لېكىن كەلگىنى توختىماي كېلىۋەرسىمۇ بولمايدۇ .

— ئاپا ، بۇ يەرگە كەلگەنلەردىن بەكرەك ئامراق بولۇپ قالغانلىرىڭمۇ بارمۇ ؟

— بۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدىكەن ، لېكىن تىلتون ، ئاللىقانداق بىرىگە بەك ئامراقلىق قىلىپ كېتىشمۇ ئادىللىق ئەمەس .

— نېمىشقا ؟

— مەسىلەن ، بىز بىر دۇكان ئاچتۇق دەيلى ، ئەگ ئۇبدان مالنى ئۆزىمىزنىڭ ئامراق خېرىدارىغىلا ساتىمىز دەپ تۇرۇۋالساق ، ساراڭلىق قىلغان بولارمىز ؟ ئۇنداقتا قاملاشماس ؟

— راست ، قاملاشمايدىكەن ، — دېدىم مەن ، — ئۇ بەك ساراڭلىقكەن . دوللورمۇ شۇنداقمۇ ، ئاپا ؟

— بىچارە دوللورنى دەمسەن ، — دېدى ئاپام كۈلۈپ ، — ئۇ بەك رومانتىك . ئۇنىڭ ئاجىزلىقى مۇشۇ . ئۇ ، ئەر خەقلەر مېنى ياخشى كۆرسە ، ماڭا ئاشىق بولسا دەيدۇ . ئاڭلاپ قوي تىلتون ، خاراكتېرى بەك كۈچلۈك ئايال دەرد - ئەلەمدىن بىرى كېلەلـمەيدۇ . ئۇ تېرىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ھەممىسى شۇ مىجەزىنىڭ كاساپىتى .

— ھە ، راست ، ئاپا ، ئېسىڭدىمۇ ، — دېدىم مەن ، — قايسىبىر كۈنى كەچتە ئۇ مېنىڭ ئادىمىمنى قېشىڭغا ئەكىرىۋاپـسەن ، دەپ ئۆيۈڭگە بېسىپ كىرگەندى - ھە ؟

ئاپام كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جىمغىدە تىترەپ كەتتى ، ئانـدىن :

— ھەئە ، ئېسىمدە بولمامدىغان ، — دېدى ، — ئۇنداق

ئىش بىر نەچچە قېتىم بولغان، شۇ قېتىمقىسى قېشىمغا بىر ساقچى كىرگەن كۈن ئىدى. بەك ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن دوللارغا ئاداۋەت ساقلىمايمەن، تىلتون، چۈنكى ئۇنى چۈشىنىمەن...

— لېكىن، ئاپا، سەن. . سەنغۇ ھېچكىمگە ئاچچىقلانمايسەن.

ئاندىن كېيىن مەن دوللورغا يېقىن تۇرغۇم كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم، چۈنكى ئۇ گېزى چىقىپ كەتكەن پېشىدا يۇيۇنۇپ چىققاندەك سېسىق پۇرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋازىمۇ غاراڭ-غۇرۇڭ ئىدى، مەست بولۇپ قالغان ھالىتىنى كۆرسە كىشىنىڭ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى، تېخى ئۇنىڭ بىلىكىگە ئوكۇل ئۇرۇۋېلىشلىرىچۇ.

بۇ گەپلەرنى دېسەم ئاپام ئاغزىمنى ئاچتۇرمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكى بولىدىكەن، دوللورمۇ شۇنداق، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئالتۇندەك ئىكەن، ئىش ئۆزىنىڭ زىيىنىغا تارتىپ قالسا ئاشۇنداق چىچاڭشىپ كېتىدىغان خۇيى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوللور بەك نوچىلىقى بار ئايالاردىن ئىكەن.

— ئۇ ھەر قانداق ئەھۋالدا، — دېدى ئاپام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېھمانلىرىنىمۇ، دوستلىرىنىمۇ نائۈمىد قويمايدۇ. كىشىنى نائۈمىد قويماسلىق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك روھ. ئۇ ھاراق ئىچىپ ياكى خروئىن چېكىپ يولدا خەقنى بۇلىغاندىن كۆپ ياخشى. بۇنى ئېسىڭدە تۇت، تىلتون.

مەن ئۇنىڭغا ئېسىمدە تۇتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم-دە، ماۋىس چىقتىمىكىن، دەپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

ماۋىس ئادەتتىكىدەك يەنە سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپتىكەن، بىز شۇ يەردە بىرئاز تۇرۇپ ئاندىن شەھەرگە ماگىزىن

چۆرگىلىگىلى ماڭدۇق . ئۇ كۈنى بىز قارا جىيەك تۇتۇلغان بىر
بالىلار ئىشتىنى ھەم كۆزلۈك بىر جا ئۈزۈك ئوغرىلىۋالدۇق . ما-
ۋىس ماگىزىن ھاجەتخانىسىدا ئۇ ئىشتاننى ئىشتىنىمنىڭ ئۈستىگە
قاپلاپ كىيىۋالدى ، ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغاچقا ئۇنى ئاپامغا بې-
رىۋەتمەكچى بولدى . مەن ھېلىقى ئۈزۈكنى ئايىغىمنىڭ ئىچىگە
سېلىۋالدىم ، شۇ كۈنى كەچتە قارىسام ، تاپىنىمغا ھۆررەك ئۆرلەپ
قاپتۇ . ئاپام پارقىراق نەرسىلەرگە ئامراق بولغاچقا ، ئۇ ئۈزۈكنى
ئاپامغا بېرىۋەتمەكچىدىم . كەلسەم ئاپام ھېلىقى ئىشلىرى بىلەن
ئىكەن ، قۇتامغا سېلىپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا بېرىشنى
كېيىن ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

مىنتى خانىم بىلەن دوللور بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئاپام بى-
لەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . بالىلىق دەۋ-
رىمدىكى بۇ ئۇچەيلەننى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن .

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئېسىمدە ھېلىھەم قۇلىقىمغا قۇيۇۋال-
غاندەك تۇرۇپتۇ . ئۇلار مېنىڭ قىشىدىلىقىم بىلەن كارى بولماي
ئۆزلىرىنىڭ ھەر قانداق پارىڭىنى قىلىشىۋېرەتتى ، مېھمانلىرىنىڭ
مىجەزى ، تەلىپى ، ھەتتا قىلىقسىزلىقلىرىنىمۇ ئەپقالماي سۆزلە-
شەتتى . بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خۇددى ئۆي خوتۇنلىرى-
نىڭ يىمەك - ئىچمەكنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا
سۆزلەشكەنلىرىدەك بىر ئىش ئىدى . بەزىدە مىنتى خانىم دەرد
تۆككىلى تۇرسا ، بەزىدە دوللور ئۆزىنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى دەپ
بېرەتتى . ئاپام بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ئول-
تۇراتتى ، بەزىدە يۇمشاق گەپ قىلىپ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى
بىلدۈرۈپ قوياتتى .

ئۇلار پىچىنە يېگەچ ، بولۇشچە شېكەر سېلىنغان سۈت

www.uyghurkitap.com

چاي ئىچىشەتتى . بەزىدە بايىبىس ھامممۇ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قې-تىلاتتى . بايىبىس ھاما دۇففي ئەپەندى بىلەن ماۋسۇيىك تامىقىنى ئىتىدىغان ، ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى . ئۇ بەك قېرىپ كەتكەنىدى ، پۇت - قوللىرى قورايدەك ئىنچىكە ئىدى . ئۇ چاي شامىسىدا پال ئېچىشقا ئۇستا ئىدى .

ئۇ ئاچقان پال ئاپام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئۈمىدسىزلىك گىرداۋىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى ، ئۇلارنى غەم - قايغۇدىن خالىي قىلىپ روھىنى كۆتۈرەتتى .

— شاخلىمايدىغان دەرەخ بولمايدۇ ، ھامان بىر كۈنى چوقۇم بىر خۇش خەۋەر ئاڭلايسىلەر . ھەتتا ، سىلەر ئۇنتۇپ قال-غان بىرەر كىشى مەلۇم ۋەسىيىتىدە سىلەرنى مال - دۇنياغا ئىگە قىلىدۇ . مەنمۇ ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ باقمىغان ، شۇڭا ئازغىنا بولسىمۇ دۆلەتكە ئېرىشتىم ، — دەيتتى ئۇ .

مەن بايىبىس ھامممنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە ئىشەنمەيتتىم ، نېمىشقىدۇر ئۇنى ئالدامچىدەك ھېس قىلاتتىم . شۇنداقتىمۇ ئاپامنى خۇشال قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئامراق ئىدىم .

ئاپام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى گېزىتلەردىن بىرەر پالاكەتچى-لىكنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندە ياكى بىرەر شۇملۇققا ئۇچرىغاندا ، كۈن بويى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ موللىمۇشۇك بولۇپ كې-تەتتى .

— تىلتون ، — دەيتتى ئاپام ، — تەقدىرسىز قىل تەۋرى-مەيدۇ ، تەقدىر بىلەن قارشىلىشىش بىھۇدە ئىش .

ئاپام تەقدىرنىڭ بەرھەقلىكىگە ، بايىبىس ھامممنىڭ پالىغا بەك ئىشىنەتتى ، لېكىن ئۇنى كارۋىر ۋە ناخول خېنىملارنىڭ خې-رۇستال ساقا بىلەن ئاچقان پالى ئۇنىڭدىن بەكرەك قايىل قىلات-

تى.

كارۋىر ۋە ناخۇل خېنىملار ماگىزنىسىز رايوندىكى ئون قەۋەتلىك كونا ئىشخانا بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى كاتەكتەك بىر كىچىك ئۆيدە ئولتۇراتتى، لېكىن ئاپام ئاشۇ بىنا هامان ئاشۇلار- نىڭ بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بايىنېس هاما ئاپامنىڭ ئۇلارغا ئىشە- نىپ كەتكەنلىكىگە ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىشىك باقتىلار، خەقنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ئالۋاستىلار، دەپ تىللايتتى. ئاپام ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا:

— توغرا دەيسىز، هاما، توغرا دەيسىز، — دەپ قو- ياتتى.

مەن ئاپامنىڭ هېلىقى مەرتىۋىلىك پالچى خېنىملارغا بەر- گەن باهاسىغا ئىشىنەتتىم. بېشىمىزغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ياكى پالاكەتچىلىك كەلگىلى تۇرغاندا مەنمۇ ئاپامنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئەبجەق لىفىت ئارقىلىق بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ مال - دۇنيا بىلەن توشقان ئۆيىگە كىرەتتىم.

ئۇلارنىڭ ئۆيى شۇ قەدەر سەرەمجان ۋە يورۇق ئىدى. ئۇچىسىغا يۇمشاق، ئۇزۇن كېچىلىك خالات، بېشىغا كەڭ گىر- ۋەكلىك شىلەپە كىيىۋالىدىغان ئۇ چىرايلىق خېنىملار ئاپامغا قو- يۇق قەهۋە، ماڭا بولسا لىمون سۈيى قۇيۇپ بېرەتتى. داستىخان- دىكى قېلىن قايماقلىق، پاقا شەكلىدىكى تورتنى مەن خالىغانچە يەپ ئولتۇراتتىم.

بەزىدە كارۋىر خېنىم خرۇستال ساقىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئاپامغا هەر هالدا جىق بولمىسىمۇ، تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك پۇل - پۇچەكنىڭ پات ئارىدا قولىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ناخۇل خېنىمنىڭ ساقىغا قاراپ ئاچقان پالىمۇ ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئاچقان پالىنىڭ كۆپىنچىسى ئوخرۇسىغا كې-

لەتتى . بىز ئۇلارنىڭكىدىن قايتىپ ئەتىسىلا كونۋېرتقا سېلىنغان پۇل تاپشۇرۇۋالاتتۇق . ئاپام كالپۇكلىرىنى ھىمىرگىنىچە يەلكىلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ ماڭا قاراپ كۈلەتتى . مەنمۇ ئۇ خېنىملارنىڭ پالىغا قايىل بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتىم .

ئون - ئون بىر يېشىمدا ئۇ پۇللارنى ھېلىقى ئىككى ئاق كۆڭۈل خېنىم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ قالدىم ، لېكىن شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى ، ئاپام بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى مەڭگۈ بىلمەي ئۆتۈپ كەتتى .

ماۋىس بىلەن ئىككىمىز تەڭ دېمەتلىك بولساقمۇ ، ئوخشىمايدىغىنى ، ئۇ شتاتلىق مەكتەپتە ئوقۇيتتى ، مەن بولسام ئاپام بىلەن ئۆيدە ئولتۇراتتىم . چاتاق بولغىنى ، بىر كۈنى ئاپام پوچى بىر خىزمەتچى بىلەن بىللە بوپتىكەن ، ئۇ كىشى ئاپامغا مېنى ئوقۇمسا بولمايدۇ ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە مەكتەپكە باردىم .

مەكتەپ بىناسى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغاچقا ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى . دەرەخلىرىمۇ قالمىغان ، سىم بىلەن چىتلانغان مەيدانىمۇ داق يەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى . نەزەرىمدە ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ۋارقىراش - جارقىراشنىلا بىلىدىغان مەخلۇقلاردەك ، ئوقۇغۇچىلار ئاق - قارىنى بىلمەي غۇۋغالا قىلىدىغان جىنلاردەك بىلىنەتتى . ئۇلاردىن بەك قورققاچقا ، سىنىپقا كىرسەم گاچا بولۇپ ، مەيدانغا چىقسام گومۇش بولۇپ يۈرەتتىم .

دەرس تۈگىگەن ھامان قويۇندەك چېپىپ ئۆيۈمگە كېلىۋالاتتىم ، چۈنكى ئۆيدە ھېچكىم مېنى دۆت دەپ تىللىمايتتى ، ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتمەيتتى ، چىمدىۋالمايتتى ، ھاقارەت قىلمايتتى .

مەكتەپتە بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دادامنىڭ يوقلۇقى، يەنە ئاپامنىڭ ئەرلەر بىلەن «بولمىغۇر بىر ئىش» لارنى قىلىدىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

ئاپام مەكتەپتىكى ئەھۋالىمنىڭ قانداقلىقىنى سورىغاندا، مەن ھەمىشە ياخشى، دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

كوچىدا مەن بىللە ئوينايدىغان بىردىنبىر بالا ماۋىس ئىدى. بىز بىر ــ بىرىمىزگە ئامراقمۇ، ئۆچمۇ ئەمەس ئىدۇق. پارىڭىمىزمۇ جىق ئەمەس، كۆپىنچە كوچىدا ئويان ــ بۇيان چېپىشىپ ياكى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆي ياسىشىپ ئوينايتتۇق. بىز بىلىدىغان بىردىنبىر ئويۇن شۇلا ئىدى.

ماۋىسنىڭ مەكتەپتىكى ئورنى مەندىن بىر دەرىجە ئۈستۈن ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ كىملىكىنى، ئاپىسىنىڭ خۇدانىڭ دەرگاھىدا ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ ماۋىسنى تۇغۇپلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا باشقىلارغا ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

بىز بىر نەچچە قېتىم مەكتەپتىن قېچىپ ماگىزىنغا بېرىپ ئوغرىلىق قىلدۇق. ئۇنى ئەسكىلىككە مەن باشلايتتىم. مەن، ماگىزىنغا يۈر، دەيتتىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپلا ئويۇننى تاشلايتتى ــ دە، گەپ قىلماي قاپىقىنى سىلىپ كەينىمدىن بازارغا ماڭاتتى.

تۇققۇز يېشىمدا ئەرلەرنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئوغرىلاپ ماۋىسنى كىنوغا ئاپىرىدىغان بولدۇم. ئۇ گەپ قىلماي مېڭىپ، كىنودىنمۇ گەپ قىلماي يېنىپ چىقاتتى. ئۆزۈم كىنوغىمۇ ئامراق بولمىسام كېرەك، لېكىن كىنو كۆرۈش ماڭا مەكتەپكە بارغاندىن، كوچا ئايلانغاندىن، ئۆي ياساپ ئوينىغاندىن ئوبدانراق بىلىنەتتى. ماۋىس تېرىسى سۇتتەك ئاپئاق، چىشلىرى ئۈنچىدەك

دانە ـ دانە ، يۇزى يۇپيۇمىلاق قىز بولۇپ ، ئاپام ئۇنى ھەمىشە سۇرەتتەك چىرايلىق ، دەپ ماختايتتى . باشقىلارغا ئوخشاش ماۋىسمۇ ئاپامغا ئامراق ئىدى ، ھەمىشە بىزنىڭ ئۆيگە ئوينىغىلى كېلەتتى ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭكىگە پەقەت يولىمايتتىم . دادىسى ئاپامنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ، ئۇنىڭ تىنىچ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ، ھەر ھالدا دۇففېي ئەپەندىنى كۆرسەم ھېيىقاتتىم ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەي ئۆتەلمەيتتىم .

دۇففېينىڭ بۇ بىناسىدا بولۇۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا ماۋىس بىلەن ئىككىمىز پەقەت پاراڭلاشمايتتۇق . لېكىن ، بىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان بۇ جاينىڭ نامى يامان ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتۇق ، بۇ جاينىڭ ساقچى نازارىتىدە ئىكەنلىكىنى ، ساقچىلارنىڭ دۇففېي ئەپەندىگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى ئازايتىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلەتتۇق . كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشىدىغان ھېلىقى بەستىلىك ئەركەكلەرنىڭ دۇففېيغا يالىنىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئاياللارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەرلەرنى تارتىپ مېڭىشىنى ياكى ئەرلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ كەتمەسلىكىنى نازارەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق ؛ ھەتتا ئۇ پاھىشە ئاياللار دۇففېينى كولدۇرلىتىمەن ، دەيدىكەن ، قاتتىق زىيان تارتىدىغانلىقىنى ، پاتىسىنىڭمۇ ھېلىقى ياللانمىلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلەتتۇق .

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ماۋىس بىلەن ئىككىمىزنى ھەممىسى ئوبدان قوغدايتتى . ھەممە ئاياللار بىزگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى ، ھېچقانداق ئەركەك بىزگە چېقىلىشقا ، يامان گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى . ئاپام مېنىڭ ئالدىمدا رايىش ئىدى ، ماۋىسمۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا خالىغىنىنى قىلالايتتى .

ھېچكىم بىزنى ئويناتقىلى يا ھايۋانات باغچىسىغا ، يا دېڭىز

ساھىلىغا ، يا يىزىلارغا ئاپىرىپ باققان ئەمەس . بىز چىركاۋ ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ نىمىلىكىنىمۇ بىلمەيمىز . يەيمىز دېسەك ، تورت ـ پېچىنە ، ئىچىمىز دېسەك ، ئىسسىق چاي ھەمىشە تەييار . بىز شۇڭا ساغلام چوڭ بولدۇق . قايسىبىر يىلى دوختۇر چىشىمنى تەكشۈرۈپ ، قۇرۇت يېگەن بىرمۇ چىشىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالغانىدى . باللىق چېغىمدا ياكى ئون يېشىمدىن بۇرۇن مەن بىر قېتىممۇ كېسەل بولۇپ باققان ئەمەس .

ھەممىسى بىزنى ئەدەپلىك باللار دەپ قارايتتى . ئەگەر شۇ چاغدا ئاپام مېنىڭ توشقان يانچۇقچى ئىكەنلىكىمنى ، دوففې ئۆز قىزىنىڭ مېنىڭ شاگىرتىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا ، ئۇلار يۈ-رىكى يېرىلىپ ئۆلمىسىمۇ ، ھەر ھالدا بىر نېمە بولاتتىمىكىن دەي-مەن .

ئون ئىككى ياش چاغلىرىمغۇ دەيمەن . بىر كۈنى ماۋىسقا ئوقۇش پۇتتۇرۇپ پۇل تاپالايدىغان بولغان ھامان ئاپامنى بۇ يەر-دىن كۆچۈرۈپ تىنچ بىر جايدا ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇنىڭغا بۇ كوچىنىڭ پاسكىنا ، مەينەت ئىكەنلىكى ، نامى يامان بولغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈردۈم .

ماۋىس مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلمىدى ھەم بۇ كوچىنىڭ ئەسلى ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ، دادىسى ئۆلگەن-دىن كېيىن بۇ بىنانىڭ ئۆزىگە قېلىپ باي بولۇپ كېتىدىغانلىقى-نى ، شۇ چاغدا ئۇستىكارلارنى ئەكىلىپ بۇ كونا ئۆيلەرنى يې-ڭىۋاشتىن ياسىتىپ ، توي قىلىپ ، بىر نەچچە باللىق بولىدىغان-لىقىنى ، ھەممە پاھىشە ئاياللارنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتىپ ، پەقەت ئاپامنىلا ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ھەر قانداق پاھىشە ئا-

يالغا ئۆچ [illegible] . بىر پەقەت [illegible] مەكتىپىنى مۇمـ
كىن بولسا ئەتىلا پۈتتۈرسەك ئىكەن ، دېگەن [illegible]
تاقلىققا ئىگە ئىدۇق .

ماۋىس بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ ئۇزۇن كېيىن ئارىدا بىر يىل ئۆتتىغۇ دەيمەن . بىر كۈنى ، ئىككىمىز قەھـۋەخانىغا كىرىپ ، ئالدىمىزغا ئىككى ئىستاكان قەھۋە كەلتۈرۈپ ، بۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇردۇق . شۇ كۈنلەردە ھاۋا بەكمۇ ئىگىز ـ پەس بولۇپ يۇقۇملۇق زۇكام يامراپ كەتتى . دۇففى ئەپەندى ، ئاپام ، دوللور ، مىنتى خانىم ، ئىشقىلىپ بىز تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى زۇكامداپ ، پەقەت ماۋىس بىلەن ئىككىمىزلا بۇ پالاكەت كېسەلگە گىرىپتار بولمىغانىدۇق .

قەھۋەخانىدا يوغان بىر ئەينەك بار ئىكەن . ئەينەككە قارسام ماۋىس بىلەن ئىككىمىز كۆزۈمگە شۇنچە چىرايلىق ھەم تولغان كۆرۈندى . مەن بۇ قىزىقارلىق بايقىشىمنى ماۋىسقا ئېيتىۋىدىم ، ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ :

ــ توغرا ، بىز خېلى رەڭ تۇزەپ قالدۇق ھەم چوڭمۇ بولۇپ قالدۇق . ئەپسۇس ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ، پۇل تاپالايدىغان بولۇشىمىزغا تېخى خېلى يىللار بار ، ــ دېدى .

بىز ئەينەككە قارىغىنىمىزچە ئولتۇرۇپ ـ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق . ئىككىمىز تونۇشۇپ مۇنداق كۈلگىنىمىز تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى . بىز كۈلگەنسېرى شۇنداق ئەدەپ كېتىپتۇقكى ، ئاخىر كۆتكۈچىلەر سىلىق گەپ بىلەن بىزنى قەھۋەخانىدىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى .

ئۆيگە قايتىش يولىمىزدا ماۋىس ماڭا سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى :

ــ تىلتون ، سەن ئاپاڭنىڭ يولى بويىچە پۇل تاپمەن

دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟ ئۇنداق قىلساڭ ، سەن ئەسكى قىز بولۇپ قالىسەن . ناۋادا ، مەن شۇنداق قىلىدىغان بولسام ، دادام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . بەسلىشمەنكى ، ئاپاڭمۇ سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ .

مەن ئۇنىڭغا مەنمۇ شۇنداق قارايدىغانلىقىمنى ، بايام ئويـنىشىپ ئېيتقانلىقىمنى دېۋىدىم ، ئۇ :

ــ ھە ، مۇنــداق دېــمەمــسەن ، بۇ گېــپىڭ جايىدا ، لېـكىن ، ــ دېدى ، ــ لېكىن ، مەن بۇنداق ئەسكى گەپنى چاقچاق دەپ ئاغزىمدىن چىقارسامۇ ، دادام ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا تېـرەمنى تەتۈر سويىدۇ . دادام ماڭا ، ئەرلەر توي كېچىسى خوتۇنىـنىڭ قىز چىققان ـ چىقمىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ ، سەن پاكـلىقىڭنى ساقلىشىڭ كېرەك ، دېگەن .

ــ پاكلىق ؟

ــ ھەئە ، پاكــلىق . قىزلىــقى ، نومۇسى دېگەن گەپ . ھېلىمۇ شۈكۈر دەيمەن ، بۇ گەپلەرنى سەممىگە سېلىپ تۇرىدىغان دادام بار ئىكەن . ئەگەر سەن بىلمىسەڭ ، ئاپاڭدىن سورا ، تىلتون بىز بۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى .

ئىككىلىمىزلا ئىپپەت ـ نومۇس ، جىنسىي مۇناسىۋەت دېـگەندەك گەپلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشماسلىققا كېلىشتۇق . لېكىن ، بىر ئوي ، بالدۇرراق جىققىنە پۇل تېپىپ ئاپامنىڭ ئالدىغا ئاپارسام ، ئۇنىڭغا يۈر ، ئاپا ، مۇشۇ دۇففىنىڭ ئۆيىدىن يىراققا كېتەيلى ، پاھىشىۋازلىرى بولمىغان گۈزەل بىر تۇرمۇشنىڭ قويـنىدا ياشايلى ، دېسەم دەيدىغان بىر ئوي كاللامدىن زادى چىقـمىدى .

ئاپامنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى يامانلىشىپ زۇكام ئۇنى بەكمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . ئۇ بىر نەچچە ھەپتە مېھمان كۈتەلمىدى . دۇففې ئەپەندى ئۇنىڭغا ، مەن ئۇچۇن ئىشلەيسەن ،

كوچىغا چىقىپ ئەر خەق تېپىپ كېلىسەن، دەپ چاپلىشىۋالدى. ئاپام ئۆي ئىجارىسىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاپامغا قاتتىق قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. ئاپام شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم چوڭ كۆڭۈلسىزلىك تارتقانىدى.

شۇ چاغدا مۇدھىش بىر ئىش بولدى. كارۋىر ۋە ناخۇل خېنىملار چىرايلىق ئۆيىدىن كۆچۈپ كېتىشكەنىدى. ئورۇقلاپ كەتكەن ئاپام ساقىدا بىر پال ئاچتۇرۇپ كېلەي، دېگەن تەمەدە بېرىپ، كېيىن تىترىگەن ھالدا ساڭگىلاپ يېنىپ كەلدى ۋە:

— تىلتون، — دېدى مەيۇسانە، — كارۋىر خېنىم بىلەن ناخۇل خېنىملار كۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ۋاي، خۇدايىم، نەگە؟ — دەپ سورىدىم چۆچىگەن ھالدا، — ئاپا، خاتا ئۇقۇپ قالمىغانسەن؟

— ياقەي، تىلتون، خاتا ئۇقۇپ قالمىدىم، ئۆينى چۇۋۇۋېتىپتۇ! ئېيتقىنا، ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشمەيمۇ، خىرۇستال ساقىسىغا قاراپ ئەھۋالىمنى بىلىپ تۇرالارمۇ؟

— بىلىپ تۇرالايدۇلا ئەمەس، چوقۇم بىلىدۇ، ئاپا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

ئاپامنىڭ چىرايىدىن كۈلكىنىڭ يىتكەنلىكى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولدى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، شامال چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

مىنتى خانىم بىلەن دوللورمۇ سالامەتلىكى يامانلىشىپ، ئەر خەقلەرنى كۈتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاپاممۇ، دوللورمۇ، مىنتىمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى. باينىڭسىنىڭ ئۈمىدۋار پاللىرىمۇ ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرەلمەيتتى.

مېنىڭ ئەھۋالىممۇ چاتاق بولدى، چۈنكى ئىشتىيىم يوغىنىغانسېرى، يەيدىغان تۈزۈك نەرسە يوق ئىدى. ئاپام بىلەن

ئىككىمىز ئاشۇ ئايلاردا غاش تېتىيدىغان قوناق بىلەن كالباساغىلا قالغانىدۇق. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر چوڭ ماگىزىنغا يېيىدىغان ئازراق نەرسە سوقۇپ كېلەي دەپ بېرىپ، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپ يېنىپ كەلدىم.

ئەسلى ئوغرىلىق دېگەن يامان ئىش، ھامان بىر پالاكەتچىلىك باسىدىغان يېرى بار، ئادەمنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىدا تۇرمايدۇ، شۇڭا بۇ ئىشنى قىلغۇممۇ يوق ئىدى، لېكىن ئۆيدە ھېچنېمە يوق، قورساق بولسا ئېچىۋاتىدۇ. ھەي . . . ئۆيگە كېلىپ قارىسام ئۈستەلدە بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ. ئوقۇسام، ئاپام بىلەن دوللور شەھەرگە پال ئاچقۇزغىلى كېتىپتۇ.

پال؟ پال دېگەن زادى نېمە گەپ بولغىيتتى؟ لۇغىتىم بولمىغاچقا، ماۋىستىن سورىدىم. توۋا، ئۇنىڭدا لۇغەت بار ئىكەنمۇ، تىتىرىگەن قوللىرىم بىلەن لۇغەتنى ئاختۇرۇپ، ئاخىر مەقسەتكە يەتتىم. «پال» ئېچىش دېگەن ئەسلى پېشانىگە پۈتۈلگەننى ياكى كېيىن بولىدىغان ئىشنى ئالدىنئالا بىلىش دېگەن گەپ ئىكەن.

ئاپام بىلەن دوللورنىڭ بىكاردىن بىكار كازراپ پالچىغا پۇل بېرىدىغانلىقى، ئۇ يەردىن ئاللىقانداق ئۈمىد بىلەن خۇشال قايتىپ كەلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ياخشى ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.

ئاپامنى دۇففېغا تىز پۈكۈپ قالامدىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيتتىم. ئۇنىڭ كوچىغا چىقىپ ئەرلەرگە يېپىشىپ يۈرۈشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، يۈرىكىم جىغىغىدە قىلىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ياشراق جالاپلار تەرىپىدىن چەتكە چىقىرىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىسام ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچاتتى.

ئاشۇنداق ئىچىم قايناپ ئولتۇرسام بىرى ئىشىك قاقتى.

ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسام بىر ئەر كىشى ئىكەن . ئاپا ، ئاپامنىڭ تەلىيىنىڭ كاجلىقىنى قارىمامدىغان . ئاپام كەلگۈچە بۇ كىشى ھەرگىز ساقلىمايدۇ ، ئەمدى .

تۇيۇقسىز كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى . ساراڭ بولۇپ قالغاندەك كىيىملىرىمنى سىلىۋەتتىم ، ھەممىنى سېلىۋېتىپ ، ئاپامنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نىپىز ، ھالرەڭ ئىچ كۆڭلىكىنى كىيىپ ، چېچىمنى كەينىمگە يېيىپلا ئىشىكنى ئاچتىم .

ئۇ ساقاللىق ، ھەممە يېرىدىن ھاراق پۇراپ تۇرىدىغان بەستلىك ئادەم ئىكەن . ئۇ بۇ يەرنى رووېن دېگەن بىرىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى دېدى . مەن ئۇنى ئاپامنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ ، رووېن دېگەن كىشى قانچە پۇل تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندۇ ، دەپ سورىدىم .

ئۇ ئېيتقانلىقىنى دەپ ، پۇلنى پېچىنىڭ تەكچىسىگە قويدى ــ دە ، مەن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە كاپۇر ــ كۇپۇر قىلىپلا مېنى كارىۋاتقا باستى . ئۇ چاپان ، ئاياغلىرىنى سالماي پەقەت ئىشتانىنىلا يەشتى ، ئاندىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەردى . مەن ئۇنى ئالجىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن . . .

كېيىن مەن ئەركىنلىككە چىقتىم . قارىسام ھايات ئىكەنمەن ، لېكىن غەزەپ ۋە پۇشايماندىن چىشلىرىم كاراسلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئادەم كارىۋاتنىڭ قېشىدا ئاغزى كاماردەك ئوچۇق ، چاچلىرى تەردىن چىلىق ــ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا بىر يەرلىرىگە غاچچىدە پىچاق تىقىۋەتكۈم كېلىپ كەتتى .

ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئۇنىڭ ناھايىتى ھودۇقۇپ كەت

كەلىكىنى سەزدىم . ئۇ پەس ئاۋازدا مەندىن :

— قانچە ياشقا كىردىڭ ؟ — دەپ سورىدى . مەن لام ـ جىم دېمەي قاراپ تۇرسام ، ئۇ يەنە سورىدى ، — قانچە ياشقا كىردىڭ ؟

مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىشقا ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم . چۈنكى ، ئاشۇ يىللاردا مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى باسقۇنچىلىق ، جىنسىيەت بىلىملىرى ، شۇنىڭدەك ئەرلەرنىڭ قورامىغا يەتمىگەن قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلسا ، قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا ئا-ئىت گەپ ـ سۆزلەر ئىدى .

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كۈلۈمسى-رىگىنىمچە پەس ئاۋازدا :

— ئەمدى ئون ئۈچ ياشقا كىردىم ، — دېدىم . ئۇ چىرا-يىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ تېنەشلىك بىلەن كىيىملىرىنى كىيىۋات-قان چاغدا مەن يەنە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم ، — بۇ بىنا دوففي ئەپەندىنىڭ . ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ ، مېنىڭ ئۆيدە يالغۇز ئىكەن-لىكىمنىمۇ بىلىدۇ ، سىزنىڭ كىرگەنلىكىڭىزنىمۇ كۆردى . ئۇنىڭ سودىسى مۇشۇ بولغاچقا ، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ . ئاپامنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم . شۇڭا يەنە ئازراق پۇل بېرىڭ . ئۇنىڭغا ئازراق بەرمىسەم ، ھازىر سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىزنى ئۇ ئاپامغا ياكى ساقچىلارغا ئېيتىپ قويىدۇ .

ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ ، ناھايىتى قوپال ئاۋازدا :

— بۇلاڭچىلىققۇ بۇ ، بۇلاڭچىلىق ! مۇنداقمۇ يولسىزلىق بولامدۇ ، — دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە يانچۇقىدىكى پورتمانىنى كارىۋاتقا تاشلىۋېتىپ بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭ ناھايىتى تېز يىراقلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇردۇم . قارىغاندا ، ئۇ كوچىغا يۈگۈرگەندەك مېڭىپ چىقىپ كەتكەنىدى .

مەن خۇددى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندەك كارىۋاتتا خېلى ھازاغىچە يېتىپ كەتتىم ، يۇيۇنۇۋالسام دەپ ئويلايتتىم ، لېكىن ئۇستىخانلىرىم ئۆگە ـ ئۆگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك كارىۋاتتىن قوپالمايتتىم . شۇنداقتىمۇ مەن ئاپام كېلىپ قالسا رەسۋا بولماي دەپ قورقۇپ ، پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ كارىۋاتتىن تۇردۇم ۋە ئېغىر پۇتلىرىمنى سۆرەپ مۇنچىغا كىردىم . دۇشتا يۇيۇندۇم ، لېكىن ئۆزۈمنى يەنىلا تازىلانمىغاندەك ھېس قىلىپ ، ھېلىقى قوتۇر ۋاننىمىزغا ئىسسىق سۇنى لىق تولدۇرۇپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە ھېچ يەرنى ئالا قويماي سوپۇنداپ تازا يۇدۇم .

كېيىن ئۇستىبېشىمنى ئىتتىك سۈرتۈۋېتىپ ، پاكىز ئىچ كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ مەكتەپ فورمامنى كىيىۋالدىم ـ دە ، ھوجرا ئۆيگە كىرىپ ھېلىقى قان دېغى بولۇپ كەتكەن سېسىق كىرلىكنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم . ئۇنى تاشلىۋېتىپ ، ئاپام سوراپ قالسا ، ئۈستىگە سىياھ تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى ، تاشلىۋەتتىم ، دېمەكچى بولدۇم .

مەن ئاپامنى مۇشۇ كىرلىكنىڭ ئۈستىدە ياتقان ھالدا ، ئۇنى ھەر يىلى ، ھەر كۈنى سېسىق تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئەرلەر بىلەن مۇشۇ ئەرزان پۇللۇق يېشىل تاۋار كىرلىكنىڭ ئۈستىدە ياتقان ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتىم ، ھەرگىز خالىمايتتىم .

مەن خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ، بۇ ئىشنىڭ قانداقلارچە بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم . پەقەت كارىۋاتنىڭ ئايىغىدىكى ھېلىقى قارا پورتماننى كۆرگەندىن كې-

يىن ، ئاندىن ئۇ ئىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلىدىم .
راست ، بۇ ئىشنى تېرىغان مەن ، ئۇ ئەمەس ، مەن ئۆزۈم . مۇ-
شۇنداق قىلغاندا پۇل تاپقىلى بولىدۇ ، دەپ ئىشنى تېرىغان ئۆ-
زۈم .

مەن پورتمانىنى ئالدىم ، ئىچىپ قارىسام ، ئىچىدە ئاپامنىڭ
نەچچە ئايدا تاپقان پۇلىدىن جىقراق پۇل بار ئىكەن . كۆزلىرىمگە
ئىشەنمەي يەنە بىر رەت ساناپ باقتىم ۋە رازىمەنلىك بىلەن كۈل-
دۈم . چۈنكى ، مەن بەش مىنۇت ئىچىدىلا شۇنچىۋالا جىق پۇل
تاپقانىدىم . بۇنى ئويلىغىنىمدا بايامقى ئىشنى ئۆزۈمچە ئانچە قور-
قۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىك ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالدىم . ئاپام ،
مىنتى خانىم ، دوللور ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ئىشنى قىلىپ ئازراقلا
پۇلغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمچە ئۇلارنى دىتسىز ،
ئۆزۈمنى ئەقىللىق چاغلاپ كېتىپتىمەن . مەن پورتمانىنىڭ ئىچىدە
ئازراق پۇل قالدۇرۇپ قويۇپ قالغىنىنى تىقىپ قويدۇم .

ئاپام قايتىپ كەلدى . ئۇ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قايتىپ
كەلگەنىدى ، شۇ قەدەر خۇشال ، ئۈمىدۋار . ئۇ دوللور بىلەن بىللە
بېرىپ كۆرۈشكەن گوللاندىيىلىك ھېلىقى پالچىنىڭ گېپىنى قى-
لىپ بەرگەن چاغدا ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى .

— تىلتون ، — دېدى ئاپام ھاياجانلانغان ھالدا ، — ئۇ
بەك دانا ئادەم ئىكەن . ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ ، پۇل سىز ئويلىمىغان
يەردىن كېلىدۇ ، دېدى . بىلدىڭمۇ ، ئۇ شۇنداق دىدى . ئەمدى
قولىمىز پۇل كۆرىدىغان بولدى . ئەمدى غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ ،
كالباسا يەيدىغان ئىشتىنىمۇ قۇتۇلىدىغان بولدۇق . خۇشال بولۇۋا-
تامسەن ، جېنىم بالام ؟

— بۇ بەك ياخشى بوپتۇ . ئاپا ، — دېدىم ، — ئاپا ،
كەچۈر ، كىرلىكىڭگە سىياھ تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى ، ئۇنى تاشلى-

ۋەتتىم . ماڭا خاپا بولارسەنمۇ ؟

— نېمە دەيدىغانسەن ، — دېدى ئاپام قىلچە خاپا بولماي ، — پۇل قولىمىزغا كەلسىلا ، يېڭىسىنى سېتىۋالىمىز ، يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئالىمىز ، تېخى . . .

— ئاپا ، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — كىرلىكنى ئەتە ئەتىگەندىلا سېتىۋالايسەن . قارا ، — مەن ئۇنىڭغا پورتمانىنى بەردىم ، — تېپىۋالدىم ، — دېدىم ئۇنى ئالداپ ، — مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ ، يولدا . . .

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، تاتلىق بالام ! ئەقىللىق بالام ! ئوبدان بالام ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ ، — مانا گوللاندىيىلىك پالچىنىڭ ئېيتقىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندى ئەمەسمۇ ! — ئۇ پورتمانىنى ئېچىپ پۇلنى ساناپ باقتى ـ دە ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئامەت ۋە تۇرمۇش شادلىقى توغرىسىدىكى ناخشىسىنى توۋلاپ ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى .

بىردىنلا مېنى ھېق تۇتۇپ كەتتى ، كەينىدىنلا قۇسۇپ ، چاقىلداپ تىترەشكە باشلىدىم . ئاپام مېنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى ، ئاندىن بىر ئىستاكان سۇ ئەكىلىپ بەردى . ئۇ مېنى يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ قالغان چېغى ، دەپ ئويلىغانىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىقى كىرلىكنى ئاپىرىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتتىم .

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە روھىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق ئىشنى دىت بىلەن قىلىدىغان ، ئاپامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولۇپ قالدىم . ئاپام مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ، مېنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى بالا ، دەپ ، ماختايتتى ـ ماختايتتى . مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، بۇ ئۆزگىرىشكە ئۆزۈمنىڭمۇ ھەيران ئىكەنلىكىمنى ، مەندە تۇرۇپلا ئو-

قۇشقا ھەۋەس، ئىشتىياق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مەۋسۇمدا مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ داۋاملىق ئوقۇپ سودا ئىنىستىتۇتىغا چىقىپ، كەلگۈسىدە پۇلدار ئادەملەرگە كاتىپ بولۇش نىيىتىم بارلىقىنى ئاڭلىغاندا، ماڭا قاراپ كۆزلىرى ئاپتاپتەك يالتىراپ كەتتى ۋە مېنى ئەقىللىق، ئىرادىلىك دەپ ماختاپ، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە نىيەت باغلىيالمايدىغان دىتسىز يارىلىپ قالغانلىقىدىن ئاغرىندى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھامان گۈزەل بولىدۇ، دەپ قاراپ، بوشاڭلىق قىلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈردى.

مەندىكى ئۆزگىرىش ماۋىسنى تېخىمۇ چۈچۈتۈۋەتتى.

— تىلتون، — دېدى ئۇ — سەن ھازىر بۇرۇنقى ئويلىرىڭغا پۈتۈنلەي زىت ئىش قىلىۋاتىسەن.

مەن ھەر ھالدا ماۋىستىن نېرى بولالىغىنىمغا ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۆزۈم ۋە ئاپام ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان بۇ پىلانىم ماۋىسقا خۇشياقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ھەر كۈنى ئوقۇشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ، قەھۋە ئىچكەچ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ پاراڭىغا قۇلاق سالاتتىم، بولۇپمۇ ئۇلار ئىشلەتكەن سۆزلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مەن ۋە ئاپام، يەنە مەن تونۇيدىغان باشقىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ناھايىتى سىپايە ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى، سۆزلىرىنى دورايتتىم.

مەن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزىرىگىمۇ ئىلىندىم. ئۇلار مېنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. قارىسام ھېساب ئوڭاي ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان دەرس ئىكەن، باشقا دەرسلەرنىمۇ كۆپ كۆرۈپ ئەستە تۇتۇۋالسام بولىدىكەن. زېھنىم ياخشى بولغاچقا، بۇمۇ ماڭا تەسكە توختىمىدى.

مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىم مېنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان تەشنا-لىقىمنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆگىنىشتە باشقىلار-نىڭ ئالدىدىراق مېڭىش ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سودا ئىنستىتۇتىغا ئوڭۇشلۇق كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ماشىنكا تېپىپ خەت ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم .

قەھرىتان قىش ئۆتۈپ كەتتى . ئاپام سالامەتلىكى ياخشى-لىنىپ ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى قىلالىغۇدەك بولدى . ئۆتكەن قىتىم بەرگەن پۇلۇمنى ئاپام دوللۇر ۋە مىنىڭ خانىملار بىلەن بىللە خەجلەپ تۈگەتكەچكە ، يوشۇرۇپ قويغان پۇللىرىمدىن ئاپامغا يەنە بىر ئاز بەردىم .

ماشىنكا ئالىمەن ، دەپ قالغان پۇلۇمنى ساناپ باقسام ، ئويلىمىغان يەردە پۇل يەتمىدى ، يەتمىگەندىمۇ جىق يەتمىدى . شۇنىڭ بىلەن تېپىرلاپ قالدىم . مەن ماشىنكىغا موھتاج ئىدىم ، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇلغا موھتاج ئىدىم .

پۇل ! ئىلاھىم ، مەن بىر تاتازا پۇل تېپىۋالسام بولماس-مىدى ! لېكىن ئاپامغا ئوخشاش مەنمۇ ئۆمرۈمدە بىرەر قىممەتلىك بار نەرسىنى يولدىن تېپىۋالغان ئەمەس . پۇلنى نەدىن تېپىش كې-رەك ؟ بۇنىڭ بىر ئامالى بار ، مەن بىلىمەن ، لېكىن . . . ياق ، ئەمدى ئۇ ئىشنى قىلغۇلۇق ئەمەس . شۇ ئىش يۈز بەرگەن قەھرى-تان قىش ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ ئىش ھېلىھەم مۇدھىش چۈشتەك ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق . شۇنداقتىمۇ ، بىر قېتىم ، پەقەت بىر قېتىم . . . ئاندىن كېيىن پەقەت قىلمىسامچۇ ؟

توغرا ، شۇنداق قىلاي ، دېگەن يەرگە كەلدىم . مەن تو-نۇيدىغان ياكى پىرېستان تەرەپكە بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان بىرەرنى ئىندەككە كەلتۈرىمەن دېيىش خەتەرلىك ، چۈنكى بۇ ئىشنى ئاپامدىن يوشۇرۇشۇم ، ئۇنىڭغا ھەرگىز سەزدۈرۈپ قوي-



www.uyghurkitap.com

ماسلىقىم كېرەك ئىدى . ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسام قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىمنى ماڭا ئېنىق ئىدى . بۇنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن ، لېكىن ئاپام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بۇ ئىشنىڭ ھامان خەتىرى بار دېيىشەتتى .

شەنبە كۈنى ئاخشىمى دۇففېنىڭ ئۇ ئەسكى بىناسىدا ئۇ-قەت قىزىپ كەتتى . پورتقا بىر نەچچە پاراخوت كېلىپ قالغاچقا ، ئاپام ۋە باشقا ئاياللار كېچىچە ھېلىقى خىزمىتىنى قىلمىسا بول-مايتتى . بۇرۇن مەن شەھەردە كېچىنى ئۆزۈم يالغۇز ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ، لېكىن بۇ قېتىم شەھەرگە يالغۇز بېرىپ بىر مېھمانخانى-نىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردۇم . ئۇ يەردە بەزى ئاياللار دۇففې-نىڭ ئۆيىگە ئاپىرىش ئۈچۈن ئەر ئوۋلاپ يۈرەتتى .

بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان مەن ئۇلارنىڭ ئەرلەرنى قانداق ئوۋلايدىغانلىقىنى ، ھېلىقى غالچىلارنىڭ بۇ ئاياللارنى قانداق پايلايدىغانلىقىنى خېلى كۆزەتكەنىدىم . ئاپامنىڭ ئايال كىشى سىرتتا يالغۇز ئوقەت قىلغاندا ھەرگىز ئۇنداق خوجايىن ، غالچا ، يالاقچىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىقى كېرەك ، ئۇلار بىز-دەك ئەرنىڭ كۆكىنى سېتىپ جان باقىدىغان تىرىكتاپلار ، دېگەن گېپى ئېسىمدىن چىقمىغانىدى .

مەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۈچىنچى قېتىم چىققان چېغىمدا ، مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كى-شىنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ بېرىپ ، يۇمشاق ئاۋازدا :

— يالغۇز قالغان ئوخشىمامسىز ؟ . . . — دېدىم . ئۇ مەق-سىتىمنى چۈشىنىپ مېنى ياتاققا باشلىدى . مەن ھېچنېمە ئويلى-مايلا كەينىدىن كىردىم . بۇ كاتەكتەك ئۆيدە يالغۇز كىشىلىك بىر كارىۋات ۋە قاسماق بولۇپ كەتكەن بىر داسلا بار ئىدى . بۇ ئا-دەممۇ مەن دۇففېنىڭ بىناسىدا كۆرگەن پاھىشۋازلارغا ئوخشاش

ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ ، بۇرنىدا دەم ئالىدىغان ، قوللىرى ئۇختىماي تىترەپ تۇرىدىغان بىر نېمىكەن . ئۇ مېنى ھەرگىز ئادەم قاتارىدا ئەمەس ، بەلكى شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرىدىغان ئاللىقانداق بىر جابدۇق قاتارىدىلا كۆردى . ئۇ مېنى باپلايمەن دېگەندى ، ئەكـ سىچە ، مەن ئۇنى باپلىۋەتتىم .

— قانچە پۇل ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— بازار نەرخى ، — دېدىم — دە ، ئۇ پۇلنى سىرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇۋاتقان ئارىلىقتا كىيىمـ لىرىمنى بىرىنى قويماي سېلىۋەتتىم . ئۇ چۆچـۈپ كەينىگە داـ جىغىنىچە غۇدۇڭشۇپ كەتتى :

— نېمە ؟ . . . بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ . . .

مەن ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— قـورقماڭ ، — دېدىم ، — ئاۋۋال پۇلنى تولۇق تۆلەڭ .

— تولۇق تۆلەڭ ؟ . . . نېمىنى ؟ . . .

— پۇلنى ، پۇلنى تولۇق تۆلەڭ . ئون ئۈچ ياشلىق بىر كىچىك قىزنىڭ ھەققى ئاران شۇنچىلىكمۇ ؟

ئۆزۈم كـۈلۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، لېكىن ئىچىمدە قورقۇنچ ، شۇ تاپتا ھېلىقى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن پاتسى يادىمغا كېـ لىۋالغانىدى . شۇنداقتىمۇ زورمۇ زور كۈلۈپ تۇراتتىم . مېنى بىر نېمە قىلىۋېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم ، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلـ ماي ، ئەكسىچە قورقتى ، يانچۇقىدىن مەن كۈتكەندىن ئوشۇقـراق پۇلنى ئېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى ـ دە ، خۇددى ئاپامنىڭ قېشىدىن چىققان ھېلىقى ئەر كىشىلەرگە ئوخشاش ھولۇققىنىچە ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى .

مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ پۇلنى ئالدىم ـ دە ، ئۆيۈمگە قايتتىم . ئۇ كىشى ھېچقانچە چېقىلالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆ-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زۆمنى پاسكىنا بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. ئىشىكنى ئىـ-
چىدىن تاقاپ مۇنچىدا يۇيۇندۇم، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە سوپۇننى
بـولۇشىغا سۈرتۈپ يۇيۇنـدۇم، لېكىن ھېچقانداق نەرسە مېنى
ئەمدى تازىلىيالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. بەلكىم، بۇنىڭدىن
كېيىن ھەرگىز ئۆزۈمنى پاكىز ھېس قىلالماسلىقىم مۇمكىن.
ئەي، خۇدا، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست ئەمەس، يالغان بو-
لۇپ چىقسا، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە!

ماشىنكا سىتىۋالىدىغانغا پۇل يەنىلا يەتمىدى. كېيىنكى
شەنبە ئاخشىمى مەن يەنە ھېلىقى رايونغا بېرىپ، كوچا ئايلىنىپ
يـۈرۈپ بىر ئەر كىشىنى ئىندەككە كەلتۈردۈم. ئۇنىڭغىمۇ ھېلىقى
ھـۈنەرنى ئىشلىتمەن دېگەنىدىم، لېكىن ئىش قاملاشمىدى. ئۇ
چۆچىمەيلا قالماستىن، تېخى:
ـــ بـەلـلى، ئۇنداق بولسا ئامىتىم ئوڭدىن كەپتۇ! ـــ
دېدى ـ دە، ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئەپلەپ بولغۇچە، كاپلا قىلىپ
مـېنى كارىۋاتقا باستى. . . بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن پۇلنى
تاشلاپ مەغرۇر ھالدا ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.
ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن مەن يەنە بۇرۇنقىدەك مۇنچىغا
كىرىۋېلىپ بولۇشىغا يۇيۇندۇم. ئاندىن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ
تـارىخ دەرسلىكىمنى كۆردۈم، لېكىن قانچە ئوقۇسامۇ كاللامغا
ھېچنېمە كىرمىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا ئاپام ھۇجرىسىدا مېھمان
كۈتۈۋاتاتتى. بىر سائەت ئىچىدە تۆت ئەر كىشى كىرىپ ھايۋانىي
نەپسىنى قاندۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئاپامنىڭ قانداق دەپسەندە
قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا ئۇلارغا ناھايىتى ئۆچلۈكۈم
كەلدى. ئىچىمدە ئاپامنىڭ دۆتلۈكىدىنمۇ ناھايىتى ئاغرىندىم: ئۇ
نېمىلەرنىڭ ئۇنىڭسىز ئىشى پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن،

ئاپامۇ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىپ ئۇلارغا يۇقىرىراق باھا قويسا بولمامدۇ ، دېدىم .

دۈشەنبە كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن يېتەرلىك پۇلنى ئېلىپ دۇكانغا ماشىنكا ئالغىلى باردىم .

پىرىكازچىك ئايال مېنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ، كەينىمدىن كىرگەن پۇلدار بىر خېرىدار بىلەن بولۇپ كەتتى .

« ئاۋۋال كەلگەنگە ئاۋۋال خېرىدارلىق قىلىش كېرەك ، تىلتون ، ئادىللىق دېگەن مۇشۇ » دېگەنىدى ئاپام . شۇ گەپ ئېسىمگە كېلىپ ، پىرىكازچىكقا نارازىلىق بىلەن ۋارقىرىدىم :

ــ ھوي ، مەن ئاۋۋال كەلگەن ، ئاۋۋال مېنىڭ سودامنى پۈتتۈرمەمسىز !؟

ئۇ مېنى ھەقىقەتەن كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى . بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ پىرىكازچىك بىلەن ماشىنكا توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان پارىڭىنى ئاڭلاپ بىر چەتتە بويۇن قىسىپ تۇردۇم . ئۇلار قىزىغا ماشىنكىنىڭ ئەڭ ئوبدىنىدىن بىرنى ئېلىپ بەرمەكچىكەن .

ــ قىزىمنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي دەيمەن ، ــ دېدى ئاتا بولغۇچى كۈلۈپ تۇرۇپ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، تۇرۇپلا مېنى غېرىبلىق بېسىپ روھىم چۈشۈپ كەتتى . مېنى غېرىبلىق باسقاندىمۇ ئاجايىپ باستى ، بوغۇزۇم خۇددى بىر نېمە سانجىلىپ قالغاندەك ئېچىشىپ كەتتى . مانا ، ئۇ قىزنىڭمۇ دادىسى بار ئىكەن . بۇ كىشى قىزلىرى بار باشقا دادىلارغا ئوخشاش ئۆز قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئىستەيدىكەن . مەن شۇ چاغدا دۇففې ئەپەندىنى ئويلىدىم ، ئۇنىڭمۇ قىزى ياخشى كۆرىدىغان سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىشكە دائىم تەييار تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىدىم ، ئۇنىڭ ماۋىسقا ئىنتايىن كۆيۈنىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى ، ماۋىس بىرەر خاتا ئىش قىلىپ

قويسا ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالدىغانلىقىنى ئويلىدىم. دېمىسىمۇ ماۋىس ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق تەلەپچان ھەم كۆيۈمچان ئاتىسىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ھەمىشە «دادام ماڭا بەك ئامراق» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

مۇشۇلارنى ئويلاپ تۇرۇپلا ماشىنكا سېتىۋېلىشتىن رايىم يېنىپ قالدى. ماشىنكا ئالدىغانغا پۇل تاپىمەن دەپ قىلغان ئاشۇ رەسۋا ئىشلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئۆزۈمگە شۇنداق قاتتىق نەپرىتىم كەلدى، ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلاندىم. پوكەينىڭ ئالدىدىن كېتىپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا باردىم. ئەينەكتە كۆزلىرىم شۇ قەدەر رەزىل، چىرايىم شۇ قەدەر قايغۇلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. توۋا، مەن شۇ قەدەر رەزىل، ئىپلاس قىز بولغىيمىدىم؟ شۇنداق، ئىپلاس بولماي نېمە ئەمسە؟ مەن بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىپ باققانمۇ؟ قىلغىنىم يالغانچىلىق، ئوغرىلىق...

مەن ماشىنكىلار قاتار تىزىلىۋېتىلگەن پوكەينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆلرەڭ خورۇم قاپلىق بىر كىچىك ماشىنكىنى پوكلا كۆتۈردۈم - دە، ماگىزىننىڭ ئىشكىدىن غىپپىدە چىقىپ، كوچىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن كېتىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتىم.

مەن ئۆيۈمگە پىيادە قايتتىم. ئۇ يەردىن پىرىستان كوچىسىغىچە نەچچە چاقىرىم يول بار ئىدى. كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن، خۇددى يۈزۈمنى دەسسەپ ماڭغاندەك كېتىۋاتىمەن، قەدىمىم ئېغىر، پۇتلىرىم بارغانسېرى جىلىڭ تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ...

ئۆيگە كىرسەم، ئاپام پەي قاققۇچ بىلەن ساتسا پۇلغا ئالمايدىغان ئەينەككۇ، فارفوردىن ياسالغان قۇش - پۇش دېگەندەك نېمىلەرنىڭ ئۈستىدىكى چاڭلارنى تازىلىغىلى تۇرۇپتىكەن. ئۇ

قولۇمدىكى ماشىنكىنى كۆرۈپ :

— ۋۇي ، بالام ، كۆتۈرۈۋالغىنىڭ نېمە ئۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ماشىنكا، ئوغرىلاپ كەلدىم ، — دېدىم مەن .

— ئوغرىلاپ ! سەن ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ ؟

قارىسام ، ئۇنىڭ چىرايى ئەپ ئەمەس ، دەرھال گەپنى ياسىدىم .

— ياق ، ياق ! مەن ئوغرىلىق قىلامدىمەكىن ! ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىمىز ماڭا بېرىپ تۇردى ، خەت ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋالاي دەيمەن .

ئاپام ئۇنى ئەجەب ئوبدان مۇئەللىم ئىكەن ، دەپ ماختاپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى .

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇ دۇكانغا بارمىدىم ، ھېچقانداق ئوغرىلىقمۇ قىلمىدىم . ئۇ پۇلغا ئاپام ئۈچۈن ئۆزى قىزىقىدىغان بەزى نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردىم ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماشىنكا قەغىزى ، ماشىنكا ئۆگىنىش قوللانمىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدىم . كېچە ـ كېچىلەپ ماشىنكىنىڭ يېنىدىن قوپماي قول ئۇرۇشنى مەشىق قىلدىم . دەسلەپتە ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى ، لېكىن مەن داۋاملىق مەشىق قىلغاچقا ، ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، بارماقلارنى توغرا ئىشقا سالىدىغان ، خەتنى تېز ھەم خاتاسىز ئۇرىدىغان بولدۇم .

كېيىن مەن تېز خاتىرىلەش قوللانمىسىنى سېتىۋېلىپ ئۇ ھۈنەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم . ئاندىن ئاپامغا :

— سەن سۆز قىل ، مەن ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇراي ، — دېدىم .

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ، تىلتۇن ؟ — سورىدى ئۇ چۈشەن-

مەي .

— سەن خالىغانچە بىر نېمە دەيسەن ، ئاپا ، مەن ئۇ سۆزنى ماشىنكامدا ئۇرۇپ خەت قىلىپ چىقىرىمەن .

— بولىدۇ . ۋاي ، خۇدايىم ، نېمە دەرمەن ؟ توختا ، ئويلىنىۋالاي . بىر نېمە دېسەملا بولىدىغۇ ـ ھە ؟ بۇگۈن ھاۋا بەك ياخشى تىلتون ، ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن ، قەدىرلىكىم ؟

مەن ئۇ گەپلەرنى ئۇرىدىم . ئاپام پەقەت سۆھبەتلەشكەندەك بىر گەپلەرنى دېيەلەيدىكەن . ئاخىر ژۇرنالدىكىنىلا ئوقۇپ بەرسۇن دەپ ئۇنىڭغا ژۇرنال تۇتقۇزۇپ قويدۇم .

ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن ، ئاپام تۇيۇقسىز يىغلاپ كەتتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

— ئاپا ، سەن خەت يازالايسەن ، ماڭا جىق خەت يېزىپ قالدۇرغانىدىڭغۇ ؟ . .

— ياق ، ئۇنى مەن يازمىغان ، — دېدى ئاپام ئېسەدەپ تۇرۇپ ، — دوللور يازغان . . .

ئاپامنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال دەپ تەسەللىي بەردىم ، سېنىڭ كۆڭلۈڭ ياخشى ، دىلىڭ يۇمشاق ، ئۆزۈڭ چىرايلىق ، ھەممە ئادەم ساڭا ئامراق ، دەپ كۆڭلىنى ياسىدىم .

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلدى . مەن ئۇنىڭغا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى كىچىك باغچىغا بارايلى ، دېدىم . بىز قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ ھېلىقى كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە ئاپام :

— قارا ، — دېدى ، — ئاق قۇۋلارنىڭ قانداق ئۈچۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتامسەن ؟ تىلتون ، ئاق قۇ دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق نەرسە ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دېدىم ، — ئاپا ، دېگىنىڭ توغرا ، ئاق قۇ بەك چىرايلىق نەرسە .

— راست ، ھەقىقەتەن شۇنداق . تىلتون ، ئەمدى كەينىمسەم بولمايدۇ ، بۇگۈن ئىككى پاراخوت كەلمەكچىدى . . .

ئاخىر ئۇن بەش ياشقا كىردىم . ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان بولغاچقا ، نۇرغۇن سودا مەكتەپلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئاخىر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كاتتا شىركەتلەرگە ئورۇنلاشقىلى بولىدىغان خېلى نامى بار بىر ئىنستىتۇتنى تاللىدىم .

مەن ئاپامغا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كاتىپ بولۇش نىيىتىم بارلىقىنى ، بۇنىڭغا يەنە بىر ئىككى يىل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتۇيدىم ، ئۇ مەيۈس ھالدا ماۋسىنىڭ ھازىرلا ئىش تېپىپ بىر دۇكاندا ساندۇۋۇچ سېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ :

— ھەي ، تىلتون ، ماۋسىنىڭ خېرىدارلىرىدىن ئالىدىغان تاپان ھەققىمۇ ئايلىقىدىن قېلىشمايدىكەن . قارىغاندا ئۇ ھەم ئەقىللىق ، ھەم پەملىك ئىكەن ، — دېدى .

— ئاپا ، مەنمۇ شۇنداق ، لېكىن ئۇنىڭدىن جىقراق پۇل تاپاي دەيمەن .

— جىقراق پۇل تېپىپ نېمە قىلماقچى سەن ؟

مەن ئۇنىڭغا قىلىدىغان جىق ئىشلىرىم بارلىقىنى ، لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنى مۇشۇ دۇففېنىڭ زېمىنىدىن يىراققا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىش نىيىتىم بارلىقىنى ئېيتتۇيدىم ، ئۇ دەرھاللا گېپىمنى بۆلۈپ :

— ياق ، ياق ، جېنىم بالام ، سەن بىلمەيسەن ، بۇ يەردىن كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ، مەن ئۆلىمەن ، راست ، ئۆلۈپ كېتىمەن ، — دېدى .

— ياق ، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ ، — دېدىم ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ياساپ، — ئۆلۈپ كەتمەيسەن، ئاپا، مەن ساڭا ئاما-
لىنى دەپ بېرەي، بوپتۇ، بۇ يەرگىمۇ لازىم بولغاندا كېلىپ
تۇرارسەن، لېكىن بىز باشقا بىر جايدا، ئوبدان بىر جايدا تۇرۇ-
شىمىز كېرەك.
ئاپام يىغلامسىراپ تۇرۇپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسە،
نۇرغۇن باش قېتىمچىلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتسىمۇ،
كۆچمەن دەپ تىنىچ كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلمايدىغانلىقىنى ئېيت-
تى.
ئۇنىڭ خاپا بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ مەن ئۇ نىيىتىم-
دىن ۋاقتىنچە ياندىم. جىق پۇل تاپىدىغان بىر خىزمەتكە ئېرىش-
كەندىن كېيىن ئۇنىڭغا، ئەمدى سەن ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، دەپ
ئېنىق ئېيتىپ، يىراق بىر جايغا كۆچۈرۈپ كەتسەم بولمىدىمۇ،
دەپ ئويلىدىم.
مەن ماگىزىنغا بېرىپ بىر كۆڭلەك، بىر نەچچە رومالچا،
ئىككى دانە يۇڭ پوپايكا، بىر جۈپ توقاچ پاشنىلىق ئېسىل توپ-
لەي سېتىۋالدىم. بۇ نەرسىلەر قىممەت بولسىمۇ، مەن پۇلنى جا-
يىدا خەجلىدىم، دەپ ئويلىدىم. خەققە ئىشەنچىلىك ۋە ياخشى
تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇ يېڭى كىيىملەرنىڭ رولى بەك چوڭ
ئىدى.
مەن ئۇ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئاپام بىلەن ماۋىسقا كۆر-
سەتكەندە ئىككىلىسى ھەيران قېلىشتى.
— شۇنچە چىرايلىق بويىۇڭغا ئەجەب ياراشىپتۇ، بۇ كى-
يىملەر، — دېدى ئاپام خۇرسىنىپ، — بالام، بۇ كىيىملەرنى
نەدىن تاپتىڭ؟ كىيىم ئالغان پۇل ساڭا نەدىن كەلدى؟
ئاپام مېنى تۇنجى قېتىم يامان يەردىن تۇتۇۋالغاندى،
لېكىن ئويلىمىغان يەردە ماۋىس مېنى بۇ مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇل-

دۇردى :

— تىلتون بۇنى يولدىن تېپىۋالدى ، خۇددى بۇرۇن تې-پىۋالغان نەرسىلەرگە ئوخشاش .

ماۋسىنىڭ يۈزىمۇ ماڭا ئوخشاشلا قىزارمايتتى . ئاپام ئۇ-كىمىزگە تازا ئىشەنمەي بىر قارىۋېتىپ ، ئاندىن :

— ھەر قانچە بولسىمۇ ، تىلتون ، بۇنچىۋالا جىق نەرسىنى بىراقلا تېپىۋالمىغانسەن ، — دەپ قويدى .

شۇ كۈنى كەچتە ماۋسى مېنى بىر چەتكە تارتىپ گەپنى ئوچۇقلا دېدى :

— تىلتون ، ئەمدى ئوغرىلىق قىلىدىغان بولساڭ ، چوقۇم بېشىڭغا بالا تاپىسەن . ئاپاڭنىڭمۇ يۈرىكى خۇن بولۇپ كېتىدۇ . بالا ۋاقتىڭدىغۇ چوڭ ئىش يوق ئىدى ، لېكىن ئەمدى بولمايدۇ . بىز چوڭ بولدۇق .

مەن ماقال - تەمسىللەرنى كۆچۈرۈۋالغان خاتىرەمگە ئامراق . ئۇنى ھەرگىز پاسكىنا قىلغۇم كەلمەيدۇ . بىر كۈنى گرىففىت خېنىم بىلەن ، يەنى ئاق كۆڭۈل ئىنگلىز تىلى ئوقۇت-قۇچۇم بىلەن ھېلىقى داڭلىق سودا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇش توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدىم . دادامنىڭ تۆگەپ كەتكەنلىكىنى ، ئاپامنىڭ ساقسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇدىم ، گرىففىت خېنىم ماڭا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

مەن ئىچىگە ئوقۇش راسخوتى سېلىنغان كونۋېرتنى ئۇ-نىڭغا بېرىۋېدىم ، ئۇ ماڭا تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى يېزىپ بەر-دى . شۇ چاغدىلا بىلدىمكى ، مەن بىر يىللىق ئوقۇش راسخودىغا يېتىدۇ ، دەپ ئويلىغان پۇل بىر مەۋسۇمگە يېتىدىغان پۇل بولۇپ قاپتۇ .

مېنىڭ تۇرمۇش پەلسەپەمنى خەق ئوڭاي چۈشىنەلمەيدۇ ، بۇ ئېنىق . مەن پۇلغا ، ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا موھتاج ! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا كوچىغا چىقىپ ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلغۇممۇ كېلىپ قالىدۇ ، لېكىن ئۆزۈمنى باسىمەن . ناۋادا ساقچىلار تۇتۇۋېلىپ بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ كەتسەم ، ئاپام دۇففېنىڭ مۇشۇ بىناسىدا مەڭگۈ قېلىپ قالمىسۇن دەپمۇ قورقىمەن .

بىر كۈنى دۇففېغا خىزمەت قىلىدىغان ئايلىس ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايال مېنىڭ مېھمانخانا ئالدىدا ئەرلەرگە يېپىشىپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ماڭا ناھايىتى نەپرەتلىنىپ ھەم دۈشمەنلىك قىلىپ ، ئاپاڭغا ئېيتىمەن ، دەپ كېتىپ قالدى .

ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن . ئۇ كەلگەندە ئاپام سىرتقا چىقىپ كېتىپتىكەن . ھەيران قالدىم ، ئۇنىڭ يۈرىكى تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن . ئۇ مېنى بۇزۇۋقتىن ـ بۇزۇۋقا سېلىپ تىللاپ كېتىۋېدى ، مەنمۇ بوش كەلمەي :

— مەن بۇزۇۋق بولسام ، سەنچۇ ؟ — دېدىم . ئۇ مەندەك يېشىدا غۇنچىدەك يۇمران ، شەبنەمدەك پاك تۇرغانلىقىنى ، كېيىن بېشىغا بەختسىزلىكلەر كېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىنى ئېيتىپ ، مېنى يەنە نومۇسسىز دەپ تىللىدى ھەم :

— بۇنىڭدىن كېيىن مەن ياكى باشقا بىرەرىمىز كوچىدا ئاشۇنداق قىلىپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ قالىدىغان بولساق ، ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمىز . بىزنى ئەخلاق بىلمەيدۇ دەپ قالما ، بىز تازا بىلىدىغىنى . سەندەك كىچىك قىزلارنىڭ مۇشۇنداق كوچىغا كىرىپ قېلىشىغا بىز ھەرگىز يول قويمايمىز ، — دېدى .

— نېمىشقا يول قويمايسىلەر ؟ بىزنىڭ سودىمىزنى تارتىپ كەتتى دەپمۇ ؟ — سورىدىم مەن .

— ياق ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ ئۆزى توغرا ئىش ئەمەس ،

نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك تارتىسەن، بالام، ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇق، بۇزۇقچىلىق بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك بىر تۇغقان، ئۆلمەي ئامان قالدىڭ دېگەندىمۇ، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ھەلىڭنى تاپىسەن، لېكىن ئۇ چاغدا قاراپ باقساڭ، ئۆمرۈڭ بىر يەرگە بېرىپ بولغان، ئۆزۈڭ ئەخلەت ـ چاۋاڭنىڭ ئارىسىدا. يېشىڭ چوڭايغاندا ھېچكىم سېنى كېرەك قىلمايدۇ، ئاستا ـ ئاستا تاشلىنىپ، ئاخىر بىر كۈنى جېنىڭدىنمۇ... ھەي، بۇ راست ئىش، نۇرغۇن قىزلار ئاخىر ئىچىپ، چېكىپ، ۋەيران بولۇپ تۈگىدى. بەزىلىرى دورا ئىچىۋالدى... ئۇنىڭدا سەل ئوڭاي ئۆلۈۋالغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئەگەر ئاپامغا دېمىسىلا ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلماسلىققا ۋەدە بېرىۋېدىم، ئۇ ئۆزىگە ۋە ئاپامغا ئوخشاش مۇنداق ئىش بىلەن جان باقىدىغان ئىشنى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

ـــ لېكىن، ئاپام ئۇ ئىشتىن بەك رازىغۇ، ـــ دېدىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

ـــ ئۇغۇ شۇنداق، ـــ دېدى ئايلىس، ـــ ئاپاڭ تۈز كەتكەنلا بىر ئاق كۆڭۈل ئايال، ھېچقانداق ئىشنى يېنىغا ئالمايدۇ، لېكىن ئۇ نادان، سەن بولساڭ ئۇ خىلدىكى ئادەم ئەمەس.

ـــ ئەمىسە، سەنچۇ، ئايلىس؟ ـــ دەپتىكەنمەن، ئۇ يەنە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى ۋە گېپىگە كىرمىسەم، كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن سودا ئىنستىتۇتىغا كىردىم. ئاپام ھەمىشە مېنى ئەقىللىق دەپ ماختايتتى. بىر كۈنى ئۇ مەندىن:

ـــ تىلتون، چوقۇم ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتىڭغۇ

دەيمەن ، ئوقۇشۇڭ پۈتۈنلەي ھەقسىزدۇ ـ ھە ؟ ــ دەپ سوراپ قالدى . مەن :

ــ ھەئە ، شۇنداق ، ــ دەپ جاۋاب بەردىم . راست ، ئاپام بەك نادان ئىكەن ھەم يەنە ئاق كۆڭۈل بولغاچقا خەقنى يالغان سۆزلەيدۇ ، دەپ ھەرگىز ئويلىمايدىكەن .

ئاپام ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيتتى . ھەر قانداق ئىشنى قىلغان بولسىلا قىلدىم ، دەيتتى ، ھەر قانداق ئادەمگە سەممىي ئىدى . شۇڭا ، ناۋادا ئۇ ئاچ قېلىپ بىرەرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسىمۇ ، ھېچكىم ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرماسمىكىن دەيمەن .

مەن ئاپامنىڭ ھالىدىن ئۆزۈملا خەۋەر ئالىدىغان ، ئاپامنى غەمسىز ، خاتىرجەم ياشىتىدىغان شۇ كۈنلەرنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە بەكمۇ ئىنتىزار ئىدىم . بىر كۈنى ئاپام بىلەن ئىككىمىز خالىي قالغاندا ئۇنىڭدىن سورىدىم :

ــ ئاپا ، ئەگەر ئىشلىمەي كىتاب كۆرۈپ ياكى كىنوغا بېرىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولسا ، ئۆزىمىزنىڭ بىر گۈللۈكى بولسا ، شۇ يەردە تاماشا قىلىپ يۈرسەك ، شۇنداق ھايات كەچۈرۈشكە رازى بولاتتىڭمۇ ؟

ــ ياق ، ياق ، بالام ، ــ دېدى ئۇ ، ــ مەن ئۇنىڭغا رازى بولمايمەن . مەن تېخى ياش تۇرسام ، قېرىغىچە ئىشلىمىسەم بولامدۇ !؟ بالام ، سەن مەندىن غەم قىلما ، سەنمۇ ئۆز يولۇڭدا ماڭ ، سەن بەختىڭنى تاپساڭ بولىدۇ .

مەن ئۇنىڭدىن مەنمۇ سەندەك ئىش قىلسام بولارمۇ ، دەپ سورىۋىدىم ، ئۇ چۆچۈپ كەتكىنىچە :

ــ تىلتون ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ بالا دېگەن ئاپىسىغا مۇشۇنداق سۆز قىلامدىغان ، ــ دېدى . مەن بۇ سۆزنى قىلسام نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدىم ، ئۇ بالا ئاپىسىغا بۇنداق سۆز

قىلسا سەت بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، — سىنىڭ ئۇ يولدا ماڭىدىغان ھېچقانداق ئاساسىڭ يوق، دۇنيادا ھېچكىممۇ بۇ يولنى خالاپ تاللىۋالغان ئەمەس، پەقەت ئۇلارنى تۇرمۇش مەجبۇر قىلغان، — دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن بۇ يولغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سورىسام، ئۇ تۈزۈك بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى. پەقەت كىچىك چېغىدا ئاپىسىنىڭ ئۇنى دادىسىغا قالدۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئون تۆت ياش چاغلىرىدا بىر كېچىسى دادىسىنىڭمۇ چىقىپ كېتىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى، كېيىن دادىسىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىنى، بىر كۈنى كەچتە شۇ كىشىگە ياخشىلىق قايتۇرىمەن دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقانلىقىنى دەپ بەردى. كېيىن ئۇ كىشىمۇ يوقاپ كېتىپ يالغۇز قاپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا ئەر كىشىلەر ئولاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى تونۇغاندا ئاران ئون ئالتە ياشتا ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۇرمۇشنى مۇشۇ يول بىلەن قامداپ كەپتۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇنى تاشلىۋەتمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ كۈنگە قالماس ئىكەن. ئۇ مۇشۇلارنى سۆزلەپ بېرىپ:

— قىز بالا دېگەنگە ئاپا بولمىسا بولمايدىكەن، تىلتون، — دېدى.

— ھەر نېمە بولسا، مېنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى بىر ئاپام بار، — دېدىم مەن. ئۇ بۇ گېپىمدىن خۇشال بولۇپ، مېنى باغرىغا باستى.

سودا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۆزۈمگە قاتتىق ئىگە بولۇپ يۈردۈم، دوستمۇ تۇتمىدىم. بۇ ھەرگىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئەسكىلىكىدىن

ئىدى . ئۇلار چاتاق چىقارمايدىغان ، يامان ئىش قىلمايدىغان با-لىلار ئىدى ، ھەممىشە غەمسىز ، خۇشخۇي يۈرەتتى ، ئوغۇللار قىز ساۋاقداشلىرىغا كۆيۈنەتتى . مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇلار ناھايىتى ياخشى ، بەختلىك باللار ئىدى .

مەن بىر ئۇستىلىق ئىشلەتتىم ، ماشىنكىنى بۇرۇن زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك ، سودا دەرسلىكىدىكى تېز خاتىرىلەش دې-گەندەك ئىشلارغا بۇرۇن زادى يېقىن كېلىپ باقمىغاندەك بىر قىد-ياپەتكە كىرىپ ، ئۇ نەرسىلەرنى ناھايىتى بېرىلىپ ئۆگەندىم ۋە ھەش ــ پەش دېگۈچە بۇلاردا پۈتۈن سىنىپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋال-دىم .

ساۋاقداشلىرىم ماشىنكىنى تېزلا ئۆگىنىۋالغىنىمغا سەل ئىچتارلىق قىلىشتى ، لېكىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىم مەندىن نا-ھايىتى رازى بولدى . مەن دەرستە ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە تەقسىم قىلىنالاي-دىغانلىقىنى بىلگەچكە ، مۇشۇ ئۇستىلىقنى ئىشلەتكەنىدىم .

سودا نەزەرىيىسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئىسمى خاررود بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى تەلەپچان ياش ئوقۇتقۇچى ئىدى ، بويى ئېگىز ، ئۆزى ئورۇق ، دائىم كۆزەينەك تاقاپ يۈرەتتى . كى-يىنىشىگىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بېرەتتى . بەك چېچەن ، پاكىز ھەم ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بولغاچقا ، قىزلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى ، بۇنداق چاغلاردا ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى . مەن ئۇنى ھەرگىز زاڭلىق قىلمايتتىم ، ئۇنىڭ دەرسىنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتىم ، شۇڭا ئۇ مەندىن بەك رازى ئىدى .

مەن ئۇنىڭ ھەر كۈنى كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم ۋە بىر كۈنى مەنمۇ شۇ ئاپتوبۇسقا چۈشىۋالدىم . ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن

www.uyghurkitap.com

قەدىناس دوستىنى كۆرگەندەك ماڭا قول پولاكشتىپ قويدى . ئۇ
ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە مەنمۇ كەينىدىن چۈشتۈم . كوچىدا ئېك-
كىمىز بىللە ماڭدۇق . مەن ئۇنىڭغا بىر دوستۇمنىڭكىگە بېرىۋات-
قانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر چېتىدىكى بىر تاشيولىنىڭ
بويىدا ئىكەن . مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كىرىپ ئۆيلىرىنى كۆردۈم .
ئۆيلىرى پاكىز ھەم چىرايلىق ئىكەن .

شۇندىن كېيىن خاررود مەن بىلەن دوست بولۇپ قالدى ،
شۇنداقتىمۇ يەنىلا تارتىنچاق ئىدى . ئۇ ماڭا بەزى ئىشلىرىنى دەپ
بەردى . ئۇنىڭ رۇت دەيدىغان بىر لايىقى بار ئىكەن . ئۇ رۇت
بىلەن توي قىلىشنى خالايدىكەن . رۇت بىر نىشان ئۈزۈكى كۆ-
رۈپ قويۇپتىكەن ، ئۇ رۇتقا شۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ بەرسىلا ئىش
پۈتىدىغان ئوخشايدۇ .

تۇرۇپلا ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى . « قارىمامدىغان ، —
دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ، — خاررودنىڭ پۇلىغا رۇت ئۈزۈك ئالسا
قانداق بولغىنى ، بۇ پۇلنى مەن ئوقۇش راسخوتىغا ئىشلەتسەم ،
ئىش ئوڭ بولمامدۇ ، بۇ پۇل رۇتقا قارىغاندا ماڭا بەكرەك كېرەك .
بۇ پۇلغا چوقۇم مەن ئىگە بولۇشۇم كېرەك . »

سودا ئىنستىتۇتى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى .
بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن خاررود بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قال-
غاندەك كۆرۈشۈپ ، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا بىللە بېكەتكە قاراپ
ماڭدىم .

ئالتۇن بۇيۇملار ساتىدىغان بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەل-
گەندە مەن توختاپ :

— خاررود ، — دېدىم ، — رۇت ئالىمەن دېگەن ھېلىقى
ئۈزۈكنى ماڭا كۆرسىتىپ قويۇڭە .

ئۇ خۇشال ھالدا دېرىزىدىنلا ماڭا ھېلىقى ئۈزۈكنى كۆر-

سنتىپ قويدى . ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك يوغان ئۆزۈك ئىكەن .
ئۇنى كۆرۈپ رۇتنىڭ كۆزى خېلى مال تونۇيدىكەن دەپ قالدىم .
— ئەجەب چىرايلىقكەن ، — دېدىم ، — قولغا تاقىغاندا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتەر - هە ، رۇت تاقاپ كۆرۈپ باقتىمۇ ؟

ئۇ رۇتنىڭ تاقاپ باقمىغانلىقىنى ، لېكىن شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆزۈكنى كۆرۈپ قويغانلىقىنى ھەم شۇنى ئېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن ئۇنى شاققىدە قولتۇقلىۋالدىم - دە ، ئۆزۈمنى ناھايىتى قىزىققۇاتقانغا سېلىپ :

— يۈرۈگە ، خاررود ، كىرىپ كۆرۈپ باقايلى ، ئۇ ئۆزۈكنى مەن قولۇمغا تاقىسام يارىشامدىكىن ، — دېۋىدىم ، ئۇ سەل خاپا بولغاندەك ، قورۇنغاندەك قىلدى . مەن ئۇنى تارتىپ تۇرۇۋالدىم . ئۇ يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ بىزگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاخىر ماقۇل بولدى .

بىز دۇكاننىڭ ئىچىگە كىردۇق . خاررود پىركازچىكقا ئېيتىپ بىز بايام كۆرگەن ئۆزۈكنىڭ ھەر خىللىرىدىن ئالغۇزدى . مەن ئۆزۈك كۆرۈۋاتقان ئارىلىقتا خاررود ياغاچتەك قېتىپ تۇردى . مەن پىركازچىكقا ئېيتىپ باشقا خىل ئۆزۈكلەرنىمۇ ئالغۇزدۇم ۋە قولۇمغا ئۇنى - بۇنى تاقاپ بېقىپ خاررودقا يارىشامدىكەن ، دېدىم .

مەن كۈلۈپ تۇرۇپ خۇددى ئۇنىڭ سىڭلىسىدەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ كەتكەچكە ، پىركازچىكمۇ ماڭا ناھايىتى چىرايلىق مۇئامىلە قىلدى ، خاررودنىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ قورۇنمايدىغان بولدى . بىز چاقچاق قىلىشقاچ ئۆزۈكلەرنى تاقاپ كۆرۈۋاتقان چاغدا پىركازچىكنى نېرىدا بىرى چاقىرىپ ئەكەتتى .

www.uyghurkitap.com

يانچۇقىمدا نەچچە يىللار بۇرۇن بىر دۇكاندىن ئوغرىلىۋالغان بىر
جا ئۈزۈك بار ئىدى. پىرىكازچىك سەل نېرى كەتكەن پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، غاچچىدە ئۈزۈكنى بىر جىلىك ئۈزۈككە ئالماشتۇ-
رۇۋالدىم. كېيىن دۇكاندىن چىقىدىغان چاغدا مەن پىرىكازچىككە
قاراپ بېقىلىڭ، ئۈزۈكلىرىڭىز تولۇقتۇ، دېدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ،
تولۇق ئىكەن، دېدى. خاررود ئۈزۈكنى شەنبە كۈنى چۈشتىن
ئاۋۋال كېلىپ ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پىرىكازچىك بىزنى ئۈزىتىپ
تۇرۇپ، ئەمىسە چوقۇم مۇشۇ يەردىن ئېلىڭلار، دېيۇدى، خار-
رودمۇ چوقۇم مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
لېكىن، شۇنى كېيىپ ئېيتالايمەنكى، شۇنىڭدىن كېيىن
خاررود ئۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا يېقىن يولىمىغان بولۇشى مۇمكىن.
ئەتىسى سىنىپتا ئۇنىڭدىن، ئۈزۈك رۇتقا ياردىمۇ، دەپ سورى-
ۋىدىم، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق بىر قىسما بولۇپ كەتتىكى، ئۇ
قىياپەت تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۆ-
زۈممۇ خىجىل بولۇپ كەتتىم.

مەن ھەر خىل بولۇپ كەتكەن چىرايلارنى كۆرگەن، لې-
كىن ئۇنداق بىر قىسما بولۇپ كەتكەن چىرايىنى زادىلا كۆرمەپتى-
كەنمەن. بىچارە خاررود مېنىڭ نېمە دېگىنىمنىمۇ چۈشەنمىدى،
يانچۇقىدىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھېلىقى ئۈزۈكنى،
مەن دۇكاندىن سوقۇۋېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا تۇيدۇرماي سېلىپ
قويغان ھېلىقى ئۈزۈكنى ئالغاندا، ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ
چۈشەنمىدى.

بىز دەرستىن چۈشۈپ كۆرۈشتۇق. خاررودنى قايىل قى-
لىش ئۈچۈن جىق سۆزلىدىم. ناۋادا ئۈزۈكنى دۇكانغا ئاپىرىپ
بەرسە، جىق باش ئاغرىقىغا قالىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا
ئارتىپ قويىدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ قورققىنىدىن تىترىسىدەك

ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىترىتىپ :

— بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ . . نېمە ئۈچۈن ؟ نېمىشقا مۇنداق قىلىسىز ؟ مەن سىزگە شۇنداق ئامراق تۇرسام ، سىز قاراپ تۇ- رۇپ مېنى . . . ھېچ چۈشەنمىدىم ، — دەپ كەتتى .

مەن ئۇنىڭغا :

— رۇتقا ئۈزۈك ئېلىپ بېرىدىغان پۇلىڭىزنى ماڭا بېرىڭ . مەن ئۇنى ئوقۇش پۇلىغا تۆلىۋېتەي . بىز ئۇ دۇكانغا يېقىن يولـ- مىساقلا ، ھېچ ئىش بولمايدۇ . بۇنى تەكشۈرۈپ تېپىش ئوڭاي ئىش ئەمەس . بىزنى خۇدا ساقلايدۇ ، — دېۋىدىم ، ئۇ « تووۋا - تووۋا ! » دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ كېتىپ قالدى ۋە ئەتىسى ماڭا ئۇ پۇلنى ئەكىلىپ بەردى . بۇ مېنىڭ مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇش راسخوتىمغا يەتكۈدەك پۇل ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگەندىم ، ھېچقانداق ئىشقا دىققىتىمنى بۆلمىدىم . مەن كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى . ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا مېنى نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولغان مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى دەپ ئېلان قىلىشتى . مەن ياخشى باھا يېزىلغان تەۋسىيەنامىنى ئېلىپ ، مەغرۇر ھالدا مەكتەپتىن ئايرىلدىم .

ئوقۇشۇم پۈتكەن كۈنى مەكتەپ مۇدىرى مېنى ناھايىتى ياخشى ئائىلە ئورۇنغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ ھەممىسى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلان- غان جاي ئىكەن .

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ، ھازىرچە ئائىلە ئاي ئاپامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم . ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، ئاپىڭىز چوقۇم سىزدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ ، دېدى .

بىچارە خاررود يەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىپ

قالدى . ئۇ بۇرۇنقىدىن جىق ئورۇقلاپ كېتكەنىدى . مەن ئۇنى رۇت بىلەن توي قىلدىمىكىن دەيمەن . رۇت تويلۇق ئۈزۈكنى ئېلىپ بەرمىدىڭ ، دەپ ئۇنى تاشلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم ئۇنداقمۇ بولمىغاندۇ . ئىشقىلىپ مەن خاررودنى چۈشىنەلمەيمەن . ئۇ بىر بولسا ھېلىقى ئۈزۈكنى تاشلىۋەتتى ، بىر بولسا ئۇنى بىر ئا-ماللار بىلەن ئۆزىنى بىلدۈرمەي دۇكانغا قايتۇرۇۋەتتى .

نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇ خاررودنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى . شۇڭا بۇ ھەقتە ئانچە باش قاتۇرۇپمۇ كەتمىدىم . لېكىن ،مۇمكىنقەدەر ئۇ ئىشنى ئويلىغۇم كەلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ ئىشنى ئويلىساملا خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالىمەن .

مەن سودا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئۈچ ئايغىچە ئاپام تېرىسگە پاتماي يۈردى . ئاپامنىڭ ئەزەلدىن ئۇنداق خۇشال بولغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن . مەن كۈنبويى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدۇم . ئۇ نېمە قىلىمىز دېسە شۇنى قىلدىم .

بىز ھەر كۈنى ۋاقىچە ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق . بىللە باغ-چىغا بېرىپ ھېلىقى ئاق قۇلارنى تاماشا قىلاتتۇق ، ھامبورگ بول-كىسىنى يەپ ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى سېلىشاتتۇق . بىز تېخى كىنو كۆردۇق ، ئاپام ناھايىتى ياخشى كۆرىدى-غان بىر كىنونى كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم كۆردۇق .

ــ ئاپا ، ــ دېدىم ئۇنىڭغا ، ــ سەن بۇ كىنوغا نېمانچە ئامراقسەن ؟ بۇ كىنونى كۆرۈۋېرىپ ، يىغلاپ كۆزلىرىڭمۇ ئىش-شىپ كەتتى .

ــ راست دەيسەن ، ــ دېدى ئاپام ، ــ مەن يىغلىدىم ، بۇ راست . لېكىن ھەر بىر يىغلىغاندا گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ كەت-كەندەك يېنىكلىشىپ قالىدىكەنمەن . ھەممە ئادەم يىغلايدۇ ،

چۈنكى يىغا ئادەمنى، پاكلاشتۇرىدۇ . خاتىرجەم تۇرمۇشتا مۇ-شۇنداق كىنو ، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئادەمنى يىغلاتمىسا ، يىغىغا باشقا پۇرسەت بولمايدىكەن ، سەنمۇ يىغلىشىڭ كېرەك ئىدى ، تىلتون . سەن چوڭ بولۇپ بىرەر قېتىم يىغلىغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم .

مەن ئۇنىڭغا ئۇ كىنونى يەنە تۆتىنچى قېتىم بىللە كۆرۈ-شۈپ بەردىم . ئۇ يىغلاپ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋاتقان چاغدا قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم . مەن ئۇچۇن ئۇ كىنو ئېكرانغا تاش ئاتقۇدەك دەرىجىدە تېتىقسىز كىنو ئىدى . شۇ چاغدا ئاپامنىڭ سېنىڭ يىغ-لىغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم ، دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى . راست ، مەن يىغلاپ باقمىدىم ، مېنى نېمە يىغلىتالايدىغان-لىقىنىمۇ بىلمەيمەن . لېكىن ، مەندە شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق تۇيغۇ باركى ، ناۋادا يىغلىسام ، ئۆزۈمنى يىغىدىن مەڭگۈ توختى-تالمايمەن ، مەڭگۈ . . .

مەن خېلى ئوبدان مەلۇمات ئالغان ئون ئالتە ياشلىق قىز بولۇپ قالغان بولسامۇ ، لېكىن قىلىقلىرىم يەنىلا سەبىي ، گەپ-سۆزلىرىم خۇددى دۇففېنىڭ بىناسىدىكى كىچىك چاغلىرىمدىكىگە ئوخشاش بالىلارچە ئىدى . سىرتتىن قارىغاندا ، مەن ئاپامنىڭ قىزى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ۋە تۇرمۇشتا تۇتقان يولىغا قوشۇلىدىغان-دەك كۆرۈنەتتىم . لېكىن ، يۈرىكىمدىكىنى ئېيتسام ، ئاپامنىڭ تۇتقان يولىغا شۇنچىلىك نەپرەتلىنەتتىمكى ، بۇ تۇيغۇنى پارتلاپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان ۋولقانغىلا ئوخشاتقىلى بولاتتى . ئۇنىڭ نادانلىقىنى ، گوللۇقىنى ئويلىسام ، يۈرىكىم خۇددى پىچاق تىققان-دەك ئېچىشىپ كېتەتتى .

مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن تىتىلداپ كېتەتتىم . كۈنلەر مۇ-
شۇنداق ئۆتۈۋەرسە ، ئاپام دۇففېنىڭ بۇ جايىدىن قاچان كېتىدۇ ؟
بۇ يەردىكىدىن جىق كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنىڭ ئۇنى كۈتۈۋاتقانلىق-
قىنى ئۇ قاچانمۇ ھېس قىلىپ يېتەر ؟ ئاپام تېخى ياش ، مەن ئون
ئالتىگە كىرگەن بولسام ، ئۇ ئەمدى ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردى .
ئۇ شۇنچىلىك ياش ، ياش بولغاندىمۇ ، تۇرمۇشنى پۈتۈنلەي يې-
ڭى ، پاك ۋە ھالال مۇھىتتا ئۆتكۈزەلەيدىغان دەرىجىدە ياش ئى-
دىغۇ !

لېكىن ، ھەممىدىن يامان يېرى ئاپام ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمۇ-
شىدىن ناھايىتى رازى ۋە مەمنۇن ئىدى . شۇ چاغدا ياز پەسلى
بولغاچقا ، ئاپامنىڭ ئوقىتى ناھايىتى باس ـ باس بولۇپ كەتتى .
ئاپام ، مىنتى خانىم ۋە دوللورلار كىيلىۋاتقان ئەر خەقلەرگە يېتى-
شەلمەي قالدى .

دۇففې ئەپەندى بۇ ئالدىراشچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
يەنە بىر قىسىم پاھىشە ئاياللارنى ئەكىلىپ ، بىنانىڭ پايدىلىنىشقا
بولىدىغانلىكى بۆلۈك ـ پۇشقاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى .

ماۋىسىنىڭ ھۇجرىسىنىمۇ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇنى بىر
تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى . ئۇ مېنىمۇ ھۇجرىسىنى بوشىتىپ
بەرسۇن ، دەپ ئاپامغا ئېيتىپتىكەن ، ئاپام دەسلەپتە ئۇنىماپتۇ ،
كېيىن ئاخىر ئۇنىڭغا ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ .

ــ تىلتون ، ــ دېدى ئاپام ماڭا نەسىھەت قىلىپ ، ــ
ۋاقىت ئۇزۇنغا بارمايدۇ . بىكار ئۆزىمىزگە خاپىلىق تېپىۋالمايلى ،
ماقۇل دېسەك ، قانداق ؟

ــ ماقۇل ، ئاپا .

ئاغزىمدا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگىنىم بىلەن كۆڭلۈمدە نا-
ھايىتى خاپا ئىدىم . نېمىشقا دېگەندە ، ئاشۇ كىچىككىنە ھۇجرىدا

مەن ئۇزۇن تۇرغان، ئۇ ئۆينى شۇ قەدەر پاكىز ھەم سەرەمجان تۇتقان، كىتابلىرىم، كىيىم ـ كېچەكلىرىم، ماشىنكام، ھەممىسى جايىنى تاپقانىدى.

ــ تىلتون، ــ دېدى ئاپام، ــ كىيىملىرىڭنى مېنىڭكىگە ئەكىرىپ قويۇپ تۇر، باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك لازىمەتلىكلىرىڭنى مېھمانخانىغا ئاچىقىپ قوي. ئاز ۋاقىتلىق ئىش بۇ.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق ئويلاپ قالدىم: ئاپام كالۋاراق ئايال بولغاچقا مېنىڭ چوڭ بولغانلىقىمغا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مېھمانلىرىنىڭ مەندەك مەكزى لالىرەڭ، كىرپىكلىرى قاپقارا ھەم تال ـ تال، بويى ئېگىز قىزغا ئاچ بۆرىدەك قارايدىغانلىقىنى ئۇ سەزمەيدۇ. ئۇلار مېنى ئىندەككە كەلتۈرۈش قەستىدە ھەممە ئىشقا تەييار. ناۋادا مەن ھوشيار بولمىسام، چوقۇم بىر رەسۋاچىلىق بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ دەردنى قانداق كۆتۈرەلەر؟! ئاپامنىڭ نەزىرىدە مەن يەنىلا كىچىك، شۇڭا مېنى ئۇ قۇتراپ تۇرغان مېھمانلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرسا ھېچ ئادەم چېقىلمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

مەن ئۇ ئەر خەقلەرنىڭ كۆزىگە قارىمايمۇ ئۇچىمدىكى ئاچچىقىمنى ئاران بېسىپ ئولتۇرىمەن. ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىمنى كۆڭلۈمدىن نېرى قىلىش ئۇچۇن كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىمنى ئويلايمەن. ئۇلارنىڭ ئاپامنىڭ يېنىغا كەينى ـ كەينىدىن كىرىشىپ نەپسىنى قاندۇرۇشقاندىن كېيىن يەنە كەينى ـ كەينىدىن چىقىشىپ يولىغا كېتىۋاتقانلىقىغا نەزەر ـ گۈزىرىمنىمۇ سالغۇم كەلمەيدۇ.

ئۇ خەقلەر مېھمانخانا ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرغاندا ئاساسەن بىر ـ بىرىگە قاراشمايدىكەن، سۆزلەشمەيدىكەن. نەپەس ئېلىشلىرىمۇ غەيرىي، ئۆزلىرىچە ئوڭايسىزلىنىپ قوللىرىنى ئۇشقلاپ،

ياقىلىرىنى ئۇيىنىشىدۇ .

ئۇلارنىڭ كۆپى مېنى تونۇيدۇ ، ئۇلار ھەر يىلى دىگۈدەك مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغانلار . شۇڭا مەن بۇ يەردىن يۆتكى-لىپ كېتىدىغان ئىش بولسا ، ئەڭ ياخشىسى بىزگە بۇ ئىسلاس تۇرمۇش تەھدىت سالالمايدىغان باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتسەك بولىدىكەن ، دىگەن كۆز قاراشقا كەلدىم . مەنمۇ ئاپامغا ئوخشاش يەنە باش ئاغرىقى ۋە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشنى خالى-مايتتىم .

ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قېلىپمۇ ھازىرغىچە بىرەر دوست تۇتمىغىنىمغا ئىچىم پۇشماي ، كۆنبويى بىنادىن چىقماي ئولتۇرات-تىم . چۈنكى ، بۇ دۇنيادا مېنىڭ بارغۇدەك ھېچقانداق يېرىم يوق ئىدى . بۇ يەردىن كەتكۈم كەلمەيتتى ئەمەس ، لېكىن نەگە بارى-مەن ؟ ئۆزۈم يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ كېتەي دىسەم تېخى ، ئاپامنى يالغۇز تاشلاپ كەتكۈم كەلمەيدۇ .

مېنىڭ پۇلۇم يوق ، پەقەت ئاپامنىڭ شۇ ئازغىنا كىرىمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىمەن . ئاپامنىڭ شۇ پۇلنى دەپ تارتقان خورلۇقىنى ئويلىسام ، ھەتتا گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي قالىدۇ .

پاھىشە ئاياللارنى ھەرگىز رەزىل دىگۈم كەلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى بىرەر ئەسكىسىنى كۆرۈپ باقمىدىم . ئەكسىچە ، ئۇلار ماڭا ئاق كۆڭۈل بىلىنىدۇ . لېكىن ئۇلار ئاپامغا ئوخشاش نادان ، گول ئاياللار . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن ، شۇڭا ئۇلار ساقچىدىن بەك قورقىدۇ ، لېكىن ساقچىلار بولسا ئۇلارنى پايتىمىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپلا قالماستىن ، تېخى ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس تاپاۋىتىدىن بىر قىسمىنى قاقتى - سوقتى قىلىدۇ . ئۇ ئاياللار دۇففىغا ئوخشاش سولامچىلىق قىلىدى-غان پاھىشىخانا خوجايىنلىرىغا قۇرۇق ئىتائەت قىلىدۇ . بۇ پارا-

زىتلار ئۇلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ تۇرۇپ ، تېخى ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ .

ئاپامنى ئاشۇ هالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكى مەندە هېلىقى قېرى پاھشە ئايالنىڭ قالغان ئىچىنىشلىق كۈننى كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان . نامراتلىشىپ هاراق ـ شارابقا بېرىلىپ كەتكەن ، هەر قانداق جان بېقىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئايالارغا ئاپامنىڭ ئىشىكى هەمىشە دېگۈدەك ئوچۇق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سائادى دەيدىغان بىرى بولۇپ ، ئۇ مېنى تايتاڭلاپ ماڭىدىغان ۋاقتىمدىن تارتىپ تالاغا ئاچىقىپ ئوينىتاتتى . ئۇ يىرتىق ئايىغىنى سۆرىگىنىچە قولۇمدىن يېتىلەپ كوچا دوقمۇشىدىكى ماگىزىندىن ماڭا مارۇژنى ، بەزىدە قەنت ئېلىپ بېرەتتى . سائادى چىشلىرى قالمىغان ، قاقشالدەك ئورۇق ئايال ئىدى ، چېچى قالمىغان بېشىنى ئەسكى ياغلىق بىلەن يېپىپ يۈرەتتى ، تېنى هەمىشە بەتبۇي پۇرايتتى . توققۇز ياش چېغىمدا ئاپام ماڭا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ :

ــ خەقلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كوچىدىن تېپىپتۇ ، تىلتون ، بىچارە سائادى ئەمدى بىزنى مەڭگۈ تاشلاپ كەتتى ، ــ دەپ يىغلاپ كەتتى .

مەن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ :

ــ هەممە ئادەم ئۆلىدۇ ، سائادى ياشايدىغىنىنى ياشاپ بولدى ، يۈز ياش ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن بولدى ، ــ دەپتىمەن ، ئاپام بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ :

ــ ياق ، ياق ، تىلتون ، ــ دەپ كەتتى ، ــ بىچارە سائادى تېخى ياش . . .

ــ ياش ؟ ئاپا ، ئايال كىشىنىڭ ياشلىقى قاچانغىچە بولىدۇ ؟

— ئوتتۇز - قىرىق ياشقىچە ، — دېدى ئاپام چۈشەندۈ-
رۈپ ، — تىلتون ، باغچىغا بېرىپ ھېلىقى ئاق قۇلارنى كۆرۈپ
باقايلى ، شۇ چاغدا بىلىسەن . بۇ ئۇنىڭ شۇلاردەكلا ۋاقتى .

بىر كۈنى ئېرىقتا ئۆلگىنىگە نەچچە كۈن بولغان بىر ئىتنى
كۆرۈپ تۇيۇقسىز سائادىنى ئەسلەپ قاپتىمەن . بۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئۆلگىنىگە تېخى بىر نەچچە كۈن بولغانىدى . مەن نېمە دەيدىكىن
دەپ ئاپامدىن سورىدىم :

— ئاپا ، شۇ تاپتا سائادى قايسى ھالدىدۇر ؟

— سائادى جەننەتتە ، — دېدى ئاپام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ
ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن ، — خۇدايىم ئۇنىڭغا ئاپئاق لىباس كىي-
دۈرۈپ قويىدى . ئۇ پاكلىنىپ بولدى ، تىلتون ، خۇدايىم بىزنىڭ
يۈرىكىمىزنى بىلىدۇ .

— شۇنداقمۇ ، ئاپا ؟

— شۇنداق ، بىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىمىزنى خۇدايىم بى-
لىدۇ ، — دېدى ئاپام ، — بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت ، تىلتون .

بىز باغچىغا كىرىپ كۆل بويىدا قاراپ تۇردۇق . ھېلىقى
ئاق لىباسنىڭ سائادىنىڭ بىچارە تۇرقىغا قانچىلىك ھۆسۈن قو-
شۇپ كېتىدىغانلىقىنى قانچە ئويلىسامۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمى-
دىم .

شۇ چاغلاردا ئاپامنىڭ مېھمانلىرىنىڭ بىرىگە كۆڭلۈم
چۈشۈپ قالدى ، لېكىن مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالارمەن دەپ ئويلى-
مىغان ، شۇ كۈنى چوقۇم ئارىدا بىر شەيتان ئارىلاپ كەتتى .

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ، ئۇ ناھايىتى ياش ھەم مەن
كۆرگەنلەر ئىچىدە ئەڭ قامەتلىك يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ تېنىدىن
يۇيۇنۇپ چىققان چاغدىكى يېقىملىق پۇراق پۇرايتتى . ئۇنىڭ بار-

ماقلىرى ئۇزۇن ، ئالىقانلىرى يۇمشاق ئىدى ، ئاۋازىمۇ ئۇچىسىدىكى كىيىمدەك يۇمشاق ھەم سىلىق ئىدى .

ھەر قېتىم كىتابتىن باش كۆتۈرگىنىمدە كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى . بۇ چاغدا ئۇ كالپۇكىنى چىشلەپ دەرھال باشقا ياققا قارىۋالاتتى . ئاپام ئۇنى چاقىرغان چاغدا ئۇ شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپامنىڭ يېنىغا كىرمەي ئۇدۇل تالاغا چىقىپ كەتتى . دەل شۇ چاغدا بىر ئەر كىشى كېلىپ قالغانىدى ، ئاپام ئۇ يىگىتنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئەكىرىپ كەتتى . ئۆزۈمچە قىزىقىپ تالاغا چىقىۋىدىم ، ھېلىقى يىگىت تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ .

— نېمە بولدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، — مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟

ئۇ ئۆزىنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋىدى ، مەن دەرھال ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۇ ئاچىقىپ بەردىم . ئۇ سۇنى ئىچىپ ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ئىستاكاننى قايتۇرۇپ بەردى — دە ، يولىغا ماڭدى . نېمىشقىدۇر مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم . قولۇمدا ئىستاكان ، بىر يىگىت بىلەن گۇگۇم كوچىدا بىللە كېتىۋاتىمەن . بۇمۇ قىزىق ئىش ئىكەن .

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىچە يېقىملىق كۈلۈپ كەتتى ، ئاندىن مېنىڭ قولۇمدىكى ئىستاكاننى كۆرۈپ :

— ئەكىلىڭ ، مەن كۆتۈرۈۋالاي ، — دېدى . ئىستاكاننى ئۇنىڭغا بەردىم . بىر ئازدىن كېيىن ئاپام ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى باغچىغا كېلىپ قاپتۇق . بىز يۇمشاق چۆپلۈكنى دەسسەپ كۆل بويىغا كېلىپ ئولتۇردۇق .

ئۇنىڭدىن ئۆيدىن نېمىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سورىۋىدىم ، ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ بەردى : ئۇ بىر قىز بىلەن يۈرۈۋاتقا-

نىكەن ، يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ . بۇرۇن ئايال كىشى بىلەن بىللە بولۇپ باقمىغاچقا ، تۇرۇپلا ئۇ ئىشىكنى بىر قىـ لىپ باققۇسى كەپتۇ ــ دە ، سۆيگىنى بىلەن كۆرۈشۈپ قالىشىپ كېلىۋاتقان يولدا تاكسى شوپۇرىدىن ، پاھىشىخانا نەدە بىلەمسەن ؟ دەپ سوراپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن شوپۇر ئۇنى دۇففېنىڭ بىناسىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ .

ــ ئۇ يەردە سىزنى كۆرۈپ بەك خىجىل بولۇپ كەتـ تىم ، ــ دېدى ئۇ ، ــ سىزنى كۆرۈپ جۇدىسىنى ئەسلەپ قالدىم ، شۇڭا ھېلىقى بۇزۇق ئايال ، تەييار بولدۇم ، دەپ ۋارقىرىغاندا بەـ دەر قاچتىم .

ئاپامنى بۇزۇق دېگىنىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە غۇزۇرىدە جۇـ دۇنۇم تۇتتى . كېيىن ، دېمىسىمۇ خەقنىڭ ئۇنى شۇنداق ئاتايدىـ غانلىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى باستىم . يەنە ئۇنىڭ مېنى جۇدىستەك پاك ، سەمىمىي كۆرگەنلىكىنى ئويلاپ كۈلدۈم .

ــ نېمىشقا كۈلىسىز ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ مەندىن .

ــ بىلمەيمەن ، ــ دەپ جاۋاب بەردىم . ئۇ تاماكا تۇتاشـ تۇرۇۋىدى ، چاقماقنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ يەنە ئامراقلىقىم كېلىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن خۇددى سۆز قىلىشقا تەشنا بولۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇنىڭ بىلەن توختىماي پاراڭلىشىپ كېتىپتىـ مەن .

بىز كىتابلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشتۇق ، بەزى ئىشلارغا بولـ غان كۆز قاراشلىرىمىزنىمۇ دېيىشتۇق . ئۇ مەندىن پاھىشىخانىدا نېمە قىلىسىز ، دەپ سورىغاندا ، مەن ئاپامنىڭ شۇ يەردە ھېلىقىـ دەك ئىش قىلىدىغانلىقىنى ، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . ئۇنىڭغا ھەتتا ئوقۇيمەن دەپ خاررودنى قانداق ئەپلىگەنلىكىمنىمۇ دەپ بېرىپتىكەنمەن ، ئۇ كۈلۈپ كەتتى ، ئاندىن ماڭا ، تېزرەك

خىزمەت تېپىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىنىڭ، ئۆزىڭىزنى ئۇنداق ئەسكى ئىشلارغا زايە قىلماڭ، ياخشى ئۆگىنىڭ، ھالال ياشاڭ، دەپ بىر مۇنچە نەسىھەت قىلدى.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم، ئۇ ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، مەن بىلەن تونۇشقىنىدىن ناھايىتى خۇش ئىكەنلىكىنى، مېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز قول تۇتۇشقانچە باغچىدىن چىقتۇق. تۇرۇپلا ئۆزۈمنى ھېلىقى جۇدىسى قىزدەك ھېس قىلىپ قالدىم، يەنە تۇرۇپلا ئۇ جۇدىسقا ئىچىتارلىقىم كېلىپ كەتتى، باغچىنىڭ باش تەرىپىگە چىققاندا مەن تۇيۇقسىز توختاپ، ئۇنىڭ بېلىنى قۇچاقلىغىنىمچە، مەن بىلەن بىللە بولمىسا، ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۇ ھودۇقتى، ئوڭايسىزلاندى، لېكىن مەن بەزدەك تۇرۇۋالدىم. ئۇ مېنى سىز كىچىك دېگەندىمۇ، ياق، مەن چوڭ، دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغانىدىم، ئۇ مېنى ماڭاۋاي، رودىپاي، دەپ ئىتتىرىۋېتىپ كېتىپ قالدى. چۆپلۈككە يىقىلىپتىكەنمەن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ مەنمۇ ئۆيگە قايتتىم.

ئۆيگە كەلسەم، ئاپام يەنە مېھمان كۈتۈپ ئاۋارە ئىكەن، مەن يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا دوللورنىڭ بىر مەستنى يۆلەپ چىقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. دۇففې دېگەن قېرىنىڭ «ئۆھۆ ـ ئۆھۆ» قىلىپ يۆتىلىپ تۈكۈرگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدىم. ئاپامنىڭ كارىۋىتىدىكى كىشىنىڭ ئېھىلدىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كۈلدى، ئاپامۇ قوشۇلۇپ خۇددى يىپىنكلەشكەندەك كۈلۈپ قويدى.

«ھوي، بۇزۇق رەسۋا!» دېگەن خىيال كاللامغا نەدىن كەلدى، شاققىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىمەن.

يېتىمسىراپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئاللىقانداق بىر دوستلار بىلەن بىللە بولغۇم بار، لېكىن مېنىڭ دوستۇم يوق، ھېچقانداق دوستۇم يوق.

مەن بۇرۇن ئەرلەرنى قۇشلىغان سارايغا بېرىپ بىرىنى تاپتىم. ئۇ مېنى ياتاققا ئەكىرگەندە، ئۇنىڭدىن قانچە پۇل بېرىسەن، دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمىغانىدىم، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ:

— سەن بويۇڭنى ئالتۇن چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدىم، — بۇنى ھېلى كۆرىسىز.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ دېگىنىمنى بەردى ۋە مېنىڭ ئەتە يەنە كېلىشىمنى ئۆتۈندى. مەن قوشۇلدۇم، ئەتىسى يەنە كەلدىم، شۇنداق قىلىپ بىز ئۇدا ئالتە كېچە بىللە بولدۇق. ئۇنىڭ دېيىشىچە، خوتۇنى قېرىپ بۇ ئىشنى پەقەت خالىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۈچ بالىسى بار ئىكەن، ئۆي - جايى ۋە خىزمىتىمۇ بار ئىكەن.

بىر كۈنى كەچتە مەن ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى ۋە يېنىدىن چەك چىقىرىپ ماڭا نۇرغۇن نەق پۇل يېزىپ بەردى. مەن چەكنى ئېلىپ ئەتىسى يەنە كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ، ياخشىسى ھەر كۈنى كەلسىڭىز، دەپ قالدى.

مەن كەتتىم، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە بانكىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشىغا، مەن كىرىپ پۇلنى ئالدىم - دە، يەنە بىر پوكەيگە بېرىپ ئۆزۈمنىڭ نامىدا بانكىغا قويۇۋەتتىم.



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن مەن كېيىملىرى رەتلىك، ئۆزى سەل گالۋاڭراق ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرنى تېپىپ ئىككى ئايچە ھېلىقى ئىشنى قىلىپ يۈردۈم.

بىر كۈنى مەن ئاپام بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇزاق سۆزلەشتىم. ئۇنىڭغا ئەمدى بۇنداق تۇرمۇشقا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىمنى، ئىشلەپ ئۇنى باقالىغۇدەك دەرىجىدە چوڭ بولغانلىقىمنى ئېيتىپ:

— بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپ يالۋۇردۇم، — بۇ بەكمۇ تېتىقسىز، مەنىسىز تۇرمۇش ئىكەن.

ئاپام مېنى تېتىقسىز، مەنىسىز دېدىڭ دەپ يىغلاپ، قاقشاپ بىر دەمدىلا كېسەل چىراي بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا چاي تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەنلىكىمنى، مەندە ئۇنداق نىيەتنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتىپ بىرمۇنچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ، مېنىڭ سىرتتىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ، خىزمەت تېپىپ ئىشلىشىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— جېنىم بالام، — دېدى ئۇ يەنە، — مۇشۇنداق چوڭ نىيەتلەرنى كۆڭلۈڭگە پۈككەنلىكىڭدىن پەخىرلىنىمەن، مېنى پات-پات يوقلاپ تۇر. مېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرگىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدىم، — مەن سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، ئاپا.

— مېنى تاشلىۋەتمە، پات-پات كېلىپ تۇر، بولامدۇ؟ — ئۇ يەنە يالۋۇرۇپ سورىۋىدى، مەن كۈلۈپ كېتىپ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم. ئاخىر ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس

قىلغاندەك قىياپەتتە ، — تىلتون ، ئەگەر مەن سېنى كۆرەلمىسەم ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىمەن .

— مەنمۇ شۇنداق ، — دېدىم ، — سەنمۇ مېنىڭكىگە بې-رىپ تۇر . ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرغۇڭ كەلسە تۇرۇۋېرىسەن . ئۇ يەردە سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بۇنداق مېھمانلار يوق .

بۇ گېپىمدىن ئۇمۇ خۇشال بولدى . بىز كەلگۈسىدىكى ئاشۇ يېڭى تۇرمۇش توغرىسىدا بىرمۇنچە پاراڭ قىلىشتۇق . ئە-تىسى ئەتىگەندە ئاپام ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇردى . مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىۋالغان ھامان ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىمنى ، شۇ چاغدا ھېلىقى باغچىدىكى كۆل بويىغا بىللە بېرىپ چىرايلىق كەچكى شەپەقنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماشا قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم .

بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەن چېغىمدا كەينىمگە ئۆرۈ-لۈپ قارىسام ئاپام يەنىلا ھېلىقى يەردە تۇرۇپتۇ ، پۇتىدا ساپما ئا-ياغ ، ئۇچىسىدا كېچىلىك ھال رەڭ خالات ، چاچلىرى گەجگە-سىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن . . . ئۇ شۇ ھالىتى بىلەن كۆزۈمگە ياش قىزلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭشىتتىم ، ئۇمۇ ماڭا قول پۇلاڭشىتتى .

مەن بانكىدىن پۇلنى ئېلىپ تاكسىدا ئۇدۇل مەركىزىي ۋوگزالغا باردىم - دە ، مېلبۇرنىغا بارىدىغان پويىز بېلىتى سې-تىۋالدىم . پويىز ماڭىدىغانغا يەنە بىر نەچچە سائەت بار ئىكەن . شۇ پۇرسەتتە پوچتىخانىغا بېرىپ ئاتكىرىنتكىغا خەت يېزىپ ئاپامغا سېلىۋەتتىم . مەن ئۇنىڭغا ، تەلىيىم ئوڭ كېلىپ ھۆكۈمەت ئورۇن-لىرىدىن بىر خىزمەت تاپتىم ، شۇڭا تېزىملىتىپ قويۇش ئۈچۈن شۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن ، بېرىپلا خەت يازىمەن ۋە ئۆزۈممۇ پات

ئاردا يېنىپ كېلىمەن، دېگەندەك بىر گەپلەرنى يازدىم. بۇنى ئاپامغا چوقۇم دوللور ئوقۇپ بېرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاتاپ يەنە بەزى چىرايلىق گەپلەرنىمۇ يېزىپ قويدۇم. كېيىن پويىزغا چىقتىم. پويىز قوزغىلىدىغان چاغدا تۇيۇقسىز ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم: «مەن نېمە قىلماقچى؟ ئۇ ناتونۇش شەھەردە مەن نېمە قىلالارمەن؟ — مەن يەنە بۇ ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنىمۇ ئويلىدىم، — ھازىر ئون يەتتە ياشقا كىردىم، سالامەتلىكىم ياخشى، چىرايىممۇ قاملاشقان، چاچلىرىم قاپقارا، كۆزلىرىم بۇلاقتەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئەلا دەپ يېزىپ بەرگەن ئوقۇش كۆرسەتكۈچۈم، ھېلىقى داڭلىق سودا ئىنستىتۇتىنىڭ تەۋسىيەنامىسى بار، ئۇنىڭدا مېنى جىق ماختىغان. كۆڭلۈمدە بىر قايناق ئارزۇ بار، بىر نەچچە يىل جاپا تارتىپ ئەجىر قىلسام، ئاخىر ئاپامنى ئاشۇ تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەنغۇ، دەيدىغان، گەرچە ئاپام ئاشۇ تۇرمۇشىدىن نادانلارچە رازى بولسىمۇ.»

شۇلارنى ئويلاپ، تۇرۇپلا مەن ھېچنېمىدىن قورقماس بولۇپ قالدىم، ئۆزۈمنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن ھېس قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاخىر ئارامىغا چۈشۈردۈم. راست، كۆنمەيدىغان شارائىت يوق، ھەممە يەردە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ، ھوشۇمنى تېپىپ يۈرسەم، مەقسىتىمگە چوقۇم يەتمەي قويمايمەن.

مەن ئۇ شەھەرنى بىر قۇر كۆرۈپلا، بولدى، ئەمدى ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرگە سالىۋات، دېدىم. بىر ھەپتىگە قالمايلا خىزمەت تاپتىم. ماڭا ئەڭ كاتتا باشلىق بولىدىغان بلاكلېي ئەپەندى مېنى خۇسۇسىي كاتىپى قىلىشقا سەل ئىككىلىنىپ، يېشى چوڭراق، پىشقان بىرىنى ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا

ھېلىقى تەۋسىيەنامىنى كۆرسەتتىم . ئۇ ئاخىر مېنى بىر ئاي ئىشلىتىپ بېقىشقا ماقۇل بولدى .

بىر ئاي بىر يىلغا ئۆزگەردى . بلاكلىي ئەپەندى مېنى كارامەت كاتىپ ئىكەنسىز ، قالتىس ئىشلەپ بەردىڭىز ، دەپ ماختىدى . خوتۇنىمۇ مېنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ، ئېرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان مەندەك كاتىپقا ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ، ئاخىر ماڭا ئېرىشىپ ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىنى ، ئۆيىدىكى ھەممىسىنىڭ ماڭا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەردى .

شۇ چاغدا پاۋلو بلاكلىي دىرېكتورنىڭ بۇ كىچىك ئېكسپورت شىركىتى ئوبدان باشقۇرۇلۇپ ، تازا روناق تېپىۋاتقانىكەن . خىزمەتداشلىرى بۇ دىرېكتورنى يۇقىرى باھالايدىكەن ، خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ ئون نەچچە ياشلاردىكى ئىككى ئوغلىمۇ ئۇنى قاتتىق ھۆرمەتلەيدىكەن ، دىنىي جەمئىيەتمۇ ئۇنى چوڭ كۆرىدىكەن ، لېكىن ئۇنىڭ شۆپۆك كالپۇك ، يوغان قورساق قىياپىتى مېنىڭ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنەتتى .

— تىلتون ، چىر كاۋغا چەك يېزىپ بېرىڭ ، — دەيتتى ئۇ ھەر جۈمە كۈنى ماڭا . بۇ چەكلەرنىڭ قاتارىدا مەن ئالىدىغان ئازغىنا پۇلنىڭ چېكىمۇ بار ئىدى . مەن چەكنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىمزاسىنى قوياتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئىشلەپ بىر ئايدىن كېيىن ئۇ مېنىڭ قىممىتىمنى تونۇدى . بىر كۈنى ئۇ مەندىن :

— تىلتون ، شەنبىنى نېمە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىسىز ؟ — دەپ سورىدى . مەن شەنبىنى مۇنچىغا چۈشۈش ، تېلېۋىزور كۆرۈش ، كىتاب ئوقۇش دېگەندەك بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى دېدىم .

ئۇ مېنى لايىق تېپىۋېلىشقا ئۇندىۋىدى ، مەن ئوغۇللار بەك قوپال ئىكەن ، ھە دېسىلا ئادەمنى سۆيىمەن ، دەپ تۇرۇۋالىدىـ

www.uyghurkitap.com

كەن، شۇڭا ئۇلار بىلەن دوستلاشقۇم يوق، دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دېدىم.

ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قىزلارنىڭ بەك قېلىنلاپ كەتكەنلىكىنى، لېكىن مېنىڭ بەك نومۇسلۇق ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ كېلىپ، بىر كۈنى تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ئوتتۇرا قولدەك بىر يىگىتكە ئېرىشىدىغانلىقىمنى تەكىتلەپ قويدى.

مەن پاكىز ھەم ئۆيلىرى ئەرزان بىر شەخسىي مېھمانخانىدا ياتاتتىم. ئۈچ ۋاخ تامىقىمنىڭ ھەممىسى بىر ئەرزان ئاشخانىدا ئىدى. ئۇچامغا ئارتىۋالغانلىرىم ئانچە مودا كىيىملەر ئەمەس ئىدى. بۇنىمۇ ئېھتىياجلىق بولمىسام ئالمايتتىم.

مەن بىر كۈتۈپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى ھەل قىلىپ نۇرغۇن كىتاب ئېلىپ ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن قىزىقارلىق نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ماڭا باشقا ئويۇننىڭ كېرىكى يوق ئىدى، تاماشا قىلىشنىمۇ ئويلىمايتتىم. جان ئاۋستېننىڭ رومانلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇيتتۇم. گالسۋورتىنىڭ «فوۋلىس ئائىلىسى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمان فلېۋۇرې فاۋسېت خېنىمنىڭ قاتتىق روھىي ئازابقا دۇچ كەلگەندە، باي دادىسىنىڭ ئۇنى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتەتتىم.

مەن چارلىس دىككېنسىنىڭ ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇدۇم، يەنە بالزاكنىڭ مەن بىلىدىغان تۇرمۇشنىڭ پاسكىنا، رەزىل، قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلغان ۋە قامچىلىغان ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇدۇم. ئاگاتا خرىستىننىڭ رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى ئوقۇغاندا راھەتلەنگەندەك تۇيغۇغا كەلدىم.

ھەر ھەپتىدە ئاپامغا قىسقىغىنا خەت يېزىپ، ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرەتتىم. بۇ خەتنى ئاپامغا دوللور ئوقۇپ بېرىدىغانلى-

قىنى بىلەتتىم . ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئاپام دولىمىزغا بېرىدىغانلىقىمۇ ماڭا ئايان ئىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق ئىدى ، شۇنداق قىلغاندا ئۆزى بەك خۇشال بولاتتى .

ئاپامنىڭ خەت تونۇمايدىغانلىقى راست . شۇڭا ئۇ ماڭا خەت ئەۋەتەلمەيتتى ، لېكىن ئۇن سەككىزگە كىرگەن كۈنۈم ئۇنىڭدىن بىر خالتا تاپشۇرۇۋالدىم . ئىچىدە چۆرىسىگە قارا جىيەك تۇتۇلغان بىر ئىشتان بار ئىكەن ، يەنە كىچىك بالىنىڭكىدەك يېزىلغان بىر خەت بولۇپ ، ئۇنىڭغا : « ئەزىزىم تىلتون ، سېنى سېغىندىم ، سېنى سۆيۈپ ، ئاپاڭ » دەپ يېزىلغانىكەن .

بۇ خەتنى كۆرۈپ دەررۇلا يۇرتۇمغا قايتىپ ئاپام بىلەن كۆرۈشكۈم كېلىپ كەتتى . ئۇنىڭسىزمۇ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان ، ئىككىلىنىپ ئولتۇرىدىغان يالغۇز ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنلەر جېنىمغا بەك پاتقانىدى . ئەگەر كىتاب بىلەن مىلىكە بولۇپ ئۆتمىگەن بولسام ، بۇ تۇرمۇشقا ھەرگىز چىدىمىغان بولاتتىم . شۇنداقتىمۇ كەلگۈسىنى دەپ ، راھەتلارچە ئۆتۈۋاتقان بۇ تۇرمۇشقا چىشىمنى چىشلەپ چىدىدىم .

شىركەتتىكى خىزمەتداشلىرىمغا ئارتۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمايتتىم ، ئۇلار بىلەن پەقەت ھۆرمەتلىشىپ ، مۇناسىۋەتتە سەل ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۆتەتتىم . مەن ئۇچۇن سىرداش دوست تۇتۇش دېگەن يوق گەپ ، ئۇلاردىن ھەتتا ئادەتتىكى دوستمۇ تۇتمىدىم . ئاپام دېگەنگە ئوخشاش ، بەك يېقىن دوستنىڭ پۇت ـ قولغا چۇشەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مەن بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم .

خىزمەتتە قىزلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتىم ، لېكىن ئەرلەرگە سالقىن مۇئامىلە قىلاتتىم . ئىشنى ئوبدان ئىشلەپ بەرگەچكە ، بالاكلىي ئەپەندى مەندىن بەك رازى ئىدى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بلاكلىي ئەپەندىنىڭ پات ـ پات خۇيلىنىپ قالىدىغان مى-
جەزى بار ئىكەن . كېيىنچە ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن تېلېفوندا قى-
لىشقان گەپلىرىدىن ئۇلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنىڭ تازا كۆڭۈل-
دىكىدەك ئەمەسلىكىنى بىلىۋالدىم ھەم بۇنىڭدىن كۆڭلۈمدە ناھا-
يىتى خۇشال بولدۇم .

بىر كۈنى ئۇ خوتۇنىغا تېلېفوندا مۇنداق دېدى :

ـــ سۆيۈملۈكۈم ، ئۇنچە ئازابلانماڭ ، ھېچقىسى يوق .
ھەيز كېسىلىش دەۋرىدە مۇشۇنداق بولىدۇ . بۇنى ئىككىلىمىز بى-
لىمىز . مەن توغرا چۈشەنگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ ، سۆيۈملۈ-
كۈم ، بۇنى مەن چۈشىنىمەن . سىزمۇ ئۇ ھالەتكە كۆنۈپ قال-
سىز ، دوختۇرنىڭ تاپىلىغىنى ئېسىڭىزدە بولسۇن . ماقۇل دەڭ ،
ئۇنداق ھودۇقۇپ كەتمەڭ . . .

ئۇلار ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىدى . بۇ تەرىپىمۇ مېنى
خۇشال قىلدى . بلاكلىي ئەپەندى ناھايىتى نەمۇنىلىك ئەر بو-
لۇپ ، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ تۇرسىمۇ ، ئابرۇيىغا قىلچە داغ
تەگكۈزۈپ قويۇشنى خالىمايتتى . مۇشۇلارنى ئويلاپ كاللامغا بىر
خىيال كەلدى . مەن پەقەت پۇرسەتكىلا قاراپ قالدىم .

يىللىق ھېسابات بوغۇلىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ بىز بەك
ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرھال بىر
تەرەپ قىلمىسا بولمايدىغان بىر نەچچە پارچە ئالاقىنى قەستەن
بېجىرمەي قويۇپ قويدۇم . خىزمەتتىن چۈشىدىغان چاغ يې-
قىنلاشقاندا ئاۋۋال ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقتىم ، ئاندىن ئىشخانىغا
كىرىپ ، كېتىدىغاندەك قىياپەتتە سومكامنى ئالدىم ـ دە ، تۇيۇق-
سىز بارماقلىرىمنى قارىسلىدىتىپ « ئاپلا » دەپ ۋارقىرىۋەتتىم .
مېنىڭ پەرىشان ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بلاكلىي ئەپەندى ئۇستەلدىن

بىشنى كۆتۈرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى . مەن خىجالەت بولغان هالدا ، بىر نەچچە پارچە جىددىي ئالاقىنى بىجىرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم ، ئۇ سەل بىر قىسما بولۇپ قالدى . مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغاندا ، ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئادەتتە مېنىڭ مەسئۇلىيەتچان ئىكەنلىكىمنى ، بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەك خاپا بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، مېنىڭ هازىر ئىشخانىدا بىللە ئولتۇرۇپ ئۇ ئىشلارنى بېجىرىۋەتسەم بولىدىغانلىقىنى دېدى .

مەن ئۆزۈمنى بەك ئوسال بولغاندەك تۇتتۇم ، لېكىن كۆڭلۈمدە بەك خۇشال ئىدىم . پەلتويۇمنى سالدىم ـ دە ، بلاكلىپي ئەپەندىگە ئۇدۇل ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم .

خىزمەتنى ئەمدى باشلايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا تازىلىق قىلىدىغانلار كىرىۋىدى ، بلاكلىپي ئەپەندى ئۇلارنى قول ئىشارىتى بىلەن چىقىرىۋەتتى . ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئۇنئالغۇغا ئالمايلا ئۇدۇل يازسام تېزرەك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم . ئۇ سەل ئىككىلىنىپ قالدى . شۇ چاغدا مەن جىددىيلىشىپ كەتتىم . خەيرىيەت ، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ « ئۇھ » دېدىم . ئۇ خوتۇنىغا تېلېفون بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆيگە كەچرەك قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— سۆيۈملۈكۈم ، قاچانراق قايتىسىز ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى تېلېفوندا .

— بىرەر سائەتتىن كېيىن قايتارمەن ، سۆيۈملۈكۈم ، — دېدى ئۇ ، ئاندىن تېلېفوننى قويۇپ مەن بىلەن ئىشقا كىرىشتى .

ئۇ دەپ بېرىدىغان گەپنى ناهايىتى ئەزمىلىك بىلەن دېگەچكە ، بىر سائەت ئۆتۈپمۇ يازىدىغان خەت تۈگىمىدى . شۇ چاغدا يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى . بلاكلىپي ئەپەندى ، ئارامىمدا

ئىشلىگىلى قويۇڭ، دەپلا تېلېفوننى جاققىدە قويۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ خوتۇنىدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. كەينىدىنلا:

— ئىلتون، — دېدى ئۇ ماڭا، — مۇشۇ خوتۇن خەقلەر ئەرلەرنىڭ ھالىغا زادى يەتمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇلارغا كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بولسىلا بولدى، خوتۇن خەقنىڭ بۇرچى زادى نېمە، بۇنى ئۇلار ھەرگىز بىلمەيدۇ.

مەن كۈلۈپ قويۇپ، سىز تاماققا بارمىغاندىن كېيىن ئەنسىرىگەندۇ، دەپ قويدۇم.

— قارىغاندا چارچىغاندەك تۇرىسىز، — دېدىم يەنە، — ۋىسكىدىن بىر رومكا ئىچىپ قويامسىز؟

ئۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن يېقىنچىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىشخانىدا ھاراق ئىچمەيتتىم، بۇ قېتىم قائىدەمنى بۇزىدىغان بولدۇم. قېنى، بىر رومكا قۇيۇڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا كۈچلۈك ھاراقتىن لىپمۇلىق قىلىپ بىر رومكا قۇيۇپ بەردىم. ئۇ مېنى بىرەر رومكا مېۋە ھارىقى ئىچىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، مەن:

— ياق، بولمايدۇ، ئەپەندى، رەھمەت، مەن پەقەت ھاراق ئىچىپ باقمىغان، — دەپ تۇرۇۋالدىم.

ئۇ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، ھازىر بۇنداق يۈزى تۆۋەن قىزلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى دەپ كېلىپ، گۈپلا قىلىپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى، كەينىدىنلا ئۇنى ھېق تۇتۇپ كەتتى. بۇ ناھايىتى جېنى بار ۋىسكى ئىدى. بىز يەنە بىر سائەت ئىشلىدۇق. شۇ ئەسنادا يەنە تېلېفون جىرىڭلىۋىدى، ئۇ خوتۇنىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە، تاراققىدە قىلىپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى.

ئۇ لىپمۇلىق ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى ، قۇرۇق رومكىنى يەنە تەڭلىۋىدى ، مەن يەنە ئۇنىڭغا يېرىمراق قۇيۇپ بەردىم . ئايار-لىق ئالاقىلەر يېزىلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى قالغاندا ، مەن ئۇنىڭغا :

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ ، نېرىقى ئۆيگە چىقىپ ئاسپىرىن ئىچىپ كىرسەم ، — دېدىم .

— تېز چىقىپ كىرىڭ ، — دېدى ئۇ .

مەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ، چېچىمدىكى چازىلارنى ئې-لىۋېتىپ ، چېچىمنى قويۇۋەتتىم ، كوپتامنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى تال تۈگمىسىنىمۇ ئېچىۋەتتىم ، ئىچىمگە باغىرداق تاقىمىغانىدىم .

مەن تاماكا ئىسى ، هاراق پۇسى بىلەن تولغان ئىشخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە ، ئۇ بۇرۇن مېنى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى .

— توۋا ، سىز چىرايلىق قىز ئىكەنسىز جۇمۇ ، — دەپ كەتتى ئۇ مېنى يۈزۈمچىلا ماختاپ .

مەن چېچىمنى كەينىمگە سىلىكىپ قولۇم بىلەن سىلىغاچ :

— بۇنى باشقىچە ئۇيلاپ قالماڭ ، چېچىمنى مۇشۇنداق ئازادە قويۇۋەتسەم ، بېشىمنىڭ ئاغرىقى سەل يەڭگىللىگەندەك بو-لۇپ قالىمەن ، — دېدىم .

ئۇ مەن يازىدىغان گەپنى تېخىمۇ ئاستا دېيىشكە باشلىدى ، مەندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى ، لېكىن هەر قېتىم ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا دەرهال كۆزىنى باشقا ياققا ئەپقاچاتتى . ئاخىر ئۇ سۆزىنى تۈ-گەتتى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ تۇيۇقسىز پۇتلىشىپ كەت-كەندەك ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدىم . ئۇ مېنى يۆلىگەندە جايىمدىن قىمىرلىمىدىم . ئۇ مېنى كۈچەپ كۆتۈردى . مەن تورمىغاچقا پۇت-لىرى دىرىلدەپ كەتتى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بېلىگە ئېسىلىۋالدىم .



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ چاچلىرىمنى سىلىغاندا قوللىرى تىترەپ كەتتى .

ئارىمىزدىكى بۇ ئوڭايسىز هالەت ناهايىتى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلدى . تۇرۇپلا ئۇ هېسسىياتلىنىپ مېنى قۇچاقلاپ كۆكتۈر گىنىچە باغرىغا باستى . مەن يۇمشاق قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ، سەتەڭلەر هېلىسى ئارقىلىق پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتىم .

بىلاكلېينىڭ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ ، سىلاشلىرى جېنىمغا تەگدى . مۇزدەك جا چىشلىرى لېۋىمگە تەگكەندە چىدىماي ، قۇچىقىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ قاچتىم . ئۇ مېنى قوغلىدى . مەن ناز قىلىپ ، ئۇنداق قىلماڭ ، دەپ تۇرۇۋالدىم . ئۇ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي چىراغنى ئۆچۈرۈپ يەنە ماڭا ئېسىلدى . پۇتلىرىمىز قولاشمىغان هالدا مېڭىپ سافاغا باردۇق . شۇ ئارىلىقتا چاققانلىق بىلەن ئۇنىئالغۇنى ئېچىۋەتتىم . . .

مەن كىيىملىرىمنى كىيگەچ ئۇنىئالغۇنى ئۆچۈرۈۋەتتىم ، ئاندىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ، ئۇ بىنادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىۋالدىم ، كېيىن ئىشخانىدىكى مالىماتاڭچىلىقنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، كاتىپلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلدىم ، يەنى هېلىقى خەت ــ ئالاقىلەرنى كونۋېرتقا سالدىم ــ دە ، ئاپىرىپ پوچتىخانىغا سېلىۋەتتىم .

ئەتىسى بىلاكلېي ئەپەندى ئىشخانىغا كىرگەندە مەن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ خىزمىتىمنى قىلىۋاتاتتىم . تۇرقىدىن ئۇ ناهايىتى ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن :

ــ ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، ئەپەندى ، ــ دەپ سالام بەردىم . بۇ مېنىڭ خىزمەتكە چۈشكەندىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىم ئىدى ، ــ ئاخشامقى خەتلەرنى پوچ-

www.uyghurkitap.com

تىغا سىلىۋەتتىم ، — دېدىم يەنە ، — كەچۈرۈڭ ، بىپەرۋالىق قىلىپ سىزنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم .

ئۇ يېنىكلەشكەندەك چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋەتتى ، ئاندىن ئەتىگەندىلا نۇرغۇن خەتلەرنىڭ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالغاندەك بىر قىلىقلارنى قىلىپ ، ساختا بىر ئاھاڭ بىلەن :

— قېنى ئەمسە ، ئىشىمىزنى باشلايلى ، — دېدى .

— ماقۇل ، — دېدىم ـ دە ، تارتمىدىن يېڭى لېنتىدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سالماقچى بولدۇم .

— توختاڭ ، — دېدى ئۇ ، — ئاخشامقى لېنتىنى نەگە قويدىڭىز ؟ سىز بىلىسىز ، ئۇنى تېخى ئىشلەتمىگەنىدۇق ، توۋا ، سىزمۇ بىپەرۋا بولۇپ قاپسىز ـ ھە !

ئۇنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە قىلىقلىرىدىن ئەمدى مېنى تاشلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالغاندىم ، شۇڭا دەررۇلا :

— ياقەي ، بالاكىلىپى ئەپەندى ، — دېدىم ، — مەن بىپەرۋالىق قىلىۋاتقىنىم يوق ، ئەكسىچە سىز بىپەرۋالىق قىلىۋاتىسىز ، شۇنداققۇ دەيمەن ؟

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى . ئاخىر ئۇ گېپىمنىڭ تېگىگە يەتتى بولغاي ، چۆچىگىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى . مەن سىرلىق ھالدا :

— ئاخشام بىز سافادا بىر ئىش قىلىۋاتقاندا ئۇ لېنتىمۇ ئىشلىدى دەگە ، — دېۋېدىم ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . مەن تەمكىن كۈلۈپ قويۇپ ، لېنتىغا ھەممە نەرسىنىڭ ئېلىنىپ قالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ مېنى بۇلغىغانلىقى سەت ئىشلا ئەمەس ، بەلكى چوڭ رەسۋاچىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسكەرتتىم ، ئارقىدىن يەنە كۈلۈپ قويدۇم . بالاكىلىپى ئەپەندى ماڭا قاراپ مۆلدۈرلەپ ئولتۇردى . مەن ئەمدى مېلبورندىن سىد-

نېيغا كېتىدىغانلىقىمنى ، بۇ ئىش ئۇچۇن ئۇ ماڭا جىق پۇل بەر-مىسە بولمايدىغانلىقىنى ، يەنە ئۇبدان بىر تەۋسىيەنامە يېزىپ بەر-مىسە ئۇنىمايدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتتىم .

شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلىدى . ئۇ تېلېفوننى ئالدى . كېيىن ئېيتىمەنكى ، شۇ تاپتا ئۇ كىم بىلەن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى .

مەن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئىشخانىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردۈم . ئۇ بولسا دىققاق قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە بې-شىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . كاللىسىدا قاتتىق توقۇنۇش بو-لۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى .

ئاخىر مەن گەپنى ئۇچۇقلا قويدۇم :

ــ بىلاكلېي ئەپەندى ، مەن پۇل بىلەن تەۋسىيەنامىنى ئالغان ھامان لېنتىنى سىزگە بېرىپ بۇ يەردىن كېتىمەن . سىزگە ئۇچۇق ئېيتاي ، سىزگە خۇسۇسىي كاتىپ بولغاندىن بېرى مۇشۇ كۈننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاز تىرىشمىدىم .

ئۇ مەندىن خۇددى قىيامەتنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى . دېمىسىمۇ ، خوتۇن ـ بالىلىرىغا ۋاپادارلىق بىلەن كۆيۈنىدىغان ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ ھېسابلايدىغان بۇ ئادەم ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىدىغان خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتسا ، گاڭ-گىرىماي قانداق قىلسۇن . ئاخىر ئۇ مېنى ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆچ-لۈك بىلەن تىللىۋەتتى :

ــ ۋۇ ، بۇزۇق قانجۇق !

ــ ئىككىلىمىز بۇزۇق ، ــ دېدىم مەن تەمكىن ھالدا ، ــ پەرقىمىز : سىز پۇلى بار بۇزۇق ، مەن پۇلى يوق بۇزۇق .

كېيىن مەن ئۇنىڭغا چەك يېزىپ بەرسە بولمايدىغانلىقىنى ، نەق پۇل ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ، چۈنكى چەكنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىش ئوڭاي ئىش ــ دە !

ئۇ جىققىنە پۇل سېلىنغان پولات ساندۇقنىڭ ئالدىغا پۇتلىرىنى سۆرەپ بېرىپ ، پۇلنى سانىغاچ ماڭا توڭلۇق بىلەن :

ــ ئەمدى لېنتىنى چىقار ، ــ دېدى .

ــ ياق ، يەنە سەل تەخىر قىلىڭ ، ــ دېدىم ، ــ ماڭا يەنە تەۋسىيەنامە يېزىپ بېرىسىز .

تەۋسىيەنامە يېزىش ئۇنىڭغا پۇل ساناشتىنمۇ تەسكە توختىدى . مەن ئۇ يازغان تەۋسىيەنامىنى ئوقۇپ چىقىپ ، پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتىۋەتتىم ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ :

ــ ماڭا بۇنىڭدىن ئوبدانراق يېزىپ بېرىشىڭىز كېرەك ، ــ دېدىم . ئۇ ئامالسىز يەنە بىرنى يازدى . بۇ ئالدىنقىسىغا قارىغاندا جىق ئوبدان يېزىلغانىدى .

ــ بالاكلىبي ئەپەندى ، ئىمزايىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز ، ــ دېدىم . ئۇ ئىمزاسىنى قويدى . مەن پۇل بىلەن تەۋسىيەنامىنى سومكامغا سالدىم .

مەن بىنادىن چىقىپ كەتكۈچە ، ئۇ لېنتىنى ئاڭلىسا قايسى ھالغا چۈشۈپ قالار ، دەپ ئويلىدىم . چۈنكى ، ئۇ بايام ئىشخانىغا كەلگۈچە مەن ئۇ لېنتىنى ئاڭلاپ باققان ھەم ئەرۋاھىم ئۇچۇپ ئولتۇرغان ئەمەسمۇ ! لېنتىغا تۈزۈك ھېچنېمە چىقماپتۇ . ئۇنىڭدا دەستەك قىلىۋالغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى .

« ئۇ كالۋا پاھىشۋاز ئوغرىنى ئەجەب جايلىدىم » دېدىم ئىچىمدە .

مەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل ئايرودرومغا قاراپ ماڭدىم . تۈنۈگۈن ئاخشاملا بىلەت ئېلىپ ، چامادانلىرىمنىمۇ ئۇ يەرگە ئا-

پىرىپ قويغانىدىم .

دۇففې ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلىنىش تۇگۇل ، تۇ-زۇكرەك يېپىپمۇ قويۇلمايتتى . ئاپامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەت-كەچكە كوچىدىن يۇگۇر گىنىمچە ھويلىغا كىردىم ، لېكىن كىرىپلا بۇرنۇمغا بىر بەتبۇي پۇراق پۇراپ جايىمدا توختاپ قالدىم . بەزى-لەر زەي پۇراپ تۇرغان ئۆيلەردە سۇۋەرەك ئۆلتۇرۇپ يۇرەتتى ، بەزىلىرى كىيىم ـ كېچەك ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا يېيىۋا-تاتتى . مەن دالانغا كىرىپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتىم ، شۇ ئەسنادا ئاپام ھۇجرىسىدىن چىقتى . پۇتىدا ساپما ئاياغ ، ئۇچىسىدا بىر يىل بۇرۇن مېنى ئۇزاتقان چاغدا كىيىۋالغان ھېلىقى ھال رەڭ كېچە-لىك خالات ، پارقىراق سېرىق چاچلىرى دولىسىغا يېيىلىپ تۇراتتى .

ئىشىكتىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئاپامنىڭ كۆزىنى چاقنى-تىۋەتكەچكە ، ئۇ قولى بىلەن ئاپتاپنى توسۇپ مەندىن سورىدى .

ـــ كىمنى ئىزلەيسىز ، ئەزىزىم ؟

مەن چامادانىمنى قويۇپلا ئۇچقاندەك يۇگۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

ـــ ئاپا ، بۇ مەن ، مەن قايتىپ كەلدىم ، مەن تىلتون . . . ـــ دەپ ۋارقىرىدىم .

بىر سائەتكىچە ئاپام مەن كەتكەندىن بۇيان بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ توختىمىدى . ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردەم يىغلايت-تى ، بىردەم كۈلەتتى .

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ كۈلۈپ ، چاي ئىچىپ ئول-تۇردۇم . ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ يەنە بىر سائەت ئۆتتى . ئاپام ماڭا يەنە بىر چەينەك چاي دەملىدى ، كېيىن تۇيۇقسىز ئوڭاي-

سىزلىنىپ :

— قارا ، تىلتون ، توختىماي كاپىلداپ كەتكىنىمدە ، — دېدى ، — مەن مۇشۇنداق بىر سۆزلىسەم زۇۋانىمنى يىغالماي قالىمەن ، ئەمدى سەن پاراڭ سېلىپ بەر ، ماقۇلمۇ ؟

مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىم ھەققىدە پاراڭ سېلىپ بەردىم . ئۇ ماڭا كۆزىنى مىت قىلماي قاراپ تۇردى ، لېكىن قوللىرى جىم تۇرمىدى ، كېچىلىك خالتىنىڭ يىپىنى بىردەم چىگىتىپ ، بىردەم بوشىتىپ تۇردى .

— ھە ، راست ، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ ، — دوستلىرىڭنىڭ پارتىگىنى سېلىپ بەرگىنە ، ئۇلار قانداق تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ ؟

— بۇنىڭغا نېمە دەي ئەمدى ، ساڭا دەپ بېرەلەيدىغانلىرىم مۇشۇ ، ئاپا . ئۇ يەردە مەن ھېچكىمنى دوست تۇتمىدىم .

كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئۇ يەردە ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئۆيۈم ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم ، ئۆيۈمنىڭ پاكىز ، رەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ دېدىم ، ئىشقىلىپ دېمىگەن گېپىم قالمىدى . بىر ھازا-غىچە بىز جىمىمدە ئولتۇرۇپ كېتىپ ، كېيىن تەڭلا سۆزلەپتۇق . مەن ، ئاپا ، ھېلىقى گەپنى دەپ بەرسەڭ ، دەپتىمەن . ئۇ ، مەن ساڭا ھېلىقى ئىشنى دەپ بېرەي دەپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىپتۇق .

ئاپام ماۋىسىنىڭ قارا ماشىنا ھەيدەيدىغان بىر شوپۇر يى-گىتكە تەگكەنلىكىنى ، مىنتى خانىم بىلەن دوللور ئىككىسى بىر-لىشىپ ماۋىسىنىڭ تۇغىدىغان بالىسىغا زەرجىيەك تۇتۇلغان ئوخ-شاش بىر جۈپ يىپەك يۆگەك سېتىۋالغانلىقىنى دەپ بەردى . مەن ئىچىمدە « ئەگەر مەن ئالسام ، بىرنى ھاۋارەڭدىن ، بىرنى ھال رەڭدىن ئالاتتىم ، ئۇ چاغدا . . . » دەپ ئويلاۋېتىپ :

ــ بەك چىرايلىق بولاتتى، ئاپا، ــ دەپ ساپتىمەن.
ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ ــ دېدى ئاپام دەررۇلا.
ــ سوۋغاتلىققا يۆگەك ئالغان ياخشى، ــ دېدىم، ــ لېكىن بىر خىل رەڭلىكتىن ئىككىنى ئالغاندىن كۆرە، بىرىنى هاۋارەڭ، بىرىنى هال رەڭ قىلىپ ئالغان ياخشى ئەمەسمۇ.
ئاپام يەنە ئۆزىنىڭ سۆزىنى قىلىپ، تويدا ئۆزلىرىنىڭ ئوبدان ئوينىغانلىقىنى، ئەگەر مەن كېلىپ قالغان بولسام ماۋىسىنىڭ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە يەنە باشقا گەپلەرنى قىلدى.
كېيىن بىرپەس شۈك بولۇپ كەتتۇق. ئاپام دەرهال يۇيۇنۇۋالمىسا، ئۆيىنى تۈزەشتۈرۈپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى دوللور ئۈنىڭغا بۈگۈن ئۈچ پاراخوت كەلمەكچى دېگەنىكەن، ئاپام كېچىچە ئىشلەيدىغان ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، بۈگۈن كېچە نەدە قونارسەن، دەپ مەندىن غەم قىلدى.
ــ ئاپا، ــ دېدىم مەن، ــ مېنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىم بار. ئاۋۋال يۈك ـ تاقلىرىمنى ئەكىلىمەن، ئاندىن، توغرا، مەن سېنىڭ قېشىڭغا ئەتە كېلىمەن.
ــ بالدۇرراق كېلەلەمسەن؟ چوقۇم بالدۇر كەل، تىلتون، بولامدۇ؟
ــ بولىدۇ، چوقۇم بالدۇر كېلىمەن، ــ مەن ئاپامنى سۆيۈپ قويۇپ ماڭدىم. دوقمۇشقا كەلگەندە يەنە بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلىشاي دەپ كەينىمگە بۇرۇلسام، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. مەن دوقمۇشتىن قايرىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز كەينىمگە بۇرۇلدۇم ـ دە، ئۇدۇل دۇفېلارنىڭ هويلىسىغا قاراپ يۈگۈردۈم. چۈنكى، چامادانىمنى دالاندا قويۇپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىلاكلىپي ئەپەن-

دىنى باپلاپ ۋە ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئاپام ناھايىتى بىپەرۋا ئايال، بىر نەرسىلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا چامادانىنى بىرى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ كەينىمگە يۈگۈرگەنىدىم.

ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم چامادانىم جايىدا تۇرۇپتۇ. چامادانىمنى كۆتۈرۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاپام ھوجرىسىدىن چىقتى.

— تىلتون، يەنە قايتىپ كەپسەن ـ دە!

— ھەئە، ئاپا، — مەن ئاپامنىڭ كەينىدىن ھوجرىغا كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. ئاپام ماڭا بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، تولۇپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ھە دېگەندىلا تونۇمىغىلى تاس قاپتىمەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى، لېكىن ئاپامنىڭ بەزى قىلىقلىرىدىن مېنىڭ يەنە قايتىپ كىرگەنلىكىم ئۇنىڭغا ئانچە خۇشياقمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېھمانلارغا دەرھال تەييارلىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاۋۋال يۇيۇنۇۋالدى، ئاندىن دىمىغىدا غىڭشىغاچ ئۆي يىغىشتۇردى. ئۆزىنىڭ ئازادە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھوجرىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك پاكىز ھەم رەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ ئۆلگۈردى.

مەن ئاپامنىڭ بىرىنچى مېھمىنى كېلىشتىن بۇرۇن كېتىۋالدىم. دېمىسىمۇ ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن مېنى كەتكۈزۈۋېتىشكە ئالدىراپ تۇراتتى.

مەن بىر شەخسىي مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم. بىر ـ ئىككى كۈنۈم ناھايىتى مەنىسىز ئۆتتى، ئۇخلاپتىمەن، تاماق يەپتىمەن، ئۇ، بۇ بىلەن پاراڭلىشىپتىمەن، كوچا ئايلىنىپتىمەن، دېگەندەك.

ئۈچىنچى كۈنى بەش بانكىغا بېرىپ ئوخشاشمىغان بەش ئىسىم بىلەن پۇل قويدۇم. كاتىپلىق قىلىپ تاپقان پۇلۇم ئاز بول-

سىمۇ ئۇنى ئۆز نامىم بىلەن قويدۇم .
پۇل بولغاچقا ئاپامغا ۋە ماۋىسنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان بالە-
سىغا سوۋغاتلىق ئالغۇم كەلدى . ماگىزىنغا كىرىپ بوۋاق ئۇچۇن
كەشتىلەنگەن يۇمشاق بومازى كۆڭلەكتىن بىرنى ئالدىم . پىرى-
كازچىك ئۇنى ئاق قەغەزگە ئوراپ ئۇستىدىن هاۋارەڭ ۋە هالرەڭ
ئىككى تال مەشۇت يىپ بىلەن باغلاپ بەردى .
سىلىق ، چىرايلىق ، چوڭ ــ كىچىكلىكى ئاپامغا دەل كې-
لىدىغان بىر توقۇلما كىيىمگە كۆزۈم چۈشۈپ ئۇنىمۇ سېتىۋالدىم .
يولدا يەنە بىر دەستە هالرەڭ ئەتىرگۈل ئالدىم ، ئاندىن تاكسىغا
چۈشۈپ دۇففېلارنىڭ هويلىسىغا باردىم .
گۇمبەزدەك قورساق كۆتۈرگەن ماۋىس بىلەن ئاپام ئىك-
كىسى مەن ئۆيگە كىرىۋاتقاندا ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇقلىشىپ ئول-
تۇرۇپتىكەن ، مېنى كۆرۈپلا خۇددى ئۈلۈپ قالغان قۇشقاچتەك
جىممىدە بولۇپ كېتىشتى . مەن شۇ جىمجىتلىقتا ئىككىسىگە
سوۋغاتلىرىمنى بەردىم ، گۈلنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم .
— ۋاھ ، ئەجەب چىرايلىق كىيىم ئىكەن ، —
دېدى ئاپام ، — ماۋىس ، قارىغىنا ، نېمىدېگەن چىرايلىق !
— راست چىرايلىق ئىكەن ، — دېدى ماۋىس ، ئاندىن
بوۋاق كىيىمگە قاراپ ، — رەھمەت ، تىلتون ، — دەپ قويدى ،
ئاندىن ئۇنى ئاپامغا كۆرسەتتى . ئاپاممۇ ئۇ كىيىمنى ماختاپ
قويدى ، لېكىن بۇ سوۋغاتلىرىمنى ئىككىلىسىنىڭ ياراتمىغانلىقىنى
سېزىپ قالدىم . قارىغاندا بۇ كىيىملەر ئاپامنىڭمۇ ، بوۋاقنىڭمۇ
مەگگۇ ئۇچىسىغا چىقمايدىغاندەك قىلاتتى .
— تىلتون ، بۇنى قايسى ماگىزىندىن ئالدىڭ ، — سو-
رىدى ماۋىس . ئۇ كۆڭلىدىكىنى دېمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ كە-
يىمنى ئاپىرىپ باشقا كىيىمگە تېگىشتۈرەتكۇسى بارلىقىنى پەملەپ

بولدۇم . ئاپام بىزگە چاي قايىنىتىپ بەرگىلى چىقىپ كىتىۋېتىپ ئۈستەلدىكى ئەتىرگۈلنى كۆردى ـ دە :

ــ ۋاھ ، نىمدىگەن چىرايلىق ! ــ دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ، گۈلنى مەڭزىگە يېقىپ كۈلگىنىچە يەنە ئۇنىڭدىن دېدى ، ــ تىلــتون ، ھېلىقى بىر تەشــتەك نەركەس گۈلــنى ئېسىڭدىمۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە ، ئېسىمدە ، ئاپا ، ــ دېدىم . يەنە بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭدىم . ئۇلار يەنە ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ قالدى . مەن ئۆزۈمنى شۇ قەدەر پەرىشان ۋە مىسكىن سەزدىم . ئۆمرۈمدە مۇنچىلىك غېرىبسىنىپ باقمىغانىدىم .

ئاپامنى ئۆزۈم ئويلىغان يولغا باشلاشنىڭ تەسلىكى ماڭا ئايان . ئۇنى مەجبۇرلاپ ئەمەس ، بەلكى ئالداپ ـ سالداپلا گەپكە كىرگۈزگىلى بولىدۇ . شۇنچە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ كۆنۈپ قالغان بۇ جايدىن ، كەتمىسەڭ بولمايدۇ ، دەپ ئۇنىڭغا توغرىدىن توغرا ئېيتسام ، ئۇ چوقۇم ئازابلانماي قالمايدۇ .

مەن ئەپلىك بىر چارە ئويلاپ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن دۇففېلارنىڭ ھويلىسىغا كەلدىم .

ئاپـام ئۆيدە يالغۇز ئىكەن . مەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا :

ــ مەن ساياھەتكە چىقماقچى ، ئاپا ، سەنمۇ بىللە بارساڭ ، دۇنيادا ساياھەت قىلىشتىن كۆڭۈللۈك ئىش يوق ، ــ دېدىم .

ــ ساياھەتكە ؟ ــ ئاپام چۆچۈپ كەتتى ، ــ تىلتون ، نەگە بارىمەن دەيسەن ؟

ــ مەن ، ھېلىقى ، ــ ئاپامنىڭ چىرايىنىڭ باشقىچە بو-

لۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالدىراپ چۈشەنچە بەردىم، — خاتا ئويلاپ قالما، يېزىلارنى ئايلىنىپ كېلەيلى دەيمەن. ھەقىقىي يېزىلارغا بارايلى، يايلاقلىرى ياپيېشىل، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن، قەدىمكى سەھرا ئۇسۇللىرى ئوينايدىغان، يەنە...

— بالام، بۇ گېپىڭ خېلى جايىدا ئىكەن، — دېدى ئاپام، — لېكىن مۇمكىن بولسا، ماۋىس يەڭگۋالغاندىن كېيىن بارساق، قانداق؟ ماۋىسمۇ ماڭا ئۆز بالامدەك بولۇپ قاپتۇ.

— بولىدۇ، ئاپا. ئەمىسە ئۇ يەڭگۋالسۇن، ئاندىن ماڭايلى، پەقەت ئىككىمىزلا، ئۇ چاغدا بەك پەيزى بولىدۇ، ئارامخۇدا يۈرىمىز، گۈل ئۈزىمىز...

— گۈل! — ئاپام خۇشاللىق بىلەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — تىلتون، قارا، قايسى كۈنى ماڭا ئەكەلگەن ئەتىرگۈلۈڭنى، خۇددى ھېلىلا ئۈزۈپ كەلگەندەك! يەنە ئېچىلىدىغان ئوخشايدۇ تېخى، كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، ئاپا.

— تىلتون، غۇنچە دېگەن بوۋاققىلا ئوخشايدۇ. ھە راست، كىچىك چېغىڭدا ياتقان ئۆيۈڭنى تېخى كۆرمىدىڭغۇ دەيمەن، يۈر، كۆرۈپ چىققىن، — ئۇ مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ، تار، قاراڭغۇ كارىدور ئارقىلىق تام ئىشكاپىدەك بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىردى. بۇ مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى ئۇۋام ئىدى.

— قارا، نېمىدېگەن ئوماق! — دېدى ئاپام مەغرۇرلانغان ھالدا، بۇ ئۆي تولىمۇ نائۇستىلىق بىلەن ئاقارتىلغانىدى. ئاپام كۆرۈمسىز سېرىق رەڭ بىلەن ئاقارتىلغان تام-تورۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — قارا، خۇددى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغاندەكلا، بۇ رەڭ ساڭا يارىدىمۇ، تىلتون؟

— يارىدى، بەك چىرايلىق بوپتۇ، — مەن يالغاندىنلا

شۇنداق دەپ قويدۇم. مېنىڭ كەيپىم ئۇچۇپ تۇراتتى. كۆڭلۈمدە ئاپامنى خاپا قىلغۇم يوق بولسىمۇ، لېكىن نېمە بولسا بولسۇن، ھەرگىز بۇ ئۆيدە قونمايمەن، دېگەن نىيەتكە كەلگەندىم. قارىسام ئاپام شۇنداق خۇشال، بالامغا ئۆز قولۇم بىلەن بۇ ئۆينى ئاقارتىپ تەييارلاپ بەردىمغۇ دېگەندەك بىر خۇشاللىق چىرايىدىن چىقىپ تۇردۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق سۇ چاچقۇم كەلمەي، كۈلۈمسىرىگىنىمچە ئۇنىڭ ئاجىز قوللىرىنى چىڭ سىقىمدىدىم.

— تىلتون، — دېدى ئاپام مۇلايىملىق بىلەن، — ماۋۇس بالىسىنى تۇغۇۋالغاندىن كېيىن سارايغا بېرىپ خىزمىتىنى قىلىدۇ. بالىسىغا مەن قارايمەن، مۇشۇ يەردە، سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان مۇشۇ چىرايلىق ئۆيدە.

ئاپام ئالدىمدا تولغىنىپ ماڭدى. بىز مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە ئاپام ئۇ ـ بۇ نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆز ۋاقتىدا سەن ئۇنى ئۇنداق ياخشى كۆرەتتىڭەي، ئۇنداق ئەقىللىق، مۇنداق چېچەن ئىدىڭەي، دېگەندەك بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتتى، لېكىن بۇ گەپلەر مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرمەدىغان، ئەسكى سافادا خۇددى كۆيۈپ كەتكەن شاردەك ئولتۇراتتىم، شۇنداقلا بىر نېمە تېگىپ كەتسە پاكىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم. ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتكەچكە يىغلىۋالغۇملا كېلەتتى، لېكىن يىغلىساملا ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمايتتىم، شۇڭا ھاياجىنىمنى بېسىشقا، گەپ قىلماسلىققا تىرىشتىم.

— مۇنداق بولسا، قانداق؟ — دېدى ئاپام، — مېنىڭمۇ تۇرمۇشتا ئۆزۈمنىڭ تۇتقان يولۇم بار، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، ئەقىل تاپتىڭ، سېنىڭمۇ تۇرمۇشتا ئۆز ئالدىڭغا تۇتقان يولۇڭ بار. باپام ساياھەتنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، تىلتون، راست گېپىمنى قىلسام، ئاشۇنداق ئىشلار بىلەن پەقەت خوشۇم يوق. مۇشۇنداق

راستچىل ، سەممىي بولغاندا ، تۇرمۇشتىكى ھە رقانداق كۆڭۈل-
سىزلىك ۋە جېدەل - ماجرادىن ساقلانغىلى بولىدۇ . مېنىڭ ھېچ-
نەگە بارغۇم يوق ، تىلتون ، پەقەت بارغۇم يوق ! مەن ھېچقانداق
يەرگە بارمايمەن ، مەڭگۈ بارمايمەن !

ئۇ يەنە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇش يولىنى تاللاش
ھوقۇقى بارلىقىنى ، بۇ ئىشقا چات كىرىۋېلىشنىڭ خاتالىقىنى ، مې-
نىڭ تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ :

— تىلتون ، سەنمۇ ئۆز يولۇڭدا ماڭ ، مەنمۇ ئۆز يولۇمدا
ماڭاي ، بەلكىم بۇنى سەن توغرا تاپالماسلىقىڭ مۇمكىن ، لېكىن
مېنىڭچە توغرا ، ئويلاپ باق ، سەن شۇ قەدەر ئەقىللىق ھەم باي ،
جىق پۇل تاپتىڭ ! مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن ، تىلتون ، —
دېدى ھەم مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇپ قولۇمنى تۇتتى ، — جېنىم
بالام ، ماقۇل دېگىن ، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولسۇن ، ۋۇي ،
قوللىرىڭ مۇزلاپ كېتىپتىغۇ ، مەن ساڭا ئىسسىق چاي دەملەپ
بېرەي .

ئاپام تاتلىقىنا دەملەنگەن بىر ئىستاكان چاينى
ماڭا بېرىپ :

— تىلتون ، — دېدى ، — جىققىنا قەنت سېلىپ دەملى-
دىم ، ئىسسىقىدا ئىچۋال ، ئىسسىق قەنت چاي روھىڭنى تېتىك-
لەشتۈرىدۇ . ھېلىقى ئۇستەل سائىتى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ
كېتىپمۇ يەنە ماڭغانىدى ، ئېسىڭدىمۇ ؟ تۇۋا ، قىممىتى بار بىرەر
نەرسىنى تېپىۋېلىش ماڭا پەقەت نېسىپ بولماپتۇ . . .

— ئېسىمدە ، ئاپا ، ئېسىمدە بولمامدىغان ، — دېدىم ، —
سېنىڭ پەقەت كاللاڭ جايىدا ئەمەس ئىدى ، ھەمدەم خىيال . . .

— راست دەيسەن ، — دېدى ئاپام ، — سائەتنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلىغىنا ، چىك . . . چىك . . . چىك . . .

مەن بىر چاغلاردا ئۆزۈم ئوغرىلاپ كەلگەن سائەتنىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ، تۇرۇپلا ئاپامنىڭ دىققىتى چېچىلىپ سەل بىسەرەمجان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. شۇ ئارىدا سىرتتىن بىر شەپە، تونۇشلۇق بىر كۇلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

دوللور ئىككى مېھمان ئەكەلگەنىكەن. ئۇ ئىشىكنى چەكمەيلا ئاچتى. ئۆزى بوسۇغىدا، ئىككى مېھمان ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى.

— جېنىم، بىكارمۇسەن؟ — ئۇ گېپىنى سوراپ بولۇپ ئاندىن ئۆيدە مېنىڭمۇ بارلىقىمنى كۆردى، لېكىن مېنى تونۇمىدى. ئۇنىڭ يۈزى كۆبجۈپ قاپتۇ، گىرىملىرىمۇ چېنىپ تۇرىدۇ، بىر ئۇدۇل چىشى يوق.

— دوللور، قارا، بۇ كىم؟ — ئاپام خۇشال هالدا مېنى كۆرسەتتى، — بۇ تىلتون، مانا قايتىپ كەلدى.

— تىنچلىقمۇ، دوللور، — مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم.

— تىلتون، تىنچلىقمۇ! — ئۇ ماڭا سالام قايتۇرۇۋېتىپ، ئاپامغا مېھمانلارنى بوسۇغىدا ساقلىتىپ قويۇپ قورۇق پاراڭ سېلىپ تۇرامسەن، دېگەندەك بىر مەنىدە قول ئىشارىسى قىلدى. مەن ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— ئاپا، مەن كېتەي.

— خوش بالام، — دېدى ئاپام يەڭگىللەشكەندەك بولۇپ، — چولاڭ تەگسە كېلىپ تۇرارسەن.

— كېلىمەن، ئاپا، — دېدىم ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. يەنە كەمبەغەللەر كوچىسىدىكى هېلىقى غېرىبانە ماكانىمنى تاپتىم.

مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ تۇرمۇشنىڭ ماڭا

نېمە مەنىسى قالدى ؟ مەن پەقەت ئاپام بار دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۇ ماڭا نېمە دېدى ؟ « تىلتون ! سەنمۇ يولۇڭدا ماڭ ، مەنمۇ ئۆز يولۇمدا ماڭاي ! » ئەجەب ئۇنىڭ يۈرىكىمدىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلمىدى ، ماڭا ئەجەب تاش يۈرەكلىك قىلدىغۇ ؟!

ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشىم كېرەكمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ ، ھەرگىز بولمايدۇ . ئۆزۈمدىن ئاغرىناي ، دېمىسىمۇ ، مەن ئۇنىڭ ھالىغا قانچىلىك يېتەلىدىم ؟ . . .

لېكىن ، مېنىڭ بالىلىقىم قايقاراڭغۇ گۆرنىڭ ئىچىدە ئۆتكەندەك ئۆتتى ، بىرەر يورۇقلۇققا ئېرىشەرمەن دېگەن ئارزۇدا ئۇستۇمدىن بېسىپ تۇرغان ئۇ چىركىن توپىلارنى كولىدىم ـ كولىدىم ، جىق جاپا تارتقان بولساممۇ ، ھەرگىز بېلىمنى قويۇۋەتمىدىم . مۇشۇ تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ بەدىلىگە بىر ئەجىر ئېزىم تاپارمەن ، كۈتكىنىمگە مۇيەسسەر بولارمەن ، دەپ ئويلىدىم ، لېكىن ئاخىر نېمە بولدى ؟ ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سۇغا چىلاشتى ، رەت قىلىندىم ، تېخى ، سەنمۇ بىلگىنىڭنى قىل ، ماڭا ئارىلاشما ، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم . ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزۈمنى تۈگەشكەندەك ھېس قىلدىم .

راست ، مەن يولدىن ئاداشتىم ، لېكىن يەنە باشقا بىر يول تېپىشنىمۇ خالىمايتتىم . مېنى دىل شىكەستىلىك ، غېرىبانىلىك چىرمىۋالغانىدى .

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنمۇ زامانىنىڭ رەپتارىغا كىردىم . ياشلىق گۈزەللىكىنىڭ قۇدرىتى زور ئىكەن . تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەنمەن ، مەندە مۇشەققەتلىك ئەجىر ھېسابىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر يېڭى پىلان بولۇشى كېرەك ئىكەن . بۇ پىلانىمۇ تەلەي بولسا ئىشقا ئاشىدىكەن .

بىر تاكسى شوپۇرى كاللامدا بىر خىيال پەيدا قىلدى. بۇ خۇددى بوز يەرگە چېچىلغان ئۇرۇقتەك، بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بىخلاپ، كۆكىرىپ ئاخىر يوغان بىر بەرسىگە ئايلاندى.

مەن ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىپ كاتىپلىق قىلدىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن مالىيىگە ئائىت رەتلىك ئۇرۇپ چىقىرىلغان بىر جەدۋەلنى ساقچى تومسونغا تاپشۇرغان چېغىمدا، ئۇ مېنى ماختاپ:

— تىلتون، ئالتۇندەك قوللىرىڭىز بار جۇمۇ، سىزنىڭ بۇ يەردە ھېچكىم سىزدەك چىرايلىق خەت ئۇرالمايدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە كۆپ-رەك كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— بۇ يەردىكى باللار بىلەن سىز قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ.

— ياخشى.

— ئازراق ۋاقتىڭىزنى قۇربان قىلىپ، باللارغا ھەپتىسىگە بىر ئاخشام خەت ئۇرۇش دەرسى ئۆتۈپ بەرسىڭىز، قانداق؟

مەن، بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ماشىنكىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەپكۈن يۈزلۈك، سىدام يۈزلۈك، ئورۇق-سېمىز، پاكار - ئېگىز دېگەندەك ھەر خىل باللار بار ئىدى. جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن بۇ باللار بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىم دېسەم بولىدۇ.

— تىلتون، ئۇ بەڭۋاشلارنى ئۆزگەرتىشكە قاتتىق ئۆگ-

تۇاپسز جۇمۇ ! — دەيتتى ساقچى تومسون مېنى ماختاپ .

ئۇ بالىلاردىن ئايرىلىدىغان چاغدا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى ، خوشلىشىش سورۇنىدا ھەتتا ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتىم . چۈنكى ، بۇ يەرگە ئەمدى قايتا كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئازابلاندىم .

مېنى ئىقتىدارىمنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرالايدىغان جاي — ئۆسمۈرلەر سوتىغا بېرىپ ئىشلەشكە ساقچى تومسون تەۋسىيە قىلغانىدى .

ئوتتۇرا مەكتەپ ، سودا ئىنستىتۇتى ، بالا كلىبى ئەپەندى ، ساقچى تومسونلارنىڭ تەۋسىيەنامىسى قولۇمدا بولغاچقا ، قانداق خىزمەت تاپىمەن دېسەم تاپالايتتىم . شۇڭا كۆڭلۈمدىكى پىلانىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىگىمۇ ئوڭايلا يەتتىم .

مەن ئوغۇل جىنايەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگىنىم بىلەن قىز جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە قىزىقاتتىم .

بەزىدە پرىستان رايونىدىن كەلگەن قىز جىنايەتچىلەرنىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتىم . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىرىلا مېنى ، يەنى ئۇچىسىغا كونا پاسوندىكى كىيىم كىيىپ ، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ، گەپ - سۆزلىرى سوغۇق بۇ ياش ئايالنىڭ كىملىكىنى تونۇۋالدى .

مەن ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ شەھەردىن كېتىپ قالدىم ، كېيىن يەنە سەن بىلەن ئالاقىلىشىمەن ، دېگەن مەزمۇندا ئاپامغا خەت يېزىۋەتتىم ، لېكىن ئۇنىڭدىن جاۋاب خەت كەلمىدى . ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى بەرمىگەچكە ، ئۇنىڭ جاۋاب خەت يازالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئۆسمۈرلەر سوتىدا جىنايەتچىلەرنىڭ پرىستان رايونىدىن

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان ئاتا ـ ئانىلىرىنىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتىم . بىر كۈنى ئۇلاردىن بىرى مېنى تونۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇنىڭغا شۇنداق ئالىيپتىمەنكى ، ئۇ قورققىنىدىن غال ـ غال تىترىگىنىچە دەرھال كەينىگە ياندى . ئۇ چوقۇم خاتا تونۇپ قاپتىمەن ، دېگەن تونۇشقا كەلدى .

مەن كەڭ گىرۋەكلىك رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالىدىغان بولدۇم . كېيىن بۇنىڭغا شۇنداق كۆنۈپ كەتتىمكى ، تالادىمۇ ، ئۆيدىمۇ كۆزۈمدىن ئالمايدىغان ، تاقىمىسام بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالدىم . دۇنياغا رەڭلىك كۆزەينەك ئارقىلىق قارىسا ئوبدان بولىدىكەن ، ھەر ھالدا رېئال تۇرمۇش كۆزۈڭگە يېقىملىقراق كۆرۈنىدىكەن ، رەزىل ئىشلارنىمۇ تازا بايقىيالماي قالىدىكەنسەن .

مارى پاككىر بىلەن ئىككىمىز بىر گۇرۇپپىدا ئىشلەيتتۇق . ئۇ دائىم ماڭا :

ـــ بول ، خىزمەتدىشىم ، قەھۋەيىڭنى تېزراق ئىچ ، دېلويىمىزنى ئىشلەيلى ، ـــ دەيتتى . مەنمۇ :

ـــ مانا بولدۇم ، خىزمەتدىشىم ، ـــ دەيتتىم . شۇنىڭ بىلەن سوت مەھكىمىسىدىكى تۆزۈك يورۇق چۈشمەيدىغان ئەسكى ئىشخانىمىزغا كىرىپ كېتەتتۇق . ئادەمنىڭ دېمىنى سىقىدىغان بۇ كۆرۈمسىز ئىشخانىنى بىز كەپتەرخانا دەيتتۇق .

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىچىدە مارى پاككىرغا بارا ـ بارا ئامراق بولۇپ قالدىم . ئۇ چىرايى ئادەتتىكىدەك ، چاچلىرى كۈلرەڭ ، كۆكسى يوغان ، سېمىز ئايال ئىدى ، دائىم ماڭا :

ـــ تىلتون ، لىپتىكىمنى بوشىتىۋەتكىنە ، ـــ دەپ يالۋۇراتتى . مەن ئۇنىڭ چىڭ تاقىۋالغان لىپتىكىنىڭ ئىلمىكىنى ئېچىۋېتەتتىم ، ئاندىن ئۇنىڭ سېمىز يەلكىلىرىنى تۇتۇپ قوياتتىم . ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتاتتى ھەم ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىر گۇرۇپپىدا

ئىشلىگەندىن بۇيان تۇرمۇشتا تېتىكلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ كېسەلچان ئېرىنىڭ گېپىنى جىق قىلىپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ جىق ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ نۇرغۇن قېتىم مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم بېرىپ قويمىدىم، ئۇنى ياتىقىمغىمۇ باشلىمىدىم. دەسلەپتە بۇ ئىشلىرىم ئۇنىڭغا سەل ھار كەلدى، لېكىن مەن پەرۋايىمغا ئالمىدىم. كېيىن بىز ئىشتىن چۈشۈپ بىللە كىنوغا بارىدىغان، بىللە تاماق يەيدىغان بولدۇق. مەن پۇلۇمنىڭ جىقلىقىدىن خەجلەيدىغان يەر يوق، دەپ تۇرۇۋېلىپ، تاماقنىڭ پۇلىنى كۆپىنچە ئۆزۈم تۆلەيتتىم. ئۇ ئاق كۆڭۈل ئايال بولغاچقا بۇ ئىشىمغىمۇ ماقۇل دەيتتى.

بەزىدە ئۇ ماڭا ئۆيدە پىشۇرغان پېچىنىلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى تېخى ماڭا قولدا توقۇلغان ئۇيما ياقىلىق يۇڭ پوپايدىكىن بىرنى سوۋغا قىلدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ پېچىنىلىرىنى يېدىم، پوپايكىنىمۇ كىيىۋالدىم.

ماڭا بۇ دۇنيادا مارى پاككېردىن ياخشى بىرمۇ ئادەم باردەك بىلىنمەيتتى. ئۇ ھەرگىز ئۆز غېمىنى ئويلىمايتتى، جاھاننىڭ ھەر قانداق مۇشكۇل ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئېلىشقا ھەمىشە تەييار ئىدى. ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكى ئىشلاردىن قايغۇراتتى، ھەمىشە مەندىن:

— تىلتون، نېمىشقا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بىلسەڭ، ماڭا دەپ بەرگىنە، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوئال سورايتتى.

— بۇنى مەنمۇ دەپ بېرەلمەيمەن، — دەيتتىم مەن. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا، — ئادەم دېگەن ئۆزىگە ئاشۇنداق ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان نەرسە بولسا كېرەك. نېمىلا دېگەن بىلەن خام سۈت ئەمگەن ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۆزلىرىگە ئىش تېپىپلا

تۇردۇ ، ــ دېدىم .

ئۇ ماڭا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاراپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى . باياتىن بېرى دېلو ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ھاياجانلانغاندەك قىلمىغان . شۇڭا ھەيران قېلىپ سورىدىم :

ــ نېمە بولدى ؟ نېمىگە يىغلاش بۇ ئەمدى ؟

ــ ساڭا يىغلايمەن ، ــ دېدى ئۇ ، ــ سەن شۇنچە ئۇ-قۇغان ، شۇنچە ئەدەبلىك ، ئىلتۇن ، لېكىن بەك شەخسىيەتچى ؛ شۇنچە ئەقىللىق بار ، شۇنچە مەرد ، لېكىن ئۆزۈڭ بىلەنلا ، باش-قىلارنىڭ نە ھالدا يۈرگەنلىكى بىلەن كارىڭ يوق .

ئۇ مېنىڭ ئائىلەمنى پەقەت سۈرۈشتۈرمەيتتى . بەلكىم ئۇ مېنى ھېچنېمىسى يوق يېتىم دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، مەنمۇ ئۇنى تۈزىتىپ ئولتۇرمىدىم . بىز بەك يېقىن دوست بولۇپ كەت-تۇق . ئۇ قىرىق ئىككى ياش ، مەن تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەن بولسامۇ ، لېكىن ئارىمىزدىكى يېقىنچىلىقنى قىل سىغمايتتى . ئۇ-نىڭغا بۇ قەدەر يېقىن بولۇپ ، ھەتتا چوقىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىمغا بەزىدە ئۆزۈممۇ ئەندىشە قىلىپ قالاتتىم . شۇنداقتى-مۇ ، تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدۇ ، دەپ ئۆزۈمگە تە-سەللىي بېرەتتىم . غېرىبسىنىش دېگەن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كې-تىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوست-لۇقۇمنى بەك قەدىرلىدىم .

ئاشۇ زېرىكەرلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋا-قىتلىرىمدا ئانچە ـ مۇنچە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ تۇردۇم ، قىز جىنايەتچىلەرنىڭ چىرايلىق ، شوخلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى يېزىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدىم ؛ بۇنى مارىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي ساقلىدىم . بەزىدە ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ قوياتتى :



www.uyghurkitap.com

— تىلتون ، بىرنىمىلەرنى خاتىرىلەپ قويۇۋاتىسەن ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، سەن چوقۇم بىر كىتاب يازماقچى ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ، — دەيتتىم مەنمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ، — ساڭا ۋەدە قىلاي ، ئۇ كىتابنىڭ بېشىغا تازا كېلىشتۈرۈپ ، بۇ كىتابنى ساڭا بېغىشلايدىغانلىقىمنى يېزىپ قويىمەن .

— پاھ ، ئۇ چاغدا قالتىس كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىدىكەنمەن دېگىنە ، — دەپ ، ئۇ كۈلۈپ كېتەتتى . بىر كۈنى ئۇ مۇشۇنداق پاراڭدىن كېيىن كۆزەينەكنى ئەمدى تاقاپ تۇرۇۋىدى ، قېشىمىزغا كەمبەغەللەر رايونىدىن كەلگەن ۋىجىك بىر قىز جىنايەتچى كىردى ـ دە ، بىرگە قاراپ بەزدەك تىكىلىپ تۇردى . ئۇ ئادەمنىڭ ئۆچلۈكى كەلگۈدەك قىز ئىكەن ، لېكىن مارى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇن مىنۇت ئىچىدىلا ئۇ قىز مارىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئىچىدىكى ھەممە گەپلىرىنى دېگىلى تۇردى . مارى :

— بۇ گەپچە ئۆزۈڭنىڭ داداڭ قىپتۇ ـ دە ؟ — دېۋىدى ، ئۇ قىز غال ـ غال تىترىگىنىچە :

— ھەئە ، دادام قىلدى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— بالام ، قورقما ، — دېدى مارى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — داداڭ سەن بىلەن نەچچە قېتىم بىللە ياتتى ؟

بۇ سوئال بىلەن تەڭ كاتەكتەك ئىشخانىنىڭ ئىچى شۇ قەدەر جىمجىتلىققا چۆمدىكى ، قىزنىڭ لاغىلداپ تىترىشىدىن بۆلەك ھېچنېمە ئاڭلانمىدى .

— بىر قېتىممۇ ؟ — سورىدى مارى . قىز بېشىنى لىڭشىتتى ، ئاندىن قورايدەك قوللىرى بىلەن بېشىنى كارتىلدىتىپ تاتىلاپ كەتتى . مەن ئاستا پىچىرلىدىم .

— مارى ، ئېھتىيات قىل ، بۇ قىزنىڭ بېشى پىتلاپ كې-
تىپتۇ .

ئۇ ماڭا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ ، ئون ئۈچ ياشلىق ئۇ كىچىك قىزنى باغرىغا باستى . شۇ چاغدا مەن ئون ئۈچ ياشلىق باشقا بىر قىزنى ئېسىمگە ئالدىم . ئۇ ئانىسىنىڭ كارىۋىتىدا باشقا بىر كىشىنىڭ باغرىدا . . .

— ئۇ ئىش بىر قېتىملا بولمىغاندۇ ؟ — مارى چۈخچىلاپ سورىدى .

راست ، بىر قېتىملا ئەمەس ئىكەن . دادىسى ئۇ ئىشنى قىزى تېخى ئون بىر ياش چېغىدىلا باشلاپتىكەن . كېيىن ئۇ قىز ئېغىر ئاياغ بولۇپ قاپتۇ ، شۇ چاغدا دادىسى ئۇنى تاسما بىلەن ئۇرۇپتۇ ، قىز چىدىماي يىغلاپ كوچىغا قېچىپ چىقىپتۇ . قوش-نىلار ئۇنىڭ دادىسىنى تۇتۇپ باغلاپ قويۇپتۇ . قىز بۇ گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن :

— ئەگەر مېنى تۇتۇۋالىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، — دېدى .

— ياق ، ئۇنداق بولمايدۇ ، بالام ، — دېدى مارى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — داداڭ تۇتۇلدى ، تۈرمىدە بىر مەزگىل يا-تىدۇ . ساڭا ئۇبدان ئادەملەر قارايدۇ .

قىز تولغىنىپ - تولغىنىپ يىغلاپ كەتتى . بىز ئۇنى دەردكە چىدىماي يىغلاپ كەتتى دەپتىكەنمىز ، كېيىن قارىساق ، ئۇ تۈرمىدىكى دادىسى ئۈچۈن يىغلاپتىكەن .

— تىلتون ، ئىككىلىسىلا قاملاشمىغان نىمىلەر ئىكەن ، — دېدى مارى ھەسرەتلىنىپ .

— ئۇ قىزنىڭ دۆتلۈكىنى قارىمامدىغان ، — دېدىم مەنمۇ ، — مەن مۇشۇنداق نىمىلەرگە بەك ئۆچ ، يا قانۇن بىلىش-

مەيدۇ ، يا ئۆزلىرىنى جوڭقۇرۇشنى . خۇدايىم مۇشۇنداق كالۋا نېمىلەرنى يارىتىپ نېمە قىلىدىكىن .

— تۇرمۇشتا ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ ، جەمئىيەت دېگەن شۇ . بىز مۇشۇنداق ئىشلارنى تۈزەيمىز دەپ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈۋاتىمىز . بەزى كاتتا ئادەملەر بۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەيىبلەپ رادىئودا نۇتۇق سۆزلەپ يۈرۈشىدۇ ، لېكىن سۆزلىگەنگە ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ ، — دېدى مارى .

شۇ كۈنى كەچتە ئىككىمىز ياپوننىڭ ساماۋار شورپىسى بىلەن غىزالىنىپ ، يەنە ئىككى رومكىدىن قىزىتىلغان گۈرۈچ ھارىقى ئىچىپ قويدۇق . شۇ كۈنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كەيپ بولۇپ تازا ئويناقشىپ كۈلۈپتىمەن ، ھەتتا ناخشىمۇ ئېيتىپ كېتىپتىمەن .

بۇ كىچىك رېستوراندىكى ئادەملەر تاماقلىرىنى يېمەي ، پاراڭلىرىنى توختىتىپ ناخشامنى ئاڭلىدى ، ھەر بىر ناخشام تۈگىگەندە بارىكاللا توۋلاپ ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى . مىللىي كىيىم كىيگەن ئىككى ياپون قىزى ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى . بىر يىگىت ئۈستىلىدىن قوپۇپ ھەدەپ چاۋاك چالغىنىچە ئالدىمدىكى تەگلىككە كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى . ئۇ يۈزى چاسا ، ئۆڭى قىزغۇچ ، ئاپئاق چىشلىرى سەل مايماق - سايماق كەلگەن يىگىت ئىدى ، يوغان ، كۈچلۈك قوللىرىدا مۇشتەكنى مەھكەم سىقىمدىۋالغانىدى ، ئۇنىڭدىن بىر چاغلاردا ئاپامنى كۈتۈپ مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرغان ھېلىقى ياش يىگىتنىڭ ھىدى كېلەتتى .

— ئەجەب چىرايلىق ئىكەنسىز ، — دېدى ئۇ . مەن خۇشال بولدۇم . بۇ كەيپ بولغانلارغا خاس خۇشاللىق ئىدى .

— ھەممە ئادەم چىرايلىق ، — دېدىم مەن ، — راست ، سىزمۇ شۇنداق ... سىزمۇ بەك چىرايلىق ئىكەنسىز .

— مەنمۇ چىرايلىقمىكەنمەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنى گەپكە سېلىپ.

— سىز ھەممىدىن چىرايلىق ئىكەنسىز ، — مەن كۆچىپ سۆزلىگىلى تۇرۇۋېدىم ، ئۇنىڭ ھەمراھى كېلىپ:

— يۈر ، بۇئىل ، بولدى ، ئويناشما ، — دەپ ئۇنى تارتقىلى تۇردى ، مارى:

— بۇ قىز سەل تەڭشىلىپ قالدى ، — دەپ ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ قويدى . ئۇ ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى . مېنى تۇرۇپلا مىسكىنلىك باستى . ئۆمرۈمگە كېلىپ بىر يىگىت بىلەن ئوچۇق - يورۇق چاقچاقلىشىپ باققىنىم مۇشۇ ئىدى . مۇشۇ بىر قېتىمنى كۆرگەن مارىغا بۇ ئويۇمنى ئېيتتىم .

مارى ھېساباتنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن رېستوراندىن چىقتۇق . تالانىڭ سالقىن ھاۋاسى مەندىكى ھاراقنىڭ كەيپىنى تېز تارقىتىۋەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئاغرىپ قوپۇپتىمەن . شۇڭا مارىغا ، بۈگۈندىن كېيىن ھاراق دېگەننى ھەرگىز ئاغزىمغا ئالمايمەن ، دەۋەتتىم .

— قورۇق گەپ قىلما ، — دېدى مارى مېنى زاڭلىق قىلىپ ، — ھاراقمۇ ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان نەرسە . ھە ، راست ، سەندىن سوراپ باقاي ، مۇشۇ چاغقىچە يىگىتلەر بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئەمدى ؟

— كەچۈرۈڭ ! بۇنى سوراشقا بولمايدۇ ، خانىم . ئىچكى پاراڭلىرىمىزنى سېلىشمايمىز ، — مارىغا كۈلۈپ قويدۇم ، ئۇمۇ ماڭا قاراپ كۈلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىمىزنى چۈشەندۇق . ئىككىمىز شۇ قەدەر چىقىشىپ كۆڭۈللۈك ئۆتتۇق . ئۇ مېنىڭ مەھكەم ئېتىۋالغان قەلب قوۋۇقۇمنى ئۆزىنىڭ جان كۆيەر-

لىكى بىلەن ئېچىۋەتكەنىدى . ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ سىرداش دوستى بولسا بەك ياخشى بولىدىكەن .

ياپون رېستورانىدا غىزالانغان شۇ ئاخشامدىن ئالتە ھەپتە ئۆتكەندە ، بىر كۈنى مارى پاككىر ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئۇنى بىر ماشىنا ئۇرۇۋېتىپتۇ . ئۇ نەق مەيداندىلا جان ئۈزۈپتۇ . ئۇ شۇ قەدەر قاراڭغۇ ھەم تۇمانلىق كېچە ئىدى . يولنى كۆرەلمىگەن شوپۇر مارىنى ھېلىغۇ چوڭ يولدا ئىكەن ، پىيادىلەر يولىدا بولسىمۇ ساق قويمايتتى .

مەن مارىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتىم . سۇرلۇك يالتىراپ تۇرغان مېيىت ساندۇقى قاراڭغۇ ، مۇدھىش گۆرنىڭ ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈلدى . مەن مىسكىن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن ھاياتىمۇ شۇ گۆرگە كۆمۈلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم .

شۇ كۈنى ئاخشىمى ياتىقىمدىكى كاناپ قاپلانغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قوللىرىمغا قاراپ كېتىپتىمەن . قوللىرىم شۇنداق سىلىق ، يۇمشاق . لېكىن بۇ قوللار بىرەر قاچا يۇيۇپ باققان ، بىرەر قېتىم پول سۈرتۈپ باققان ، ئىشقىلىپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ باققان قوللار ئەمەس ، پەقەت مارى بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا . لېكىن مارىنىڭ قولچۇ ، ئۇ مانا ھەقىقىي ئەمگەكچىنىڭ قولى ، ھەمىشە خەلققە ياردەم قىلىشقا تەييار تۇرغان ھالال ئىنساننىڭ قولى .

« ئاھ ، مارى . . . » دەپ ئۆزۈمچە ۋارقىراپ كېتىپتىمەن . شۇ چاغدا ياتاق شۇنچە جىمجىت ئىدىكى ، مېنى ئىختىيارسىز سۈر بېسىپ كەتتى . قۇلىقىمغا پەقەت ماشىنىلارنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىناتتى ، ماشىنىلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا دوستۇمنى بېسىۋەتكەن ھېلىقى ماشىنىدەك بىلىنەتتى .

ياتاقتىن ئېتىلىپ چىقىپتىمەن ، كوچىدا كېتىۋاتىمەن ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كېتىۋاتقان مىغ ـ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن. نەچچە يولدا مېڭىپ ، نەچچە كوچىدىن ئۆتكىنىمنى بىلمەيمەن ، كېيىن پرىستان رايونىغا كەلگەندە ھەتتا يۈگۈرۈپتىمەن ، ئېچىشىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىمنىڭ ئۇدۇلىنى سىلىق ، لېكىن كېرەكسىز قوللىرىم بىلەن مۇجىغىنىمچە يۈگۈرۈپتىمەن . ئاخىر دۇففىنىڭ ھېلىقى رەسۋا ھويلىسىغا كەلدىم ، دەرۋازىنى ئىتتىرىپلا :

— ئاپا ؟ سەن نەدە ؟ ئاپا . . . ئاپا ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتىم .

ئاپامدىن جاۋاب يوق ، ھېچكىممۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرغىنى يوق . ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت . ھەپتە ئاخىرىدا بۇنداق بولمايتتىغۇ . لېكىن ، ئاپامنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرۇپتۇ . مەن يەنە تووۋلاپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچتىم . ئۆيدە ئاپام ئەمەس ، مىنتى خانىم بىلەن دوللور ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار مېنىڭ كەلگىنىمگە ھەيران قالمىدى ، قىزىقىپمۇ قويمىدى . مەن ئۆينىڭ تۆۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ھاسىرىغىنىمچە سورىدىم :

— ئاپامچۇ ؟ ئۇ قەيەردە ؟

— ئۇ يوق ، تىلتون ، — دېدى مىنتى خانىم .

— ئۇ كەتتى ، — دېدى دوللور قوشۇمچە قىلىپ .

— ئۇ دەم ئېلىشقا كەتتى ، — دېدى مىنتى خانىم چۈشەندۈرۈپ .

— يېزىغا كەتتى ، — دېدى دوللور تولۇقلاپ .

— ئۇ ماۋىس ۋە ئۇنىڭ بالىسى بابى بىلەن بىللە كەتتى ، — دېدى مىنتى خانىم .

— ماۋىس يەنە ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان . دۇففې دېگەن قېرى ئۇلارنى دەم ئېلىپ كېلىڭلار دەپ تورۇۋالدى . ئۇ قېرى بالىنى ئاپاڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ . شۇنداق ، ئاپاڭ ماۋىس ۋە ئۇنىڭ بالىسى بىلەن بىللە دەم ئېلىشقا كەتتى . . . — دېدى دوللور .

— ماۋىس خەت يېزىپتىكەن ، ئاپاڭ بابىغا قاراپ كۈلۈپ ، ۋاي ئۇماق ، ۋاي ئۇماق ، دەپ كېتىدىكەن ، ئۇ تىنچ - ئامان يۇرۇۋېتىپتۇ . . .

مەن تۆۋرۆككە يۆلىنىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم . ئۇلار ساقچىلارنىڭ بۇزۇقچىلىققا زەربە بېرىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈپ دۇففېلارنى ئېغىر كۈنگە سېلىپ قويغانلىقىنى دەپ بەردى .

— بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ ، — دېدى دوللور كۈلۈپ ، — ساقچىلار نەپكە ئېرىشمەكچى ، بولمىسا ئۇنچىلىك كۆچىشىپ كەتمەيتتى . . .

مېھمانخانىغا پىيادە مېڭىپ كېتىۋاتىمەن . بۇ يول بەك ئۇزاق ئىكەن . يالغۇزلۇققا ، ئىچ پۇشۇقىغا ئەمدى چىدىماي قالغانىدىم . مەن بىرەر ئادەمگە ، دوستقا موھتاج ئىدىم . لېكىن ، ئۇلارنى نەدىن تاپقۇلۇق ؟ مارى بولسا ئۆلدى ، گۆردە ، ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ يەنە قايسى دوستۇم بولسۇن !

مەن بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇم ۋە ئالدىمغا كېلىپ سورىغان كۆتكۆچىگە مىنېرال سۇ ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم .

— ھە ، مىنېرال سۇ ، يەنىچۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— نېمە ؟ — مەن ئۇنىڭغا سەل ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىپ ، ئاندىن يەنە ۋىسكىي بۇيرۇدۇم .

كېيىن تالاغا چىقىپ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ كېتىپتىمەن .

ئويلاپ باقسام بۇ مەن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئەرلەرنى كۈتكەن ھېلىقى مېھمانخانا ئىكەن .

ئالدىمغا بىر ئەر كىشى يېقىنلاپ كېلىۋېدى ، ئۇ ئاغرىنى ئېچىپ بولغۇچە ، « ماڭ ! » دەپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپتىمەن . كېيىن يەنە ئۇچى كەلدى . قارىسام ئۇچىنچىسى خېلى سالاپەتلىك تۇرىدۇ . ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم . ئۇ ئادەتتىكىچە ئادەم ئىكەن ، بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەستەك تۇرىدۇ . ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار ئوخشايدۇ .

شۇنداق ، ھەممىمىزنىڭلا ئۆزىمىزگە چۇشلۇق دەردىمىز بار . ئۇ پۇلنى ئۇستەلگە قويۇۋېدى ، مەن دەررۇلا :

ـــ ياق ، پۇل ئالمايمەن ، خۇدا ھەققى ، بۇنداق قىلماڭ ، ـــ دېدىم .

ئۇ ماڭا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى ، كېيىن خۇددى مېنىڭ ھالىمغا يەتكەندەك ، مۇلايىم ئاھاڭدا :

ـــ ئەمىسە ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي ، ـــ دېدى .

ئۇ ياتاقنىڭ پۇلىنى تۆلىگۈچە مەن تالادا ساقلاپ تۇردۇم . يولبويى بىر ئېغىزمۇ پاراڭلاشماپتۇق ، ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ھەتتا ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەي ، ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كېتىپتىمەن . كېيىن ئۇمۇ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندۇ ، ئىلاھىم ، ئۇنىڭ ئۆيى مېنىڭكىدىن كۆڭۈللۈك بولغاي .

شۇنىڭدىن كېيىن سوتقا ئىشقا بارالماي ، دوختۇرخانىدا بىر نەچچە ھەپتە يېتىپ قالدىم . ئىككى ھەپتە تورۇسقىلا قاراپ يېتىپتىمەن . بەزىدە قاچا ـ قۇچىلارنىڭ جاراڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالمىغاندا ، كېسەلخانىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت

ئىدى. بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى بىرەيلەن مېنى يوقلاپ كىرىپ:
— دېمىدە ئىچكۈزۈپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى مەن-
دىن. مەن كارىۋاتتا ياتقىنىمچە ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتىد-
مەن. كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئۆلەر ھالەتتە ئەمەسلىكىمنى، يې-
قىن بىر دوستۇم ماشىنا ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئاپامۇ
مېنى تاشلىۋەتكەچكە مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمنى چۈ-
شەندۈردۈم.
— بەك يامان بوپتۇ، — دېدى ئۇ ماگا ئىچ ئاغرىتىپ،
كېيىن ئۇ ماگا يەنە دېمىدە ئىچكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەم
ماگا يېقىنچىلىق بىلەن قاراپ، — گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ —
دېدى.
— چۈشەندىم، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — لېكىن مەن
دېمىدە ئىچمەيمەن. مەن ئۆمرۈمدە چېركاۋغا بېرىپ باقمىغان.
ئۇ ناھايىتى ھەيران قېلىپ:
— سىز خۇداغا ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن
ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئېيتتۇبىدىم، ئۇ يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، —
خالىسىڭىز سىزگە دۇئا قىلىپ قوياي، — دېدى، مەن قوشۇل-
غاندىن كېيىن، ئۇ دۇئا قىلىپ ئاخىردا، — سىزنى خۇداغا تاپ-
شۇردۇم، — دەپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى يۇ-
يۇنۇپ چىقىپ چوڭلار يېپىپ قويغان يوتقاننىڭ ئىچىدە ياتقان
كىچىك بالىدەك راھەت ھېس قىلدىم. كۆزۈم ئوچۇق، كېسەل-
لەرنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.
ئەتىسى ئويغانسام خېلى يېنىكلىشىپ قاپتىمەن، گېلىم-
دىنمۇ تاماق ئۆتتى. ئارىدا يەنە بىر ھەپتە ئۆتتى. تۇرۇپلا ھېلىقى
پوپنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، راست، كۆرگۈم كەلدى، چۈنكى
ئۇ ماگا سالغان ئىمان سۇسلاپ قېلىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ كەلمىدى.

ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پوپ كەلدى . ئۇ ئۇزاق تۇرمايتتى، كې-
سەلخانىلارنى تېزلا بىر قۇر ئايلىنىپ چىقاتتى ـ دە، ھەتتا بىمارلار-
غىمۇ كەلىمەي كېتىپ قالاتتى . مەن سېستىرادىن ھېلىقى پوپنى يەنە
كېلەرمۇ، دەپ سورىسام ئۇ:

ـــ كاللامدا شۇنچە جىق ئىش تۇرسا ، سىزنىڭ قايسى
پوپنى دەۋاتقىنىڭىزنى نەدىن بىلەي ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ،
ئاندىن ، ـــ قېنى ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ ، ـــ دېدى . ئاغزىمنى ئې-
چىۋىدىم ، تېرمومېتىرنى چىشلىتىپ قويدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن
ئەتـە ئەتىگەندە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسەم بولىدىغانلىقىنى
ئۇقتۇردى . دوختۇرخانىدىن چىقىپ ياتىقىمغا كەلگەندىن كېيىن
ھېچ ئىش قىلماي ھەم ھېچنېمىنى ئويلىماي بىر ھەپتىنى ئۆتكۈ-
زۈۋەتتىم .

بـىر كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى چىرايلىق قىز جىنايەتچىلەر-
نىڭ ئىسمى يېزىلغان خاتىرەمنى، پۇل چېكىمنى ئالدىمغا قويۇپ
ئۆزۈمچە بىر پىلان تۈزدۈم .

ئالدى بىلەن تۆت ھۇجرىلىق ، ئىككى ئىشكى بار ،
ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق ، ئىجارىسى ئىنتايىن قىممەت بىر
ئۆينى تاپتىم . ئۆي ئىگىسى پۇززۇر كىيىنىۋالغان چىرايلىق ئايال
ئىكەن . ئۇ مېنىڭ تونۇشتۇرۇش خەتلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ كۆ-
رۈپ چىقىپمۇ يەنە دەرگۇمان بولغان ھالدا مېنىڭدىن :

ـــ يالـغـۇز تۇرۇپ بۇنـچـىۋالا چوڭ ئۆيـنى نېمە قىلىـ-
سىز ؟ ـــ دەپ سورىدى .

مەن چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى
ئېيتتىم . نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇ ئاخىر ماقا ئىشەنگەندەك قىلدى .
بىر يىل ئولتۇرىدىغانغا توختام تۈزدۇق . ئۇ ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز
سەككىز ھەپتە ئولتۇردۇم . بانكىدىكى پۇللىرىم بارغانسېرى ئاز-

يىپ ، ھەممىسى ئۆي ئىگىسىنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتتى .
شۇنىڭ بىلەن مەن جىددىيلىشىپ قالدىم . بۇنداق يوغان ، ئىسىل ئۆيلەر ئادەمنى بوشاشتۇرۇپ كاردىن چىقىرىدىغان ئوخشايدۇ ، بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەي ، دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، نەگە كۆچىمەن ؟ بۇنى ئېنىق قارار قىلالمىدىم . ئۇيان ئويلىنا ، بۇيان ئويلىنا ، بىردىنلا ھېلىقى پوپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى . دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي ، خۇدا بۇيرۇپ ئۇنى تېپىۋالسام ، ئۇنىڭدىن بىر مەسلىھەت چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم . بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى تاپتىم .

مەن ئۇنىڭ كونا دەرۋازىسىنى قېقىۋاتقان چېغىمدا ، قايسى بىر باھاردا ئاپام بىلەن بىللە تاماشا قىلغان چاغدىكىدەك خۇشال كەيپىياتتا ئىدىم .

— كىمچۇ ، پوپ ئۆيدىمۇ ؟ — مەن ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ھارغىن چىراي ئايالدىن سورىدىم .

— كىم ؟

مەن سۆزۈمنى تەكرارلىدىم ، پوپنىڭ ئىسمىنى ئېيتتىم .

— ئۇ چىقىپ كەتتى ، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغان ئاۋازدا .

— ئۇنى ساقلاپ تۇرسام بولارمۇ ؟ — مەنمۇ كەيپىم ئۇچقان ھالدا سورىدىم .

— چېركاۋنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەنمىدىڭىز ؟

— ياق ، ئۇ ئىش ئەمەس .

— ئىئانە ئىشى بىلەنمۇ ؟

قارىسام ، ئۇنىڭ مىجەزى سەل قوداغشىپ تۇرۇپتۇ ، شۇڭا :

— هەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ساقلىسىڭىز ساقلاڭ، — ئۇ مېنى ئويۇنچۇقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر ئۆيگە باشلاپ قويدى. ئۇ ئۆيىنىڭ لاتا ـ پېپتىلىرىمۇ يەڭگۈشلىگۈدەك بولۇپ قاپتۇ، كىرلىكلەر داغ، هەتتا رەڭ يۇقى.

شۇ ئولتۇرغىنىمچە ئىككى سائەتتىن ئوشۇق ئولتۇرۇپتىمەن. ئۇ ئايال هەدەپ ئۆي ئىشى بىلەن، تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىۋاتقان، ئاخىر بولمىغاندا ئۇ ئالدۇ. بۇ تېلېفونلارمۇ ئۇنىڭ ئىرىدىن ئۇنى ـ بۇنى ئىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن تېلېفونلار ئىكەن.

ساقلاپ ئاخىر بولالماي تۇرغىنىمدا پوپمۇ كەلدى. ئۇ ئۆيگە قاقشاپلا كىردى ۋە خوتۇنىنى دەرهال قەهۋە قاينىتىشقا بۇيرۇدى. ئاۋازىدىن ئالدىراپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. خوتۇنى مېنىڭ پوپنى ساقلاۋاتقانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىكەن، ئۇ قەهۋەنى ئىچىپ بولۇپ، سىرتقا ماڭغان چېغىدا مېنى گۆپپىدە ئېسىگە ئېلىپ ئۇنى توختىتىۋالدى.

پوپ مەن ئولتۇرغان ئەسكى ئۆيگە ئالدىراپ كىردى. مەن سەل تىترىگەن هالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۇدۇقلىغىنىمچە سالاملىشىپ:

— مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ مېنى ئەسلىيەلمىدى هەم بۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن ئەپۇ سوراپ:

— خوش، خىزمىتىڭىزدە بولاي، — دېدى، ئارقىدىنلا يەنە مەندىن، — سىز بىزنىڭ يېڭى مۇخلىسىمىز ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ بىر ئىشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

— شۇنداق ، — دېدىم مەن ، — مەن سىلەرنىڭ يېڭى مۇخلىسىڭلار . سىز ئالدىراش ئىكەنسىز ، كېيىنچە بىر كېلەرمەن .
بىز ئۆيدىن چىققاندا ، ئۇ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلغىنىچە :
— ئەمىسە ، كېيىن يەنە بىر كېلەرسىز . كەچۇرۇڭ ، بۈگۈن راستىنلا بىر ئىشىم بار ئىدى ، — دېدى .
— ھېچقىسى يوق ، — دەپ قويدۇم مەنمۇ . مېنىڭچە ئۇ بۇ گېپىمنى ئاڭلىمىدى . چۈنكى ، ئۇ شۇ چاغدا دەرۋازىدىنمۇ چىقىپ بولغانىدى .
مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ خۇشاللىق تاپىمەن ، دەپ ئويلىغان ، لېكىن روھسىزلانغان ھالدا ياتاققا قايتىپ كەلدىم . شۇ تاپتا مەن يەككە - يېگانە . خەيرىيەت ، ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ ، نېمىلا دېگەن بىلەن مۇستەقىل بولدۇم ، ئەمدى ئۆز ئەشىمغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن . خۇداغىمۇ يۆلەنمەيمەن ، بەندىگىمۇ يۆلەنمەيمەن .
بلاكىلىپي ئەپەندىنى كولدۇرلىتىش ، گۈل ئوغرىلاش دېگەندەك بۇرۇن مېنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشلار ئەمدى ماڭا تەسىر قىلماس بولۇپ قالدى . مەن تۇرمۇشنىڭ شەپقەتسىز سودا ئىكەنلىكىنى ، ھەر قانداق ئىشقا تەييار تۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم .
مەن ھېلىقى قىزلارنى ئانچە جاپا تارتمايلا تاپتىم ھەم بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە باردىم . ئۇلارنى كۆرۈپلا تونۇدۇم ، ئۇلارمۇ مېنىڭ سوتتا ئىشلىگەن ھېلىقى قىز ئىكەنلىكىمنى تونۇدى . دەسلەپتە ئۇلار سۆزۈمگە كىرمىدى ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدىم . سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتتۈم . ئۇلار ئۇ ئىشتا بەك تەجرىبىلىك ئىكەن . بىر نەچچە ئاخشام ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

كۆزىتىپ باقتىم ، گېزى كەلگەندە كاپپىدە ئىسلىدىكەن . ئۇلار دوللورغىمۇ ، ئاپامغىمۇ ، مىنىتى خانىمغىمۇ ھەرگىز ئونتۇلۇش-مايدىكەن . . . ئۇلارغا قاراپ بىرەيلەننى ئەسلەپ قالدىم . كىمنى؟

ئۆزۈمنىمۇ ؟ شۇنداق ، ئۇلار ماڭا ئۆزۈمنى ئەسلەتتى . راست . . .

ئالدى بىلەن لىنداغا يېقىنلاشتىم . ئۇ مېنى يەنە تۇتىدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ مۇلۇندەك ھوشيارلىنىپ ئۆزىنى قوغ-دىدى .

— لىندا ، — دەپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم ، — مەن ھازىر سوتتا ئىشلىمەيمەن . سەن بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەن . ھەر ھالدا سەن قىزىقىدىغان ئىش . . .

ئۇ مەن بىلەن بىللە ئۆيۈمگە كەلدى . مەن ئۇنىڭغا پەم بىلەن ئىش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالىسىلا ، مۇشۇ يەردە تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ خېلى مەرتىۋىلىك ئادەملەرنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم ، يەنە ئەرلەردىن ئانچە - مۇنچە قوشۇمچە پۇل ئېلىپ تۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ، قالغان پۇللارنىمۇ ئۆزىگە خىراجەت قىلىدىغانلىقىمنى ، ئۇنى پۇزۇر كىيىندۈرىدىغان-لىقىمنى ، يەنە ئۆزىنىڭمۇ نۇرغۇن بىكار ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم ، شۇنداقتىمۇ لىندا قۇۋلۇق قىلىپ ماڭا سوئال قويدى :

— سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئاتا - ئانامغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن ؟

— ئوشتە ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ قو-پۇپ ، — بولدى ، كۆزۈمدىن يوقالغىنا !

— نېمە بولدى ؟ — ئۇ ھولۇقۇپ قالدى .

— يالغان سۆزلەيدىغان ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق. مەن بىلمەمتىم، قېرى هامماڭچاڭنىڭ ساڭا ئۆچلۈكىنى. ئۇنىڭ سېنى كۆرەرگە كۆزى يوققۇ.

لىندا كۆلۈپ تۇرۇپ مېنىڭ تاپقۇرلۇقۇمغا قول قويدى. ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگىنى بىلەن ئەرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا خېلى دىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۆزى چىرايلىق هەم خۇلقلۇق.

باشقا ئىككىسىنىڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنگى دانىيىلىك ئىدى. ئۆزى گۈلدەك چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ماڭا تاش يۈرەك ئايالدەك بىلىنەتتى.

ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىپپىتىنى سېتىش جىنايىتى بىلەن قامالغان، هەتتا مارىمۇ ئۇنىڭدىن هېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيتتى. ئىنگىنىڭ ئېرى ماتروس ئىكەن. ئۇ ماڭا ئېرىنىڭ ئۆزىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى هەم ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپ مەغرۇر هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى هەم ئېرىنىڭ كەمبەغەلچىلىككىمۇ كۆنۈك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئىنگى، — دېدىم مەن، — ئۇنداقتا سەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق جان باقارسەن؟

— تىجارەت قىلىمەن، دۇكان ئاچىمەن.

— قانداق دۇكان ئاچىسەن؟

— قەھۋەخانا.

ئۇ ئۆزىنىڭ هازىر ئازراق پۇلى بارلىقىنى، يەتكۈدەك پۇل تاپقاندىن كېيىن هەرگىز نومۇسىنى سېتىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدىغانلاردىن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

نوما چىرايلىق قىز ئىدى . مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ خەتەرلىك ئىشىمغا قاتنىشىش تەكلىپىنى قويغىنىمدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .

— سەن ئادەم تاللاشنى بىلىدىكەنسەن ، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا ، — مەن ئەرلەرگە بەك ئامراق ، ھەممىسىگە ، ھەتتا بىرەرىنىمۇ قالدۇرماي .

بۇ قىزلار كۆڭۈل توختىتىپ بولغاندىن كېيىن پىلانىم بويىچە دوختۇرنى چاقىرتتىم . ئۇ بىز ئۈچۈن ئىشلەشكە ماقۇل بولغانىدى .

— ئۈچ قىز دېدىڭىزمۇ ؟ ئۈچلا ؟ — سورىدى ئۇ .

— ھەئە .

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— نۇرغۇن پاھىشىخانىلار پىچەتلىنىپ كەتتى . مۇشۇنداق ھالەتتە بۇ يەرنى ئېچىپ نېمىمۇ قىلارسىز !؟ بۇنىڭدىن كۆرە خالىغان جايدا يوشۇرۇن بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭلار بولمامدۇ ؟ ئويلاپ بېقىڭ . . . — دېدى .

— مەن ئويلىنىپ بولغان . ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلگۈچىلىكىم بار ، — دېدىم . ئۇ يەلكىسىنى قىسىپ قويدى .

— ئەمىسە ماڭا ئالدىن بېرىدىغان پۇلنى بېرىۋېتىڭ . ئىش - ئوقەت دېگەن مۇشۇنداق بولىدىكەن . ھە ، راست ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۆلەپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ .

بىر ئاي ئۆتتى . ھەممە تەييارلىق تەق بولدى . ئۈچ ھۇجرىنى « خىزمەت » ئۈچۈن راسلىدۇق . ئۇنىڭغا غۇۋا چىراغلار ئورنىتىلدى ، ئىبسىل پەردىلەرنى تارتتۇق ، چاققان گىلەملەرمۇ سېلىندى ، پاكار يۆلەنچۈكلۈك ئورۇن سافالارمۇ قويۇلدى ، لېكىن

ـپمىشقىدۇر ئىش باشلىغۇم كەلمىدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزۈممۇ بىلەلمەي يۈردۈم . كېيىن ئويلاپ باقسام ، ئۆ- زۈمنىڭ ياش قۇرامدىكى قىزلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈ- شۈم مۇشۇ ئىكەن ، بۇنىڭدىن مەن خېلىلا لەززەت تېپىپتىمەن .

مەن مۇنداق بىر ئەمەلىي مەسىلىگە دۇچ كەلدىم . راست گەپنى قىلغاندا ، بۇ قىزلار نېمىلا دېگەن بىلەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىد- دىن ئەنسىرەيتتى . بۇ مېنىڭ كەيپىياتىمغا تەسىر قىلدى . ئىچىمدە سەل ئازابلاندىم ھەم پەرىشان بولدۇم . مەن بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان ، لېكىن ئەمەلىيەت شۇ ، ۋىجدان ۋە ئەخلاقىي تۇيغۇ مەندىن غالىب كەلگەندى . پىلانىمنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇد- مەن دەيدىكەنمەن ، ئۆزۈمنى دەرھال كونترول قىلىشىم كېرەك . بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ ، لېكىن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ .

ھەر كۈنى سەھەردە ئىنگى پەتنۇستا مەززىلىك ناشتىلىق كۆتۈرۈپ كىرىپ مېنى ئويغىتاتتى ۋە ماڭا :

— سەھەردە ئوبدان غىزالانسا ، سالامەتلىككە پايد- دىلىق ، — دەيتتى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە نومانىڭ دېرىزىدىن تالاغا قاراپ رە- سىم سىزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ ئوبدان رەسىم سىزىدد- كەن . ئۇنىڭدىن رەسىمچىلىكتە ئوقۇغانمۇ ، دەپ سورىدىم .

— ياق ، — دېدى ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ .

— ئوقۇپ باقامسەن يا ؟

ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ :

— تولا چاقچاق قىلما ، — دېدى .

— ياقەي ، سەن گۈزەل سەنئەت مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇ- ساڭ بولغۇدەك ، — دېدىم مەن گەپنى ئېنىق - ئېنىق قىلىپ ، ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ بوينۇمغا ئېسىلىۋالدى .

— جىنىم تىلتون ، راست گەپ قىلىۋاتامسەن ، چاقچاق ئەمەستۇر ـ ھە ؟

— ياق ، راست دەۋاتىمەن .

شۇنىڭدىن كېيىن نوما ھەر كۈنى كۈنچىقىش بىلەنلا تالاغا چىقىپ رەسىم سىزىدىغان بولدى .

ئىنىگى ماگا ئۆزىنىڭ بۇنداق تۇرمۇشتىن تويغانلىقىنى سۆزلەپ :

— تەجرىبە توپلاش ئۈچۈن بىرەر قەھۋەخانىغا بېرىپ ئىشلەپ تۇرايمىكىن . يەنە بىر جەھەتتىن پۇل تاپقىلىمۇ بولىدۇ . ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالسىمۇ سەت ئىشـ كەن ، ـــ دېدى . مەن كۈلدۈم ، لېكىن ئۇنىڭ گېپى يۈرىكىمگە تەگكەندى . مەن ئاۋازىمنى سوزۇپ تۇرۇپ :

— بوپتۇ ، ئۆزۈڭگە ماقۇل كەلگەن بولسا قىلىۋەر ، ـــ دېدىم .

ئىندادا چوڭ مەقسەتلەرمۇ ، ئايال كىشىنىڭ قولىغا قاراپ قالدىمغۇ ، دېگەن خىيالمۇ يوق ئىدى . بىر خىلدا كۈن ئۆتكۈ- زەتتى ، بەزىدە ئىنىگى پىشۇرغان پىرەندىكلەرنى يېگەچ ، دېرىزە تۈۋىدە ئاپتاپ سىناتتى .

— تۇرمۇش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولمامدۇ ! ـــ دېدى ئۇ بىر كۈنى ماگا رازىمەنلىك بىلەن .

— شۇنداقمۇ ؟ ـــ دېدىم مەن .

— ھەئە ، جەننەتنىڭ تۇرمۇشى ـ دە ، بۇ . نېمە دېسەم شۇ بار ، نېمە دېگەن پەيزى .

مەن ئۇنىڭدىن ئائىلىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشىنى تە- لەپ قىلدىم .

— يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىمدا دادام تۇگەپ كې-

تېپتىكەن ، ــ دېدى ئۇ ، ــ ئاپام كېيىن باشقا بىرىگە ياتلىق بولدى . ئېرى ماڭا يامان كۆزدە قارايتتى . بۇنىڭدا ئۇ ئەيىبلىك ئەمەس ، نېمىشقا دېگەندە ، مەن چىرايلىق ـ دە . شۇڭا ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋالاتتى . كېيىن ئىككىمىز چىقىشىپ قالدۇق . بۇمۇ سىر بولۇپ قالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئاپام جېدەل قىلىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى . بۇنىڭغىمۇ ئاپام ئەيىبلىك ئەمەس . ئۇ مېنى تۇغماس ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتتى . مەن ئۇ تومپاي خوتۇننىڭمۇ كۆزىگە سىغمىدىم . چۈنكى ، ئۇنىڭغا چاتاق تېپىپ بېرىپ تۇراتتىم ، ھەر قانداق ئەسكى ئىش مەنسىز بولمايتتى ، شۇڭا ئۇنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ . بىر كۈنى كېچىدە كەينى كوچىدا كېتىۋاتسام بىرى ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى . شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىم . بۇ ئىشنى ھامماتچامغىمۇ ، ھېچكىمگە ئېيتمىدىم . ئاندا بىر مەزگىل ئۆتتى ، كېيىن ئۆزۈملا ئەرلەرگە چاپلىشىدىغان بولدۇم . پۇلمۇ تاپىدىكەنسەن ، لەززەتمۇ تاپىدىكەنسەن ئەمەسمۇ .

— شۇنىڭ بىلەن چېچىكنىڭ چاي بوپتۇ دېگىنە ، — دېدىم ، — خوش ، بۇ يەردىكى خىزمەت ساڭا ياقامدۇ ؟

— بولىدۇ ، ئەگەر مۇشۇنى خىزمەت دەيدىغانلا ئىش بولسا ، — دېدى ئۇ ، — ھە ، راست ، ئىشىمىزنى قاچان باشلايمىز ؟ يەنە نېمىنى ساقلايمىز ؟

— ئالدىرىما ، پات ئارىدا ، — دېدىم مەن .

بىز كەچلىك تاماقنى بىللە ئولتۇرۇپ يەيتتۇق . ئىنگى بىلەن نوما كۈندۈزدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ چۇۋۇرلىشىپ كېتەتتى . تاماقتىن كېيىن لىندا قازان ـ قومۇشلارنى يۇياتتى ، ئاندىن كىرغا تۇتۇناتتى . ئۇنىڭ قولىدىن يەنە كىيىم تىكىشمۇ كېلەتتى .

كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋەردى ، ھېچ ئىش قىلمىدۇق ، لې-

www.uyghurkitap.com

كىن ئېيىغا ئىجارە ھەققىنى يوغان ـ يوغان تۆلەۋەردىم: پۇللا-
رىممۇ خۇددى تومۇزدا ئېرىگەن مارۇژنىدەك تۈگىگىلى تۇردى.
مەن ناھايىتى ئەپسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم، نېمە قى-
لىشىمنى بىلمەيتتىم. قىزلار بولسا جىلى بولۇپ كېتىۋاتاتتى...
ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كەينىگە سۈرۈۋەرسەممۇ بولمايتتى.
مەن ئۇلارغا ئامراق بولۇپ قالغانىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى
چەكسىز ساقلىتىۋېرىشنىڭ ئادىللىق بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ
تۇراتتىم.
بىر كۈنى كىچىك قىزنىل چامادانىمنى ئېلىپ ئىچىدىن بانكا
ھېساباتىمنى چىقاردىم ـ دە، ماگا قىزىقىپ قاراپ تۇرغان ئۇ
قىزلارغا تەمكىنلىك بىلەن:
— مەن بۇ ئۆيدىن كۆچىمەن، سىلەرمۇ بۇ يەردىن ئايرى-
لىشىڭلار كېرەك، — دېدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ لىندا كىچىك با-
لىدەك ۋارقىراپ كەتتى.
— ياق! تىلتون، ياق...
شۇ ئەسنادا ئىنگى ئۇنى چاڭگىدە بىر كاچات سېلىپ:
— ۋارقىرىما! — دەپ توۋلىدى، ئاندىن ماگا، — قېنى
تىلتون، سۆزۈڭنىڭ ئاخىرىنى دېگىن، — دېدى.
— بۈگۈنلا كۆچىمەن، سىلەرمۇ كېتىشىڭلار كېرەك، —
دېدىم مەن.
— بۇنداقتا بىزگە ئۇۋال قىلغان بولىسەن، بەكلا... — دې-
دى ئىنگى ئېتىراز بىلدۈرۈپ.
— مەندە يەنە پۇل بار، جىق ئەمەس، بەك ئازمۇ ئەمەس.
تۆتىمىز تەڭ بۆلۈشىمىز، — دېدىم مەن.
— بۇ قاملاشمىدى. مەن سىنىڭ پۇلۇڭنى ئالمايمەن، —
دېدى نوما.

— سەن كاپشىمنىنا ! — دېدى ئىنگى ۋارقىراپ ، ئاندىن ماگا ، — قېنى ، ئاخىرىنى دېگىنە ، — دېدى .

مەن بۇ يەردىن كېتىشىمگە بىرەر چاتاق سەۋەبچى بولمىغانلىقىنى ، لېكىن كەتمەيمۇ بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ :

— مەن خالىمىساممۇ بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر ، — دەپ يەنە بىر تەكىتلەپ قويدۇم .

— توۋا ، مۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ ، — دېدى ئىنگى ، — كەتمىسەڭ بولمايدىغانلىقىنىغۇ ئۇقتۇق ، لېكىن ساگا تازا موھتاج بولۇۋاتقان چېغىمىزدا سەن كەتسەڭ قانداق بولار . . .

مەن ئۇلارغا قارىدىم ، بەستلىك ، ساغلام ، كېلىشكەن ئىنگىغا قارىدىم ، كۆزلىرىدىن ئەقىل پارلاپ تۇرغان ، جۇغى كىچىك لىندا بىلەن نۇماغىمۇ قارىدىم .

— ئېيتقىنا ، — دېدى ئىنگى كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ ، — بىزنى نېمىشقا ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ قالغانلىقىڭنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېيتىپ باققىنا .

— چۈنكى ، مەن سىلەرنى سۆيىمەن ، — دېدىم مەن .

— ئۇشتە ، ساراڭ بوپتۇمۇ نېمە بۇ ! — دېدى ئىنگى .

لىندا بىلەن نوما ماگا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى ، لېكىن كۆزلىرىدە ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى . مەن ئۇلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم . شۇنچىلىك كۈلۈپتىمەنكى ، ئاخىر مېنى ھېق تۇتۇپ كەتتى .

— ئاۋۇ ساغۇچ قەغەز خالتىنى ئېلىپ بېرىڭلارچۇ ، — دېدىم مەن . قەغەز خالتىنى ئاغزىمغا تۇتۇپ نەپەسلىنىپ ئاخىر ھېقنى توختىتىۋالدىم .

شۇ كۈنى كەچتە بىز دەرقەمدە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق . مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ بىر نەچچە ئايدىن كې-

www.uyghurkitap.com

يىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم . بۇ گېپىم ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ شۇنچە سۈنئىي بىلىندى . خۇددى ئاۋازىممۇ ئۆزۈمنىڭ ئەمەس-تەكلا . قىزلار بولسا ، قېنى نېمە دەيدىكىن دېگەندەك قاراپ ئۇ-گۇمانسىراپ ئولتۇراتتى .

مەن ئىجارىسى ئەرزانراق بىر ئۆيگە كۆچۈپ كېتەيلى ، شۇنداقتا ئىنگى دەۋاتقان قەھۋەخانىنى سېتىۋالالايمىز . ئىنگى كۆڭۈل توختىتىپ ئىشلەيدۇ ، ئىككىڭلارمۇ ئوقۇيالايسىلەر ، دەپ چۈشەندۈرۈپ ، يەنە لىنداغا :

— سەنمۇ سەيپۇڭچىلىقتا ئۇستا بولۇپ كېتىسەن ، ھېلى-مىغۇ يامان ئەمەس ، لېكىن رەسمىي ئوقۇغاندىن كېيىن ئوبدان كاسىپ بولۇپ چىقالىشىڭدا مەسىلە يوق ، — دېدىم .

ئۇ گەپ قىلماي ھاڭۋاققىنىچە ماڭا قاراپلا تۇردى .

— ئىككىڭلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىنگى خەۋەر ئالىدۇ ، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — كۈندۈزى ئوقۇيسىلەر ، ئاخشىمى ئىنگىغا ياردەملىشىسىلەر . خۇش بولاي ، مېنى ھەرگىز نائۇمىد قويماڭلار . مەن سىلەرگە ياخشى بولسۇن دەۋاتىمەن . مەن سىلەرگە ياردەم قىلاي ، سىلەر ماقۇل دەڭلار . . .

ئىككى كۈندىن كېيىن بىز ئۇ ئېسىل ئۆيدىن ئەرزانراق بىر كۈنگەي ئۆيگە كۆچۈپ چىقتۇق . بىز بۇرۇنقى پىلانلىرىمىز نەدە قالدى دېيىشمىدۇق . قىزلار ھازىرنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ پىلانى بىلەن بولۇپ كەتتى . پەقەت مەنلا مۇشۇ قىلىۋاتقانلىرىمىز توغرا بولۇۋاتامدۇ قانداق ، دەپ پات - پات ئويلىنىپ قالاتتىم .

بىر ئايدىن كېيىن بىز بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا يېقىن قەھۋەخا-نىنى سېتىۋالدۇق .

— مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈ-مەن ، — دېدى ئىنگى . ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئېرى دېڭىزدىن

قايتىپ كەلدى . ئۇ ناھايىتى ساغلام ئادەم ئىكەن . مەن ئۇنىڭ ئا-
يالىغا ئىنتايىن ئامراقلىقىنى ھەم ئايالىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى
بايقاپ قالغانلىقىنى سەزدىم . ئۇ جىسمانىي جەھەتتىلا ئەمەس ،
ئەقلىي جەھەتتىنمۇ ساغلام ئىكەن . شۇغىنىسى ، ئىككىنچى تەرد-
پىنى ئىنگى ئانچە سەزمەيدىغان ئوخشايدۇ . ئۇ بۇ يەردە بىر ھەپتە
تۇردى . مەن ئۇنىڭغا ئادۋۇكات قول قويغان توختامنى كۆرسەت-
تىم . توختامدا ئىنگى پۇل تاپقاندىن كېيىن ساپ پايدىسىدىن ماڭا
ۋاقتى - ۋاقتىدا قەرز تۆلەپ تۇرىدىغانلىقى ، ئىندا بىلەن نومانى
ئىشلەتسە ئۇلارغىمۇ پايدىسىدىن ئازراق بۆلۈپ بېرىدىغانلىقى يې-
زىلغانىدى .
بىر يىللىق ئۆي ئىجارىسىنى ۋە ئىككى قىزنىڭ ئوقۇش
راسخوتىنى تۆلىگەچكە يېنىمدا ھېچقانچە پۇل قالماپتۇ . ھېسابلاپ
باقسام ، تېجەشلىك كۈن ئۆتكۈزسەم پۇلۇم ئارانلا بىر نەچچە
ھەپتە يېتىدىكەن .
مەن كۈنبويى ئۆيدىن چىقالمايتتىم . قىزلار بولسا ئالدىراش
چېپىپلا يۈرەتتى . ئاخشىمى ھەممىسى قەھۋەخانىغا يىغىلاتتى ھەم
مەندىن دۇكانىنىڭ سودا ئىشىغا ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى . مەن
بۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس دەپ ئۇنىمايتتىم . ئۇلار ناھايىتى مەرد
ھەم سۆيۈملۈك ئىدى . دائىم مەن بىلەن پىكىرلىشىپ تۇراتتى .
قىسقىسى ، ئۇلار مېنىڭ ھەر قانداق گېپىمگە ئىشىنەتتى . ئۆزۈم-
نىڭ ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئادەم بولۇپ قالغانلىقىمنى ئوي-
لىغىنىمدا جىددىيلىشىپ قالاتتىم ، ئاپامنىڭ : « خەق بىلەن بەكمۇ
يېقىن دوست بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك ، بولمىسا ئۆزۈڭگە باش
ئاغرىقى تېپىۋالىسەن » دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىۋالاتتى .
ئويلاپ باقسام ، ئەگەر بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي مۇشۇنداق
يۈرىۋەرسەم ئاخىر قىزلارنىڭ قولىغا قاراپ قالغۇدەكمەن . شۇڭا

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى قەتئىي نىيەتكە كەلدىم . مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قال-غانلىقى، بىر كۈنلەردە ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىم ھەققىدە بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ، چامادانىمنى ئالدىم ـ دە، ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا چىقتىم . مەن بۇ كۈنگەي ئۆيگە قارىدىم، بۇ مېنىڭ بۇ ئۆي بىلەن، قىزلار بىلەن خوشلاشقىنىم ئىدى .

قولۇم قىسقا بولغاچقا، بىر شەخسنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدىم . ئۆي ئىگىلىرى ــ ياشانغان بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ فامىلىسى ستىرانگ ئىدى . ئەتىسى بىر كىچىك كىتابخانىغا ئىشقا كىردىم .

مەن يەنىلا ساغۇچ كۆزەينەك تاقاپ يۈردۈم . ئەينەكتىن ماڭا بۇ دۇنيا مەن سىغمىغۇدەك تار كۆرۈنەتتى . خەيرىيەت، تۇغۇلۇپ قاپتىمەن، ئىسست، دېسەممۇ، ماڭا بۇ جاھاندا ياشىماي ئامال قانچە !؟

مەن نىرى ـ بېرى ئىشلارنى ئويلىماي كۆز ئالدىمدىكىنىلا ئويلىشىم كېرەك . مانا، يىگىرمە بىر ياشقا كىردىم، دەرەخزارلىق بىر كىچىك كوچىدا ئولتۇرىمەن . ھەر كۈنى ئاپتوبۇستا كۈن چۈشمەيدىغان ھېلىقى كىچىك كىتابخانىغا ئىشقا بارىمەن، كونا كىتابلارنى ساتىمەن، يەنە خەقلەرنىڭ يىرتىق، كونا كىتابلىرىنى سېتىۋالىمەن، ئۇنى چاپلايمەن، تۈپلەيمەن . مانا شۇ ! ئويلاپ باقسام، ئۆزۈممۇ شۇ ۋەيرانە كىتابلارغا ئوخشايدىكەنمەن .

ئۇ كىتابخانا جىرمان ئەپەندىنىڭ ئىدى . ئۇ رېماتىزىمى ئېغىر بولغاچقا پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى، ئادەتتە كۈنبويى كىتاب-خانىنىڭ كەينىدىكى كۆلبىسىدىن چىقمايتتى . زۆرۈر ئىش بولمىسا بىز پاراڭلاشمايتتۇق . ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ياراپ قالدىم .

بۇ كىتابخانا كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرىش ئۈچۈن بەش پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. ئېگىزرەك ئادەم ئېڭىشىپ كىرمىسە، بېشىنى ئىشىككە ئۇرۇۋالاتتى. كىتابخانىنىڭ تۆت تېمى كىتاب بىلەن تولغانىدى، پۇللۇقراق كىتابلار ئىشخانىدىكى داتلىشىپ كەتكەن بىخەتەر ساندۇققا سېلىناتتى. بۇ ساندۇق نومۇرلۇق قۇلۇپى بۇزۇلۇپ كەتكەچكە ئەزەلدىن ئېتىلمەيتتى. ھەر قېتىم ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، جېرمان ئەپەندى قىممەتلىك كىتابلارنى ساندۇققا سالغان — سالمىغانلىقىمنى سورايتتى، مەن سالدىم، دېگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ دىڭگوسلاپ چىقىپ كېتەتتى. مەن دۇكاننى تاقىۋېتىپ ماڭاتتىم.

بەزىدە شۇ كىتابلاردىن بىرەرى سېتىلىپ كەتكەندە، جېرمان ئەپەندى خۇددى ئۇنى ئوغرىلىتىپ قويغاندەك بىر نەچچە كۈنگىچە شۈكلاپ كېتەتتى. بەزىدە، ھەي، تېپىلماس كىتاب ئىدى — دە، دەپ ئۇنىڭ ئارمىنىنى يەيتتى. مەن، ئۇ كىتابنىڭ ساندۇقتا تۇرغىنىدىن خەقنىڭ قولىدا تۇرغىنى ياخشى ئەمەسمۇ، دېسەم ئۇ بۇ گېپىمنى پەقەت توغرا تاپمايتتى. ئۇنداق قەدىمكى كىتابلارغا خېرىدار كېلىپ قالسا، مەن ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەي، ئاۋۋال جېرمان ئەپەندىدىن سورايتتىم. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇ خېرىدارنى كۆزىتەتتى، ئەگەر خېرىدار تۇرقىدىنلا ئۇنىڭغا يارىماي قالغان بولسا، مېنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ:

— تىلتون، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بۇ كىتاب بىزدە يوق ئىكەن، دەپ قويۇڭ، — دەيتتى. مەن قاراپ تۇرۇپ خېرىدارغا يالغاننى دەيتتىم، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىتاب پۇتۇمنىڭ يېنىدىلا، تۆمۈر ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتتى...

www.uyghurkitap.com

بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئون ئىككى ئاي ئىچىدە مەن تۇنجى قېتىم بىر مەسىلىنى بايقاپ قالدىم. ئۆزۈم پەرۋاسىز قارىسامۇ لېكىن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ دۇنيا خېلى گۈزەل ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ماشىنا ئادەمدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇشۇمغا ئاز بولسىمۇ جۇشقۇنلۇق ۋە رەڭدارلىق بېغىشلاپتۇ.

سترانگلارنىڭ بۇ ئۆيىنىڭ بىر بېغى بار ئىدى. مەن باغلىق هويلىدا ئولتۇرۇپ باقماپتىكەنمەن. بىر ئىللىق يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ دەرەخنىڭ بۈك ـ باراقسان شاخلىرى ئاشۇ چاغدا يالغۇز مېنىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىۋالغاندەك هېس قىلىپ كەتتىم. ماڭا دۇنيا پاكلىنىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. چىرىندە ـ پىرىندىلەرمۇ گۈزەل مەنزىرە قوينىدا ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق يولى، ماكانى بار ئىكەن. بۇ دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىمۇ مەن كۆرمەيدىغان يەرنىڭ ئاستىدا، ئۆزگىچە بىر دۇنيادا ياشاۋېتىپتۇ. مەن يۇقىرىدىن نازۇك شىلدىرلاشلارنى ئاڭلىدىم. يەر ئاستىدىنمۇ سىرلىق بىر سادانىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. بەزىدە ئۆزۈمنى ئۇتلاقا تاشلاپ، هېچنېمە خىيال قىلماي، ئاشۇ ئاۋازغا، ئاشۇ ساداغىلا قۇلاق سالدىم.

سترانگلار ئۆيدە بولمىسىلا مەن باغقا چىقىپ ئولتۇرۇۋالاتتىم. گۈگۈم چۈشۈپ كەچقۇرۇننىڭ هاۋاسى گۈل پۇراقلىرىنى دىماغقا ئۇرغاندىمۇ، كۆيچى قۇشلار نەغمىگە چۈشكەندىمۇ مەن جايىمدىن مىدىرلىمايتتىم. بىرەر قورقۇمسىز قۇش يېنىمغا ئۇچۇپ كېلىپ مېنى ئۆيۈمگە باشلاپ ئەكىرىپ كەتسە، دەپ ئارمان قىلاتتىم. بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، قازان ـ قومۇچلارنى يۇيغاچ ناخشا ئېيتىپتىمەن. دەل شۇ

چاغدا بوۋاي بىلەن موماي سىرتتىن قايتىپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ناخشامنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— ناخشىنى ئەجەب ئوبدان ئېيتىدىكەنسىز، تىلتون، — دېدى ستىرانگ خانىم، — ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم. بۈگۈن بەك خۇشال ئوخشىمامسىز؟

— خۇشال؟

— ھەئە، كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟! — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، مېنى بىللە تېلېۋىزور كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. مېنىڭ تېلېۋىزور بىلەن خوشۇم يوق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلالماي ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھەر كۈنى كەچتە بىللە بولىدىغان بولدۇق. تاماقنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىز ھەر كۈنى كەچتە ... 

— خوتۇن، خۇددى نانسى ئۆيىمىزگە قايتىپ كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم جۇمۇ، — دېدى. كېيىن ئۇقسام ئۇلارنىڭ قىزى نانسى ئون بەش يېشىدا تۈگەپ كېتىپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان بولدۇم. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاتا - ئانامغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدىم. ئۇلارغا بارغانسېرى مېھرىم چۈشۈپ قالدى، ئۇلارمۇ ماڭا بەك ئامراق بولۇپ كەتتى. مېنىڭ لايىقىمنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدى.

— شۇنداق چىرايلىق قىز تۇرۇپ، توۋا، — دەيتتى ستىرانگ خانىم كۈلۈپ، بۇ چاغدا بوۋاي چاقچاق قىلىپ:

— تىلتونغا مەندىن باشقا ھېچقانداق ئەر كىشى كېرەك ئەمەس، — دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتۇق.

ھەش - پەش دېگۈچە يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يە-

گىرمە ئۈچ ياشقا كىردىم . لېكىن ، ھېلىھەم ئۆزۈمنى ھەقىقىي
تۇرمۇش يولۇمنى ، ئورنۇمنى تاپالمىغاندەك ھېس قىلاتتىم .
مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم ، ئۆزۈمنى شۇ كىتابلار-
دىكى بەزى كىشىلەرگە ئوخشاتتىم . بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەت-
سەملا ، مېنى بىر گاڭگىراش ۋە غېرىبلىق چۇلغۇۋالاتتى . بۇ
تۇيغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال باشقا بىر كىتابنى باشلىۋالات-
تىم . ئەگەر بىرەر ساياھەت خاتىرىسى ئوقۇپ قالسام ، ئۆزۈمنى
خۇددى شۇ ساياھەتچىدەك ھېس قىلىپ قالاتتىم . كىتابنى كۆ-
رۈپ بولغان ھامان يۇرتۇمنى ئاجايىپ سېغىنىپ كېتەتتىم .
چۈنكى ، بۇ شەھەر ، بۇ زېمىن مەندەك مۇساپىر ئۈچۈن ھامان
يات ـ تە ! ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىتىدىغان ئىشلار ماڭا ماڭدامدا بىر
ئۇچراپ تۇراتتى . شۇ خۇنۇك ئۆتمۈشۈمنى ئويلىسام تۇرۇپلا
قورقۇپ قالاتتىم . شۇڭا كىتاب ئوقۇپ ، يا باشقا خىياللارنى قىلىپ
ياكى بىر ئىشلار بىلە مەشغۇل بولۇپ ئۇنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتىم .
ئەگەر شۇ ئۆتمۈشكە قايتىپ قالسام ، چوقۇم پۈتلىشىدىغىنىم ،
ھەتتا تۆۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغىنىم ئېنىق . سەگەك
ياشايمەن دەيدىكەنمەن ، چوقۇم ئالدىمغا قاراپ مېڭىشىم ، شۇ
ئۆتكەن كۈنلەر سايە تاشلىيالمايدىغان بىر مەنزىلگە قاراپ مېڭى-
شىم كېرەك .
بىر كۈنى ھېلىقى ئادۋوكات ئېسىمگە كېلىپ قالدى . ئە-
گەر ئىنگى قەھۋەخانىنى ئاققۇزالىغان بولسا ، ئادۋوكاتنىڭ ئىشخا-
نىسىدا بىر مۇنچە پۇل مېنى ساقلاپ تۇرغىنى ئېنىق . مەن ئۇ
پۇلنى ئالسام ، ساياھەت قىلالايمەن ، ھەتتا چەت ئەلگىمۇ چىقالاي-
مەن . مەن شۇ نىيەتكە كېلىپ تۇرۇپلا ئۇ قارارىمدىن ياندىم ،
چۈنكى سەپەر دېمەك ھەرىكەت دېمەك . مەن ئۇ سەپەرگە ماڭى-
دىكەنمەن ، يەنە شۇ كونا يولۇمغا كىرىپ قالىمەن ، يەنە شۇ قور-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قۇنچلۇق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمەن . يامغۇرلۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر يىگىت كىتابخانىمىزغا كىرىپ :

— « ئەجدادلارنىڭ سۆز دۇردانىلىرى » دېگەن كىتاب بارمۇ ؟ قاتتىق مۇقاۋىلىقى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى ، ئۆزۈمغۇ ئۇ كىتابنى كۆرۈپ بولغان ، دوستۇمغا سوۋغا قىلاي دېسەم تاپالمىدىم . زاكاس قىلسىڭىز بولىدۇ دېگەنىدى ، كەلگۈچە جىق ۋاقىت كېتىدىكەن . تاقەت قىلالماي بۇ يەرگە كېلىشىم ، — دېدى .

مەن توختاپ تۇرۇڭ ، دەپ جېرمان ئەپەندىنىڭ قېشىغا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، ئۇ يانچۇقىدىن مۇشتەكنى چىقاردى . ئۇنىڭ شۇ ھەرىكىتىگە قاراپلا قايسىبىر يىلى بىر ئاخشىمى ئاپامنىڭ قېشىغا كەلگەن ، مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۇ بەرگەن ھېلىقى يىگىتنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدىم ، ئۆڭى قارا ئىكەن ، ئۇ يىگىتنىڭمۇ ئۆڭى قارا ئىدى . مەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم ، ئۇمۇ جاۋابەن ھىجىيىپ قويدى .

جېرمان ئەپەندى ئادىتى بويىچە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنى كۆزىتىپ بولۇپ ئاندىن كىتابنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى . بۇنىڭدىن ئۇ يىگىتمۇ خۇشال بولدى . مەنمۇ خۇشال بولدۇم ، خۇددى ياپونىيىنىڭ بۇ كلاسسىك كىتابنى ئۇ يىگىت ئۈچۈن مەن ئالاھىدە يېزىپ مەتبەدە بېسىپ بەرگەندەك . ئۇ كىتابنى مەن ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇغانىدىم . ئىككىمىز بۇ كىتابنىڭ پارىڭىنى قىلىشتۇق . كىتابنى ئوراۋېتىپ قارىسام ، ئۇ ماڭا شۇنچە دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ .

تۇيۇقسىز ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . بۇ تىنچ كىتابخانىمىزدا ئادەتتە قاتتىق كۈلكە بولمايتتى . شۇڭا جېرمان ئەپەندى ئىشخانىسىدىن دىگگوسلاپ چىقتى .

— ئېسىمگە كەلدى ، مەن بۇرۇن سىزنى كۆرگەن . سىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەسلىيەلمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ .

— ياق ، ئەسلىيەلمىدىم . سىز چوقۇم بىرسىگە ئوخشاتتىڭىز .

مەنمۇ ئوخشاشلا ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھېيىقىپ قارىدىم . راستلا ئۇنى ئەسلىيەلمىگەنىدىم . كېيىن ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ ، يوغان ، كۆچلۈك قوللىرىغا ، رەتسىز بولسىمۇ بىر خىل غەيرىي پارقىراپ تۇرىدىغان چىشلىرىغا قاراپ بىردىنلا ياپون ئاشخانىسىدا گۈرۈچ ھارىقى ئىچكەن ئىش ئېسىمگە كەلدى . راست ، ئۇ كۈنى مەن ناخشىمۇ ئېيتقان ، ئاشخانىدىكى ھەممە ئادەم ماڭا شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى . مەن مارى بىلەن بىللە ئىدىم .

— ۋۇي ، راست ، — دەپ توۋلىۋەتتىم ، — ئېسىمگە كەلدى ، راست ، ئېسىمگە كەلدى . . .

شۇ ئاخشىمى ياپون ئاشخانىسىدا بولغان كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى . كىتابخانىدىن ئايرىلغان چېغىدا مېنىڭ سالامەتلىكىمنى سورىدى .

— ياخشى ، — دېدىم مەن ، — ئارىدا خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى ، مەنمۇ چوڭ بولۇپ كەتتىم .

مەن سۆزلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز قوللىرىم تىترىگىلى تۇردى . بۇنىڭغا جۇغى كىچىك جىبرمان ئەپەندى پەرۋاسىز قارىغىنى بىلەن ، ئۇ يىگىت ئالاھىدە دىققەت قىلدى . مەن ئۇنىڭغا :

— سىزگە بۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ ، — دېدىم ، — سىزنى كۆرۈپ مارىنى ، ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى مېنىڭ قېشىمدىكى دوستۇمنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلگەپ كەتتى .

يۈرىكىم بەك سىلىپ كەتكەچكە دەررۇ ھاجەتخانىغا يۈ-

گۇردۇم . تېنىم جۇغۇلداپ ئاجايىپ بىر خىل بولۇپ قالغانىدىم . مېنىڭمۇ سۆيگۈگە ئىنتىزار لەۋلىرىم ، ئىسسىق قۇچاققا تەشنا تەنلىرىم . . . مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان سەزگۈلىرىم بار ئىكەن . . . سىلاش ـ سىقىمداشنى خالايدىغان يۇمشاق قوللىرىم بار ئىكەن . . .

كىتابخانىغا كىرسەم جېرمان ئەپەندى ئۆزى يالغۇز پولات ساندۇقنىڭ قېشىدا ھېلىقى كىتابتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ .

كىتاب ئوقۇشلارمۇ ، يالغۇز خىيال سۈرۈشلەرمۇ ئەمدى مېنى رازى قىلالمايدىغان بولدى . ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاق كۆڭۈل سىترانگلار بىلەن بىللە بولۇشتىنمۇ زېرىكتىم .

ياز كەلدى ، بىرەر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالغۇم كەلدى . كۆزۈمدىن ساغۇچ ئەينەكنى ئېلىۋەتتىم ، ھېلىمۇ ئۇ ئەينەكنى دادامنىڭ ئېلىشى بىلەن تاقاپتىمەن ، نەگە بارسام كۆزۈمگە ، ھەتتا كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان كىتابخانىدىمۇ كۆزۈمدىن ئالماپتىمەن . مانا ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا تۇتۇق كۆرۈنمەيدىغان بولدى . مەنمۇ ئادەمدەك ياشاپ تەڭتۇشلەر بىلەن ئارىلىشىپ باقاي دېدىم . لېكىن ياز دېگەنمۇ ئاستا ئۆتىدىكەن . يەنە شۇ كىتاب بىلەن ، خىيال بىلەن ئۆتۈۋەردىم . ئۆتكەندىمۇ يىللىق دەم ئېلىشمنى ئالمىغانىدىم ، ئەمدى بۇ نۆۋەتتە يەنە ئالمايمەن دېسەم ، جېرمان ئەپەندى ماڭا ئۆكتە قوپتى .

— سىزمۇ يىللىق دەم ئېلىشىڭىزنى قىلمىدىڭىزغۇ ، جېرمان ئەپەندى ، — دەپ مەنمۇ تەڭ تۇردۇم .

— مەن مۇشۇ كىتابخانام بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمەن ، ھايات كەچۈرىمەن ، — دېدى جېرمان ئەپەندى ، ئەمدى مەن دەم ئالمىسام ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ كېلىپ ئىش تېرىيدىغانلىقىنى

ئېيتىپ ماڭا بىرمۇنچە چۈشەنچە بەردى . بۇ شەنبە كۈنى بولغاچقا بىز چۈشتىلا دۇكاننى تاقايتتۇق . شۇڭا مەن بۇ گەپنى دۈشەنبە كۈنى قىلىششاق دېدىم ، ئۇ ماقۇل بولدى ، ئاندىن ئىڭگوسلاپ مېڭىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى . ئىچىدىكى كىچىك ئۆينى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى پولات ساندۇقنىڭ ئىچىگە سالاي دەپ تۇرۇشۇمغا كىتابخانىنىڭ ئىشىكىدىن بىرىنىڭ سايىسى چۈشتى . جىرمان ئەپەندىنى بىر نېمىسنى ئۇنتۇپ قېلىپ قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن ، قارىسام ، ھېلىقى كىتاب سېتىۋالغان ياش يىگىت تۇرۇپتۇ .

— بۇ مەن ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كىرىشىم ، تېپىلىقمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— سىرتلارغا چىقىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدىم . بۇ سۆزۈمدىن ئەجەب يوقاپ كەتتىڭىز دېگەن مەنە چىقاتتى .

— ياق ، — دېدى ئۇ ، — مەن شەھەرنى ساقلاپ ياتىدىغانلاردىن .

ئۇ چاپىنىمنى كىيىپ ، سومكامنى ئېلىپ ، دۇكاننى قۇلۇپلاپ بولغۇچە مېنى ساقلاپ تۇردى . پەلەمپەيگە چىقىدىغان چاغدا مېنى قولتۇقلىۋېلىپ رىشاتكىنىڭ قېشىدا توختىتىپ قويغان ھاۋارەڭ بىر ئەبجەق پىكاپنىڭ قېشىغا ئاپاردى . پىكاپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بالا :

— بولە ، دادا ، چاپسان بولە ، — دەپ ئۇنى ئالدىراتتى .

— بۇ مېنىڭ ئوغلۇم بىل مارتىن ، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانات باغچىسىغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ، مەندىن ، — سىزمۇ بارامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— يۈرۈڭە ، بىللە بارايلى ، — دېدى ئوغلىمۇ يالۋۇرۇپ .

— ئەمدى تارتىشىدىغانغا ئۇرۇن قالمىدى ، — دېدىم كۈلۈپ ۋە دەررۇ مارتىنىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇردۇم . ھايۋانات باغچىسىغا بېرىپلا بىل مارتىنىدىن ئانچە قورۇنمايدىغان بولۇپ قالدىم . بىز كۆڭۈللۈك تاماشا قىلدۇق . مايمۇنلارنى كۆرۈپ مارتىن خۇشال كۈلگەندە مەنمۇ كۈلدۈم . ئىككىمىز يوغان پىلغا مىنگەندە شۇنداق راھەتلەندىمكى ، خۇددى ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزدىم . ئەگەر چۈشۈم بولسا ، شۇ گۈزەل چۈشۈمدىن ئويغانماسلىقىمنىلا تىلەيتتىم .

بىز باغچا ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بىل مېنى ماشىنىدا ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى . بالىسى يولبويى ماڭا يۆلىنىپ ئۇخلىدى ، ماشىنا سترانگلارنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ :

— كېلەر شەنبە نەگە بېرىپ ئوينايمىز ؟ — دەپ مەندىن سورىدى .

بىل كۈلۈپ تۇرۇپ ئوغلىغا كايىدى ، ئوغلى پەرۋا قىلماي دەيدىغان گېپىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ماشىنا قوزغالدى .

پۈتۈن بىر ھەپتە مەن ئۇنى كۈتتۈم ، كىتابخانىغا كېلىپ قالار ، يا بولمىسا تېلېفون بىرەر دەپ كۈتتۈم ، ئۇ تېلېفون بەرمىدى ، لېكىن ئۆزى كەلدى . شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈچىمىز ماشىنىدا سەھراغا چىقتۇق .

. . . سەھرا ! . . . سەھرا ، ئاپا . . . ھەقىقىي سەھرا . . . ياپيېشىل يايلاق ھەم . . . ياق ، ياق ، بولدى ، ئەمدى ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلىماي !

بىز ئوت ياقتۇق ، قايناقسۇ قاينىتىپ قەھۋە دەملىدۇق . مېۋە - چېۋە ، يېگۈ بولكىلارنى يېدۇق ، يۈگۈردۇق ، تاقلىدۇق .

مەن تەبىئەتنىڭ مۇنداق ھوزۇرىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئۇيغى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ يېڭى ساغقان سۈت ئىچتۇق. بىر مۇنچە چۈجىلەرنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا تۇۋلاپ كېتىپتىكەنمەن، بىل ماڭا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھوشىڭىزنى يوقاتتىڭىزغۇ، — دېدى ئۇ، — خۇشاللىقتىن ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز، دېمەكچىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ، يانچۇقىدىن مۇشتەكنى چىقىرىپ ئىچىگە موخۇركا قاچىلىدى. مەن دەرھال چەتكە قارىۋالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ يوغان، كۈچلۈك قوللىرىغا قاراپ چىدىيالمىغاندىم. بىر خىل غىدىغلانغاندەك بولدۇم. ئەگەر ئاغزىمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام، مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزنى سۆيىمەن، دەپ تۇۋلىۋېتەتتىممىكىن، تاڭ. ماشىنىمىز سترانگلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان چاغدا بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسى باغدا ئىكەن. سترانگ ئەپەندى بىلغا:

— بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىشسەك، ئازراق ۋىسكىي خۇمارىم بار، لېكىن يالغۇز ئىچەلمەيمەن. بىزنىڭ خوتۇن بىلەن تىلتون ئىككىسى يا ماڭا ئۈلپەت بولۇپ بېرەلمەيدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئۆيىگە كىردۇق. مارتىن تېلېۋىزور كۆردى. بىز ناھايىتى ئەركىن، كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. كېيىن سترانگ خانىم بىلەن ئىككىمىز كەچكى تاماققا تۇتۇندۇق.

كەچكى تاماقتىن كېيىن بىل بىزگە ئايالىنىڭ مارتىننى تۇغۇپلا تۇگەپ كەتكەنلىكىنى، ئوغلىنىڭ مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىل ئادۇوكات ئىكەن، ئۆزى يالغۇز بىر كىچىك بىنادا ئولتۇرىدىكەن.

مەن بىلنىڭ گېپىنى بۆلمەي جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا بولەكچە ئامراقلىقىم

كىلىپ كەتتى.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى كەچ سائەت توققۇزدا كەتتى. بىز قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان چاغدا سترانگ خانىم بىلنى ماختاپ:

— تىلتون، ئەمدى سىز بېشىڭىزنى ئوڭشىۋالسىڭىز بولىدۇ، — دېدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن ئۇخلىيالمىدىم، ئاخىر بولماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىبادەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ھەقىقىي تىلەك ـ تىلاۋەت قىلىپ باقماپتىكەنمەن، بۇنى مەن قىلىدىغان ئىش دەپمۇ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ئىلاھىم، ئۇ مېنى سۆيگەي، — دەپ ئىلتىجا قىلدىم خۇداغا، — ئۇ ماڭا كۆڭلىنى بەرگەي، بىز بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈپ ئۆتەيلى، مەيلى ئاز ۋاقىت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۆتۈمنى سالغايسەن...

ئۇدا بىر نەچچە يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن بىل ئۇچىمىز ماشىنىلىق ساياھەت قىلدۇق. بىز بارغان جايلار ھەرگىزمۇ سەككىز ياشلىق بالا ھۇزۇر ئالالايدىغان جاي ئەمەس ئىدى. ھەر بىر قېتىملىق تاماشايىمىز مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇراتتى. مەن ئۇچۇن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ سەرگۈسى راستلا ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن.

بىل مېنى ھەر قېتىم ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاندا كېلەر قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ ۋاقتىنى بېكىتمەيتتى. بۇنىڭغا قاراپ خۇدادىن تىلىگەن تىلاۋىتىمنىڭ ئىجاۋەت بولمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئازار يېگەندەك ھېس قىلىپ، كىچىك بالىدەك خۇيلىنىپ، كېلەر قېتىم ئۇ كەلسە، باشقا بىرى بىلەن ئۇچراشماقچىدىم، دەپ تۇرۇۋالىمەن دېگەن نىيەتكە كېلەتتىم. شۇنداق دېسەممۇ قانداق قىلار دەپ قىياس قىلىپ باقاتتىم. ئەگەر ئۇ قېيىدىغان-

www.uyghurkitap.com

دەك بولۇپ قالسا بەك ياخشى بولغىنى ، ناۋادا پەرۋا قىلمىسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا دەھشەت . ياق ، ئۇنداق قاراملىق قىلماي ، لېكىن مېنىڭ غورۇرۇمچۇ ، غورۇرۇم ئازار يېدىغۇ ! ئويلاپ ـ ئويلاپ ، جۈمە ئاخشىمى يەنە ، بولدى ، ئۇ ئەتە كەلسە ، چىقمايمەن دەيمەن ، دېگەن نىيەتكە كەلدىم .

ئەتىسى قورقۇنچ ئىچىدە ئويغاندىم . دېرىزىدىن قارىسام تالادا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ . بۇ يامغۇر بىرەر كۈندە توختايدىغاندەك ئەمەس . ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ساياھەتكە چىقمىقى بىر گەپ ، شۇڭا بىل ماڭا تېلېفون بېرىشى مۇمكىن ، تېلېفوننى چوقۇم دۇكانغا بېرىدۇ ، يامغۇر توختىسا يەكشەنبە كۈنى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ، چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ ، چوقۇم !

مەن خېرىدارى يوق ھۇۋۇلداپ تۇرغان كىتابخانىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرىمەن . مانا ھېلى تېلېفون جىرىڭلايدۇ ، دەپ تەمەقىلىپ پۈتۈن بىر چۈشتىن بۇرۇن تېلېفون قېشىدىن نېرى كەتمىدىم ، لېكىن ئون ئىككىدىن بەش مىنۇت ئۆتتى ، ئۆمرۈمگە كېلىپ كۈننى بۇنداق تەستە ئۆتكۈزۈپ باقماپتىكەنمەن .

مەن جېرمان ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۈستەلگە بېشىمنى قويۇپ يېتىۋالدىم . بىر ھازادىن كېيىن چاچراپ تۇرۇپ كوچىغا يۈگۈردۈم ، رىشاتكىنىڭ قېشىدا ھېلىقى ئەبجەق ھاۋارەڭ ماشىنا كۆرۈنمىدى . ئۇلار كەلمەپتۇ ، تېلېفونمۇ كەلمىدى . دۇكانغا قايتىپ كىردىم ، يامغۇرلۇقنى ئالدىراش ـ تېنەش كىيىپ ، سومكامنى ئېلىپلا ئىشىككە چىقىۋىدىم ، بىردىنلا بىلغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم .

ــ ۋۇي ، قاراڭ سىزنى ! ــ ئۇ كۈلگىنىچە مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ــ مەن سىزنى سۆيىمەن ، سۆيىمەن ، ــ دېدى .

شۇ كۈنى ئاخشىمى بىللە مېنى شام ياندۇرۇلغان، مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرغان بىر رېستورانغا ئاپاردى. بىر نەچچە قىز ـ يىگىتلەر تانسا ئوينىدى، بىز ئوينىمىدۇق، چۈنكى مەن تانسا بىلمەيتتىم.

— ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، — دېدى ئۇ، — ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ كېتىسىز. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۆگىتىمەن. لېكىن، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى ماڭا دەپ بېرىڭ.

— ھەممىنىمۇ؟

— ھەئە، ھەممىنى! — ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى. قولۇم بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى. ھەي، ئاشۇ رەسۋا ئىشلارنىمۇ دېگۈلۈكمۇ؟ كاللام قاتتى. تۇرۇپلا، نېمە بولسا بولار، بىراقلا دەۋېتەيلا، دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم، لېكىن قورقتۇم، ھازىرچە دېمەي ئەپقالاي، بۇ ئويۇن مۇنچە تېز تۈگەپ كەتمىسۇن، دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئاغزىمغا كەلگەنچە بىر گەپلەرنى توقۇدۇم، ئاددىي، لېكىن ئىشەنگۈدەك توقۇدۇم. بالا ۋاقتىمدىلا قارا يېتىم بولۇپ قالغانلىقىمنى، مېنى ئۆمرىدە توي قىلمىغان، قانداقتۇر بىر ھۆرمەتلىك موماينىڭ بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭمۇ ھازىر ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ دېدىمكى، ئۇ ئىشىنىپلا قالدى. لېكىن، شۇ كېچىسى قانچە قىلسامۇ ئۇخلىيالمىدىم. چۈنكى، قۇلىقىمغا بىر بالىنىڭ ئاۋازى، ئەينى چاغدىكى ساپ، سەمىمىي بىر ئىپتىخارلىق ئاۋاز كىرىۋالغانىدى: «مەن ھەممەيلەنگە ئېيتىمەن، مېنىڭ ئىسپانىيىلىك دادام بار. ئۇ پات ئارىدا دېڭىزدىن قايتىپ كېلىدۇ...»، «ھېلىقى چاكۇر ـ چۇكۇر ئاۋاز چىقىدىغان نەرسىنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى، ئاپا؟»، «چاكىلداق» ئاپامنىڭ ئاۋازىمۇ ئېسىمگە كىرىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

خۇدا ، ئاھ خۇدا ، مەن قانداقمۇ قىلارمەن ؟ ئەگەر ئاشۇ جەلبكار مۇھەببەتنى ساقلاپ قالىدىغانلا ئىش بولسا ، مەن بىر ئۆمۈر ئارتىستەك ئۇستاتلىق قىلىپ ئۆتۈشكە رازىمەن . بىراق بۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ ، چۈنكى تۇرمۇش دېگەن سېھىرگەرلىك ئەمەس ، بەلكى مۇكەممەل بىر تور . مەنغۇ ئەقىللىق ، لېكىن بىل مەندىمۇ ئەقىللىق . مەن ئۇنىڭغا ئاشىق ، ئۇنى شۇ قەدەر سۆيىمەنكى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىشكىمۇ تەييار . مەن ئىشىنىمەن ، ئۇنى ئۆز مۇھەببىتىمگە ئەسىر قىلالايدىغانلىقىمغىمۇ ئىشىنىمەن . لېكىن . . . مەن گېزىتكە توي رەسىمىمىز چىققان ھالەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم . ئۇ چاغدا ئاپام مېنى تېپىۋالىدۇ ، بىل دۇففې ئەپەندى ، ماۋىس ، دوللور ، مىننى خانىم ، ئىنگى ، نومالار بىلەن كۆرۈشىدۇ . . .

ئاھ ، خۇدا ، مېنى بەختكە مۇيەسسەر قىلغايسەن ، مەيلى ھەتتا قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ . . . قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ بىر ياشاپ باقاي ، مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك بىر تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى مەنمۇ بىر كۆرۈپ باقاي . مەن سۆيگەن ئۇ كىشىنى شۇنداق بىر ئىشەنچكە نائىل قىلغىن ، ئۇ مېنى ۋاپادار يارى دەپ بىلسۇن . خۇدا ، مېنىڭ سەندىن تىلەيدىغان تىلىكىم پەقەت شۇلا . كېيىن مەن ئويۇنۇمنى يىغىشتۇرۇپ ئاستا كېتىۋالارمەن . شۇ كۈنلەردە ھەر قانچە ئازابلانساممۇ مەن كېتىشكە ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا رازى . . .

مەن بىل بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن دەسلەپكى ھەپتىلەردە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ھەرگىز خىيال قىلمىدىم . قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى كۆرۈشنىلا ئارزۇ قىلدىم . تەلىپىم شۇنچە تۆۋەن بولسىمۇ ، لېكىن ماڭدامدا بىر روھىي توسالغۇغا ئۇچراپ تۇردۇم . بىر چاغلاردا ئاڭلىغان ھېلىقى سۆز : « تىلتون ، ئەرلەر ئالىدىغان خوتۇننىڭ

پاك بولۇشنى خالايدۇ » دېگەن شۇ سۆز قۇلىقىم تۈۋىدىن كەتـ‐
مىدى .

بىل مېنى يۈزى ئېچىلمىغان قىز دەپ ئويلايتتى ، لېكىن مەن ئۇنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرەلمەيدىغان ئەمەس ئىدىم ، نېمە بولسىمۇ بەزى گەپلەرنى ئوچۇق دېيىشكە مەجبۇر ئىدىم . مەن ئۇنىڭغا ، يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئەمەسلىكىمنى دېدىم ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تۈز ۋە مېھىرلىك بولدى .

— بۇنى ماڭا ئېيتقىنىڭىزغا خۇشالمەن ، — دېدى ئۇ ، — ھېچقىسى يوق ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىش ئىكەنغۇ ، مەن بار ئىكەنمەن ، ئەمدى سىز باشقىسىغا قارىمايسىز . يۈرۈڭ ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى ، بولۇڭ .

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم ، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى شەھۋانىيەت ئىلكىگە تاشلاپ بېرىشنى خالىمايتتىم . بىز قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ كارىۋاتتا ياتقان چېغىمىزدا ، مەن تۇيۇقسىز تىترەپ كەتتىم .

— قەدىرلىكىم ، نېمە بولدىڭىز ؟ — دېدى ئۇ تەشۋىشلەنگەن ھالدا ، — ئېيتىڭە ، زادى نېمە ئويلىدىڭىز ؟ ھەممىنى ئېيتىڭ .

مەن ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن .

— زادى نېمە بولدىڭىز ؟ — ئۇ يەنە سورىدى . مەن ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ يۈزۈمنى يېقىن ئەكىلىپ :

— بىل ، سىز نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرىسىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— پۇلىڭىز بولغاچقا ، سىزنى ياخشى كۆردۇم . مەيلى سىز ھەر قانچە سەت بولسىڭىزمۇ ماڭا بەربىر ، — دېدى ئۇ .

مەن ئۇنىڭ بويىنىدىن تارتتىم ، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ

ئاغزى مېنىڭ سۆيگۈ تاما قىلىپ تۇرغان ئوتلۇق لەۋلىرىمگە تەگدى. بىز سۆيۈشۈۋاتقان چاغدا ئۇ ماڭا راست گېپىنى دېدى. ئۇ مېنى مەن چىرايلىق بولغاچقا، ھەقىقەتەن چىرايلىق بولغاچقا، بەكلا چىرايلىق بولغاچقا سۆيىدىكەن.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چىرايلىق ياسىنىدىغان، ئۆزۈمنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ يۈرىدىغان بولدۇم، بۇرۇن پەقەت دىققەت قىلماپتىكەنمەن، تېنىم ماۋۇقتەك يۇمشاق ئىكەن، ئەمدى ئۇنى ئاسرايدىغان بولدۇم، نازۇك قوللىرىمنى، تولغان كۆكسىلىرىمنى، ساغرىلىرىمنى، ئىشقىلىپ تېنىمنىڭ ھەممە يېرىنى قەدىرلەيدىغان بولدۇم. تال ـ تال كىرپىكلىرىمنىڭ قارىلىقىمۇ، ئۈنچىدەك چىشلىرىمنىڭ ئاقلىقىمۇ مېنى خۇشال قىلىدىغان بولدى.

مەن ھەمىشە كۈلۈپ يۈرىدىغان بولدۇم، خېرىدارلارغىمۇ، يولدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگىمۇ كۈلىدىغان بولدۇم. ئۆزۈم يالغۇز قالغان چاغلاردىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىمەن، بىل تۇتقان قوللار دەپ قوللىرىمنى سۆيۈپ كېتىمەن...

مەن بىلىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى پەقەت سورۇشتۇرمىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇرۇن توي قىلغان ئىشىنى يۈزىگە سالمىغانلىقىمدىن، ئوغلى بىلەن شۇنچە چىقىشىپ كەتكەنلىكىمدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. ھەر قېتىم بىز يوتقانغا كىرگەن چاغدا ئۇ ماڭا مۇنداق پىچىرلايتتى:

— قانچە ئاڭلىسامۇ زېرىكمەيمەن، تىلتون، يەنە بىر قېتىم دەڭ، مەن سىزنى سۆيىمەن، دەپ يەنە بىر قېتىم دەڭ.

— سىزنى سۆيىمەن، مەن سىزنى سۆيىمەن.

بۇمۇ مېنىڭ يۈرىكىمدىكى گېپىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مېھىر قۇچىقىدا ئېرىپ كېتەتتۇق. بەزىدە بىرەر ئىشنى

ئەسلەپ بىر گەپ ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغاندا تۇرۇپلا قورقۇپ كېتەتتىم . چۈنكى ، بۇنداق چاغلاردا كىچىككىنە بىر سەۋەنلىكمۇ مېنى قۇتۇلغۇسىز بىر پالاكەتچىلىككە مۇپتىلا قىلاتتى . ھالبۇكى ، بۇ پالاكەتچىلىك مېنىڭ قېشىمدا دائىم ئەگىپلا يۈرەتتى .

بىز مۇشۇ ھالەتتە بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزدۇق . بۇنىڭ ئىچىدە سىتىرانگلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەن كۈنلەرمۇ ، كىچىك بىل بىلەن شاد ــ خۇرام ئوينىغان چاغلارمۇ بار . كۆڭلۈمنى سەل يېرىم قىلغان يېرى ، ئارىلىقتىش دائىرىمىز كېڭىيىپ كەتتى . مەن بىلنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇچراشتىم . ئۇنىڭ دوستلىرى جىقمۇ ئەمەس ئىكەن ، لېكىن ، ئۇلارنى بەك چوڭ كۆرىدىكەن ، دوستلىرىمۇ ئۇنى قەدىرلەيدىكەن . دوستلىرى ماڭا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلدى . پەقەت بىرىلا ، يەنى پاۋلو دېگەن دوستىنىڭ خوتۇنى مەن بىلەن قېرىشىپ قالدى . ئۇ ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر خوتۇن ئىكەن . بىر كۈنى ئۇنىڭ ئېرىگە يامان گېپىمنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم .

ــ توۋا ، ــ دېدى ئۇ ، ــ بىلنىڭ ئۆتۈپ ـ تېشىپ شۇ نېمىنى تېپىۋالغىنىنى قارىماملىغان . . .

ــ ئۇ نېمە دېگىنىڭ ، ــ دېدى پاۋىل دېمىغىنى قېقىپ ، ــ بىل ئۇنىڭ بىلەن يېقىندا توي قىلىدۇ ، ئۇنداق ئىچى يامانلىق قىلما ، خوتۇن ، ئەجەب جۇمۇ سەن ، زىتىڭ يامان .

ــ نېمە ؟ زىتى يامان ! ئەجەب ئاغزىڭغا كەلگەننى يۇتماي سۆزلەيسەنا ، ئاغىنەڭنى دېمىسەم ، چاتىقىم نېمىتى مېنىڭ . . .

مەن بىلنىڭ دوستلىرى ئالدىدا بەكمۇ دىققەت قىلاتتىم ، ئۇلارمۇ ھەر ھالدا كۆڭلۈمنى ئاياتتى . بىل ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەنلىكىمدىن رازى ئىدى .

مەن بىلىنىڭ چىچىلغانلىقىنى پەقەت بىر قېتىملا كۆردۈم. ئۇمۇ كىچىككىنە بىر ئىش تۈپەيلى بولدى. شۇ كۈنى شۇنچە غەزەپلەندىكى، يوغىناپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، تۇۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالدىم.

كىنچىك بىل بىر يامان ئىش قىلىپ قويۇپ دادىسىغا راستىنى دېمىدى. بۇ مېنىڭ نەزىرىمدە باللاردا بولىدىغان ئىش ئىدى.

— بايام دېگەنلىرىڭ راستمۇ، — سورىدى بىل ئوغلىدىن.

— راست، دادا، — دېدى ئوغلى كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

— يەنە بىر دېگىنە، راستمۇ؟ — بىل ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان چىرايىغا تىكىلدى.

— راست.

بىل: «يالغان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. بىز مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە بىر سائەتنى ئۆتكۈزدۇق. بىل يىغلاۋاتقان ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، يالغانچىلىقنىڭ ئىپلاس ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يالغانچى بىلەن ھەرگىز بىللە ياشىمايدىغانلىقىنى، يالغانچىلارنىڭ تۇرمۇشتا ئەرزىمەس كىشى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئوغلى ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغانىدى، ئۇ شۇنىڭغا يارىشا گەپ قىلماي يەنە ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. كېيىن ئۇنى ماشىنىدا مەكتەپكە ئاپىرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەمدى تاشلاندۇق بالىدەك كۆڭلى يېرىم يۈرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن:

— بالىغا ئۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلمىسىڭىز بولاتتى، — دېۋىدىم، ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، قاراشلىرى شۇنداق سوغۇق.

— مەن يالغانچى ئادەمگە شۇنداق ئۆچ، — دېدى ئۇ، —

سىزمۇ ماڭا يالغان سۆزلىمەسلىكىڭىز كېرەك ، تىلتون ، مەن سىزگە ئېيتقان، مەن ھەممىگە چىدىسامۇ ، يالغان گەپكە چىدىـ مايمەن .

مەن ئىچىم سىقىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم . مەن يالغاننى تالاي ـ تالاي سۆزلىگەن ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىمىسەم بولمايتتى .

ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى پەملىدىمۇ قانداق ، ماشىنىنى تو‌ختاتتى ۋە كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ قولىنى پاققىدە مۇرەمگە قويدى ، قويغاندىمۇ خېلى قاتتىق قويدى .

ــ بەزىدە ، ــ دېدى ئۇ ، ــ ئۆزۈمچە سىزنى مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن . ئەمدى سىزدىن سوراي ، سىز دەڭ ، ماڭا ئىشىنىڭ ، چۈنكى مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن . ئېيتىڭا ، سىز ماڭا يالغان گەپمۇ قىلغانمۇ ؟

« ئەمدى مانا . . . ھازىرلا . . . ھەممىنى ، ئۆزۈڭنىڭ كىمـ لىكىنى ئۇنىڭغا ئېيت ، قېنى ، ئۇنى سىناپ باق ، ئۇنىڭغا بىر پۇرسەت بېرىپ باق . راستىنىلا ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ئالىيجاناب ، كەڭ قورساق ئادەممۇ ؟! بۇ ھېچبولمىغاندا سەن ئۈچۈن بولسىمۇ بىر پۇرسەت بولۇپ قالسۇن » مەن ئىچىمدە ئۆزۈمگە مۇشۇنداق دەۋەت قىلدىم ، لېكىن ئاغزىمدىن چىققىنى باشقا گەپ بولدى .

ــ مەن سىزگە پەقەت يالغان گەپ قىلىپ باقمىدىم ، ــ دېدىم مەن .

ئۇ مېنى قۇچاقلىدى ، سۆيدى ، ئاندىن ئوغلىنى ئالغىلى كىرىپ كەتكەندە مەن قولۇمنى چىشلەپ قالدىم . چىشلىگەندىمۇ شۇنداق چىشلەپتىمەنكى ، ھەتتا قانتىۋېتىپتىمەن ، قول ياغلىقىم بىلەن تېڭىۋالدىم . ئۇلار چىققاندا مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىـ دىم ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق . ئۇ كۈنى كەچتە بىز پۇخاـ

دىن چىققۇچە پەيزى قىلىشتۇق ، بىز ھېچقاچان بۇنداق بولۇشۇپ كەتمىگەن . مەن بۇ پەيزىنى مېنىڭ ئىچىمدىن قايىنغانلىقىدىن بولدى دەپتىمەن ، ئۇمۇ ئۆزىدىن كۆرۈپتۇ . بۇنىڭغا قاراپ بەك خۇش بولدۇم ، ئۇنى ئۆزۈمگە مەڭگۈ باغلىيالىغۇدەكمەن دەپ ئويلىدىم . لېكىن بۇ تۇرمۇش . . . مېنىڭ ئۆتمۈشۈم . . .

مەن بۇرۇنقى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم . ئۇ تۇرمۇشمۇ بالىلىق چېغىمدا كۆرگەن يامان چۈشلەرگە ئوخشاش ئېسىمدە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى .

مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سترانگلارغا بىل بىلەن توي قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم .

— مەن بىلگەن ! مەن بۇرۇنلا بىلگەن ! — دەپ كەتتى سترانگ خانىم . سترانگ ئەپەندى گۆھەردەك قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر بوتۇلكا شوتلاندىيە ۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ توي كۈنى مۇشۇ ھاراق بىلەن بىزنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— نىشان ئۈزۈكىڭىز قېنى ؟ — سورىدى سترانگ خانىم سول قولۇمنى تۇتۇپ ، مەن نىشان ئۈزۈكى ئالماسلىقنى قارار قىلىشقانلىقىمىزنى ئېيتتىم ، لېكىن بىل ماڭا دەپ ئالغان بىرىليانت ئۈزۈكنى دۇكانغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمنى ، بىلنىڭ بۇنىڭغا خاپا بولغانلىقىنى ئېيتمىدىم . بىل شۇ چاغدا مەندىن :

— بىرىليانت ئۈزۈكنى ياخشى كۆرمەمسىز - ھە ؟ — دەپ سورىغانىدى .

— ھەئە ، — دېگەنىدىم . قاراپ تۇرۇپلا يالغان سۆزلەپ ، — مەن بارغۇ توي ئۈزۈكىنى تاقىسام بولدى . كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ .

ئۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك ، بۇ ئىشقا ئانچە

قىلىپ كەتمىدى . ئۇ خۇشال ئىدى ، بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ مېنى ئاپىسى قاتارىدا كۆرگەنلىكىگە بەك خۇشال ئىدى .

— مېنىڭمۇ ئاپام بار بولدى ، خۇددى باشقا ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش مېنىڭمۇ ئاپام بار بولدى ، — ئۇ مۇشۇنداق خۇشال توۋلاپ كەتكەن چاغدا ، ئامراقلىقىم كېلىپ ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باستىم . ئۇ مەندىن سورىدى ، — ئەمدى مەكتەپتە ياتىسامىمۇ بولار ؟ سىز بىلەن ، دادام بىلەن بىللە تۇراي . ئۈچىمىز بىللە ، ماقۇلمۇ ؟

— توغرا ، — دېدى بىل ، — ئۈچىمىز بىللە تۇرىمىز . يۈرۈڭلار ، چوڭراق ئۆي تاپايلى ، ئەمدى .

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن بىز يېقىن ئەتراپتىن باغلىق ھويلا تاپتۇق .

— مۇمكىن بولسىغۇ بۇ زېمىننى سېتىۋالسام بولاتتى ، — دېدى بىل ، — لېكىن سىز كەمبەغەلرەك بىر ئادەمگە تېگىپ قالدىڭىز بولدىڭىز ، قەدىرلىكىم . مەن باي بولۇشنى تەمە قىلماي جاپالىق ئىشلەشنىلا بىلىدىغان ئادەم . تۇرمۇشۇم ئاددىي .

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ مۇشۇنداق تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ مېنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا قارايدىغان كەمبەغەل تۇغقىنىمنىڭ يوقلۇقىغا شۈكۈر دەيتتى ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانا ، ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ يوقلۇقىدىن خۇشال ئىدىم . ئۇنىڭ بىرلا تاغىسى بار ئىدى . ئاپىسىنىڭ بىردىنبىر ئىنىسى بولغان بۇ كىشىنىڭ ئوغلى جون — بۇمۇ ئۇنىڭ بىر تاللا ئوغلى ئىدى . بىلىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى .

— جون بىلەن خوتۇنى ھازىر چەت ئەلدە . تويىمىزغا ئۈلگۈرۈپ كېلىدۇ . جوننى قولدىشىم قىلىمەن ، — دېدى بىل .

بىزنىڭ توي پىلانىمىز كونكرېتلاشقىلى تۇردى . بىز توي مۇراسىمىنى چىر كاۋدا ئۆتكۈزمەي ، ئاددىي قائىدە بويىچە ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق . نەۋرە ئىنىسى بىلەن ئايالى بىزگە گۇۋاھچى بولىدىغان ، ئاندىن ستىرانگلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارنىمۇ ئېلىۋالىدىغان ، كىچىك بىلمۇ بىز بىلەن بىللە بولىدىغان بولدى . ستىرانگ خانىم توي ئولتۇرۇشىنى بىز قىلىپ بېرىمىز دەپ تۇرۇۋالدى ، يەنە تېخى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ، گۈل ئىشلەنگەن توي كۆڭلىكى كىيمىسىڭىز بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋېلىشلىرىچۇ . مەن ئۇنىڭغا قولىمىز قىسقا دەپ چۈشەندۈردۈم . ئۇ ماڭا دېمەيلا بازاردىن رەخت سېتىۋېلىپ كېلىپ ئۆز قولى بىلەن چىرايلىق توي كۆڭلىكى تىكتى . مەن ئۇنىڭدىن بەك تەسىرلىنىپ كەتتىم ، مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرگەنلىكىگە بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولدۇم .

مېنى بىر ئىش تەڭلىكتە قويدى ، قولۇمدا جېرمان ئەپەندى بەرگەن ئازغىنا ئايلىقتىن باشقا پۇل يوق ئىدى . مەن ھېلىقى ئادۋوكاتقا تېلېفون بېرىپ قەھۋەخانىدىكى ماڭا تېگىشلىك پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچىمۇ بولدۇم ، لېكىن ئويلاپ باقسام بولمىغۇدەك ، ئۇ پۇلنى ئالسام بولمىغۇدەك . مەن شۇ كىچىككىنە ئىش بىلەن بولسىمۇ ئۆتمۈشۈمگە باغلىنىپ قېلىشىمدىن قورقتۇم . شۇڭا تويدا ئۆزۈمگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى دۇكانغا بېرىپ قاراپراق ئالدىم . مەن ئۆزۈمنىڭ پەقەت ئالدىمدىكى ئىشىم بىلەن ، كەلگۈسىم بىلەنلا ھېسابلىشالايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم . ئۆزۈمنىڭ باشقىچىلا تىلتون بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزدىم ، ستىرانگلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇشۇ ياخشى تىلتونغا ، بىلنىڭ دوستلىرى ياقتۇرۇپ قالغان تىلتونغا ، كىچىك بىل ھېرىس تىلتونغا ، ئەڭ مۇھىمى بىل سۆيگەن ھەم قېرىنغۇچە بىللە ئۆتۈشكە نىيەت

قىلغان مۇشۇ تىلتونغا بۆلەكچە ـ بۆلەكچە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم .

مەن پات ـ پات مارىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىتابخانىدا ئۇنى خىيال قىلىپ ئولتۇرسام ، بىر تۇيۇقسىز ئالدىمدا پەيدا بولدى .

ــ تىلتون ، ــ دېدى ئۇ نەپىسىنى رۇسلىيالماي تۇرۇپ ، ــ سىزنىڭ تۇغۇلۇش گۇناھىڭىزنى ئالغىلى كەلگەنىدىم . . .

ــ نېمە ؟ ــ مېنىڭ ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى . بۇ ئىشنى مەن خىيالمۇ قىلىپ باقمىغان . يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى . مانا بۇ گۇۋاھنامە ــ شۇ بىر پارچە قەغەز مېنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغانلىقىمنى ئاشكارىلايدىغان بولدى ، ئەمدى ئۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىغان بولدى . لېكىن ، قانداق قىلغۇلۇق ، بولارى بولۇپ ، بويىقى سىڭدى . ئەمدى ئۇنىڭغا ئەتە ئەكىلىپ بېرەي دېمەي نېمە دەيمەن !

كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتتۇۋال دېگەندەك ، ئۇ يەنە بىر خەۋەرنى ئېيتتى . نەۋرە ئىنىسى بىلەن ئايالى قايتىپ كەپتۇ ، بىلىنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ كېتىپتۇ . بۈگۈن ئاخشام ئۇلار بىلەن تاماقتا بىللە بولغۇدەكمىز .

ــ بارامسىز ؟ ــ سورىدى بىل .

ــ باراي ، ــ دېدىم . شۇنىڭ بىلەن كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ئۇ مېنى ماشىنىلىق ئاپىرىدىغان بولدى .

تۇۋا ، شۇ چاغدا جىبرمان ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىدا ئۇچامدا كىيىملىرىم شۇنداق رەتلىك تۇرىمەنۇ ، لېكىن ئۆزۈمنى يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن .

مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە تۇغۇلۇش گۇناھنامىسى دې- گەننى ھەل قىلىدىغان بىرەر ئامال، بىرەر يول چىقماسمۇ؟! ياللا بولسا بۇ دۇنيادا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. بىر چاغلاردا نەركەس گۈلى ئوغرىلاپ كېلىپ ئۇنىڭدىن شۇنچە خۇشاللىق تاپقانىدىمغۇ! بىل ئۈچۈن تۇغۇلۇش گۇناھنامىسى جۆن- دىسەم، بىل بىلمىسىلا، بۇمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغۇ! لېكىن، بۇنىڭغا پۇل كېرەك. مەن جىبرمان ئەپەن- دىگە زۆرۈر ئىشىم چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتىم. مۇشۇ مېڭىشىمدا بېرىپ ئىنىگى ئېچىۋاتقان قەھۋەخانى- نىڭ مولۇك ھوقۇقىغا كۆز - قۇلاق بولۇشنى تاپشۇرغان ھېلىقى ئادۋوكاتنى تاپماقچى بولدۇم. ئادۋوكات دېگەن سۆزنى ئويلىشىم بىلەنلا بىل يادىمغا كەچتى. راست، بىلمۇ ئادۋوكاتقۇ! ئادۋو- كاتلار بىر - بىرىنى تونۇشى مۇمكىنغۇ! ئاپلا! . . . مەن يولۇمنى باشقا يەرگە توغرىلىدىم . . .

قەھۋەخانا يەنىلا شۇ جايدا ئىكەن، يېڭىۋاشتىن سىرلى- نىپتۇ شۇ. قارىغاندا ئوقتى يامان ئەمەستەك. ئىچىگە كىردىم، تەلىيىمگە بوش ئورۇن بار ئىكەن. ساقلاشقا تاقەت قىلماي: «ئىنىگى! ئىنىگى!» دەپ چاقىردىم. شۇ ئارىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى ئالدىمغا كېلىپ:

— بىرىنى چاقىردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدىم. ئۇ كىشى ماڭا قاراپ:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇ كىشى- نىڭ كەينىدىكى ئەينەكتىن چىرايىمنى كۆردۈم. «كۆزلىرىڭ دېڭىزنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ» دەيدىغان ئاپام. كۆزلىرىم يەنە شۇنداق تۇرۇپتۇ. يۈزۈمنى سىلاپ باقسام قىزىل.

— مىجەزىم جايىدا . ئىنگىنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز .
— مەن ئىنگى دەپ بىرىنى ئاگلىماپتىكەنمەن .
— ۋاي ، بۇ ئىنگىنىڭ دۇكىنىغۇ !
— ياق ، بۇ مېنىڭ دۇكىنىم ، بۇ يەردە ئىنگى دەپ بىرى يوق . خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىزلا بار ، — دېدى ئۇ مەغرۇرلانغان هالدا .
مەن لاسىسدە ئولتۇرۇپ قېلىپ ، پەس ئاۋازدا :
— ماڭا بىر ئىستاكان سۇ بەرسىڭىز ، — دېدىم .
ئۇ كىشى ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ خوتۇنى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشتى . ئاندىن بىر ئىستاكان سۇ ئاچىقتى ، ئۇنىڭ بىلەن خوتۇنىمۇ بىللە چىقتى . مەن سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى سەل توختىتىۋالدىم .
— سىز بۇ قەھۋەخانىنى قاچاندىن بۇيان ئېچىۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدىم . ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ يەرنى بىرەر يىل بۇرۇن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ :
— بىز ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق . بۇ يەر يامان ئاتىلىق بولۇپ قاپتىكەن . بۇرۇنقى ئايال خوجايىنى . . . هەي . . . — دەپ خورسىنىپ ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، بېشىنى چايقاپ كەتتى .
— بۇرۇنقى ئايال خوجايىننىڭ ئىسمى ئىنگىمۇ ؟
ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :
— توغرا ، ئىنگىغۇ دەيمەن . مەن ئۇنى كۆرمىگەن ، لېكىن ئىسمى ئېسىمدە شۇنداقتەك تۇرىدۇ ، — دېدى .
— لىندا دەپ بىرىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز ، نوما دەپچۇ ؟
بۇ سۆزۈمگە ئۇ ئايال ئاڭلىمىغان ، دەپ جاۋاب بەردى .
— تامدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسىدە ، — دېدى هېلىقى

ئەر كىشى ، ــ نوما دېگەن بىرىنىڭ ئىمزاسى تۇرىدۇ، سىز دې-
گەن نوما شۇمۇ يا؟
مەن تامدىكى چىرايلىق رەسىملەرگە قاراۋېتىپ :
ــ ھەئە ، شۇ ، ــ دېدىم ـ دە ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ
ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتىم .
جېرمان ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىغا قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن غۇۋا يورۇقتا ئادۆوكاتنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەپ تې-
پىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم . ئۇ تېلېفوندا ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا
ھەيران قالغان ئاھاڭدا :
ــ ۋويي ، سىز بۇ ئىشنى تاشلىۋەتتىڭىزمۇ ، قانداق ؟ ــ
دەپ سورىدى .
ــ سىزدە ھازىر قانچىلىك پۇلۇم بار ؟ ــ دەپ سورىدىم
مەن .
ئۇ ، يوق ، دەپ جاۋاب بەردى ، تېخى مېنىڭ ئۆزىگە
قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ، مېنىڭ ئادرېسىمنى سورىدى . . .
ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا شۇنداق سەت ئاڭلاندىكى ، تاراققىدە قى-
لىپ تېلېفوننى قويىۋەتتىم . كاللام ۋىڭىلداپ بولۇپ خۇددى كې-
سەل تەگكەن ئادەمدەك بىر قىسما بولۇپ قالدىم ، لېكىن بىل مېنى
كەچكى ئولتۇرۇشقا ئالغىلى كەلگەندە ئۆزۈمنى دەرھال ئوڭشىۋال-
دىم .
ئۇ مېنى ئالدىغا تارتىپ سۆيدى ، ئاندىن :
ــ مەن سىز بىلەن پەخىرلىنىمەن ، قەدىرلىكىم ، سىز
ھەقىقەتەن چىرايلىق ، ــ دېدى ـ دە ، مېنى ئۆزىدىن سەل نېرى
قىلىپ ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، ــ سىزنىڭ كۆزلىرى-
ڭىز . . . قەدىرلىكىم . . . كۆزلىرىڭىز خۇددى . . . مۇشۇنداق
چىرايلىق كۆزلەرنى كۆرمەپتىكەنمەن . . . بۇ كۆزلىرىڭىز

ماڭا . . . — دەپ گېپىنى تاپالماي قالدى .
— دېگىنىڭ ئەسلىتەمدۇ ؟ — دېدىم مەن . ئۇ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ تۇرۇپ :
— توغرا ! توپتوغرا ! — دەۋەتتى .
— مەن سىزنى سۆيىمەن ، بىل ، سىزنى سۆيىمەن .
— مەنمۇ شۇنداق . سىزنى ئۆلگۈدەك سۆيىمەن .
مەن ماشىنىغا چىقىپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم . بىز بىر ئېسىل رېستورانغا ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى ۋە ئايالى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتاتتۇق . بىل ماڭا تاغىسىنىڭمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى .
قىزغۇچ چىراغ يورۇقىدا بىلنىڭ بېقىنىغا كىرىپ ئولتۇردۇم . ئۇ مېنىڭ قوللىرىمنى تۇتقاندا شۇنداق راھەتلەندىم . نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم . ئىككىمىز ئون مىنۇت ۋاقىتنى شۇنچە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق . شۇ ئون مىنۇت ئىچىدە توغۇلۇش گۇۋاھنامىسىنىڭ ئىشىنىمۇ ئويلىدىم ، ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى تاپىمەن ، دېگەن نىيەتكە كەلدىم . بىل :
— ئۇلار كەلدى ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىۋىدى ، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدىم .
ئىككى ئەركەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . قارىسام ، ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئىكەن . بىل نەۋرە ئىنىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى . مەن ئىچىمدە تىلىدىم : « ئىلاھىم ، مېنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئىنسىق كۆرسەتكەيسەن . ئۇلار ماڭا ئامراق بولۇپ قالغاي . . . » دەپ تىلىدىم .
— تونۇشۇپ قويۇڭ جۇدىس ، بۇياق مېنىڭ ئالىدىغان ئا-

يالىم بولىدۇ، مانا، ــ دېدى بىل مېنى تۈرتىپ، مەن جۇ-دىسقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئىسمى ماگا بىر ۋاقىتتىن ئاگلانغان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئەسلەتتى. « جۇدىس ! ... جۇ-دىس ؟ » مەن جۇدىسنىڭ ئېرى جونغا كۈلۈپ قويۇپ بەردى، ئۇنى تونۇپ قالدىم. ئۇ يىگىت چېغىدىكىدىن سەل قېرىپتۇ، شۇنداقتىمۇ تونۇدۇم. ئۇ شۇ ! بىر چاغلاردا پرىستان قېشىدىكى ھېلىقى پاھىشە ئايالنىڭ ئۆيىگە كۆڭۈل ئاچقىلى كەلگەن ئاشۇ يىگىت شۇ ! مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

مەن بىرەر سائەتتە ئاران ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم. چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتتۈم، قاقاقلاپ كۈلدۈم. ھەر نېمە بولسا ئۇ مېنى تونۇمىدى، دەپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتتىم، جىق شۈكۈر ئېيتتىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم. كىچىك بولساممۇ قەھۋەخانىلاردىكى غىلجىڭ ئايالارنىڭ چاكىنا قىلىقلىرىنى ئۆ-زۈمچە دوراپ باققانىدىم، خەيرىيەت، ئۇ مېنى تونۇمىدى. ئۇ مېنى مەڭگۈ تونۇيالمايدۇ. بۇنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.

توۋا، شۇ چاغدا خۇددى بىرى مېنى فىلىسراتتىن ئۆتكۈ-زۈپ قويغاندەك بىر ئېغىر چىلىقتىن قۇتۇلدۇم، مېنى ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالغىلى تۇردى.

مۇزىكا ياڭراپ تۇراتتى. بىل شامپان كەلتۈردى. مەن بىر رومكا ئىچتىم. بۇ دۇنيا ماگا بىردىنلا جەننەتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىختىيارسىز ناخشا توۋلاپ كېتىپتىمەن، ناخشىنى شۇنداق چىرايلىق ئېيتتىم، ئېيتقانىدىمۇ « ئوت ــ چۆپلەرنى قۇرۇ-تار قۇياش » دېگەن ناخشىنى ئېيتتىم. جون بىلىغا قاراپ كۈلۈم-سىرىۋىدى، بىل ماگا يەنە بىر رومكا قۇيۇپ بەردى. بىل بىلەن نەۋرە ئىنىسى مەن ئۈچۈن ئىچتى، ئۆزئارا تونۇشقىنىمىز ئۈچۈن ئىچتۇق، شەنبە ئۆتكۈزۈلىدىغان تويىمىز ئۈچۈن ئىچتۇق، كە-

چىك بىل ئۇچۇن ئىچتۇق . مەن كىچىك بىلنى ئوغلۇمدەك كۆ-رىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ، بىل ئوغلىنىڭ ماڭا نەقەدەر ئامراقلىقىنىمۇ ئېيتتى . شامپان تۈگىگەندىن كېيىن ، مەن :

— كۆل رەڭ تاش ماركىلىق ئىسپان هارىقىدىن بىر بو-تۇلكا كەلتۈرەيلى ، — دېدىم .

— ئىسپان هارىقى ؟ — دېدى جون ، — توغرا ! بىراق ، كۆل رەڭ تاش ماركىلىقىدىن بارمىدۇ ؟!

ئىسپان هارىقى كەلتۈرۈلدى . بۇ ئۈزۈم هارىقىنىڭ تەمى شۇنداق پەيزى ئىكەن . مەن ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقان مەڭزىلىد-رىمنى تۇتقىنىمچە ، بەخت ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىم بىلەن بىلغا تىكىلىپ :

— مەن سىزنى سۆيىمەن ، سۆيىمەن ، — دېدىم .

— تەلىيىڭ بار نېمە سەن ، جۇمۇ ، — دېدى جون بىلغا چاقچاق قىلىپ . بىل :

— راست ! — دېدى - دە ، خەقنىڭ كۆز ئالدىدىلا مېنى سۆيدى .

— ۋاي خۇدايىم ، ئاپلا ، — جون هولۇقۇپ ۋارقىراپ كەتتى .

— نېمە بولدى ؟ — تەشۋىشلىنىپ سورىدى جۇدىس .

— ئاپلا ، يامان بولدى ، هۆرمەتلىك دادام كېلىپ قالدى . مەست بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ . مانا پالاكەتچىلىك ! — دېگە-نىچە جون هولۇقۇپ كۈلدى .

دادىسى يېقىنلاشقاندا جون ئورنىدىن تۇردى ، بىلمۇ تۇردى . مەن بولسام كۈلۈپ تۇرۇپ :

— مەنمۇ مەست ، — دېدىم ، — مەن دادامنىڭ ئۈزۈمزار-لىقىدا ئىچىپ مەست بولدۇم . مەن . . .

www.uyghurkitap.com

جوننىڭ دادىسى كېلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھېلىقى يېـ قىملىق مۇزىكىلار ياڭراپ تۇردى ، بىز يەنە قىزغۇچ چىراغنىڭ ئاستىدا . جون جايىغا ئولتۇرۇپ ، ھىجايغىنىچە :

— كەچۇرۈڭ ، تىلتون ، ھەممە ئۆيىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق سەتچىلىكى بولىدىكەن ، — دېدى .

توغرا ، ھەممە ئىشنىڭ مانا مۇشۇنداق تەسەللىسى بولىدىغۇ . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئۇستۇمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بولدۇم . توغرا ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمدا ئۇنداق ئازابلىنىپ ، قورقۇپ ، خۇدۇكسىنىپ يۈرۈۋەرمەسلىكىم كېرەك . ئازابتىن ئازاد بولۇشۇم كېرەك مەنمۇ !

— بىل ، بىر چاغلاردا نەۋرە ئىنىڭىز جون مېنىڭ قولۇمدىن بىر ئىستاكان سۇ ئىچكەنىدى ، — دېدىم پەس ئاۋازدا ، لېكىن ئېنىق قىلىپ .

— نېمە ؟ . . . ئۇما . . . نېمە ئىچكەن ؟ — بىل ھەيرانلىق بىلەن سورىدى .

— سۇ ، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولدى . قارىغاندا جون ئەسلىيەلمەيۋاتىدۇ . بۇ خېلى يىللار بۇرۇنقى ئىش . ئۇ شۇ ئاخشىمى جۇدىس بىلەن بىللە تاماشا قىپتىكەن . ئۆزى ماڭا دەپ بەرگەن . كېيىن جۇدىسنى ئۇزىتىپ قويۇپ ، دۇففېلارنىڭ بىناسىغا ، ئاپامنىڭ قېشىغا كەلگەن . . .

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ؟ جونما ؟ ئاپىڭىز . . . ؟ — بىل پەس ئاۋازدا سورىدى .

— ھەئە ، ئاپام ، مېنىڭ ئاپامنىڭ قېشىغا ، مەن ئاپام بىلەن پرىستان قېشىدا ئولتۇراتتىم . ئاپامنى نۇرغۇن ئەرلەر ئىزلەپ كېلەتتى ، كۆپىنچىسى ماتروسلار ئىدى . . .

جۇدىس لاغىلداپ تىترەپ كەتتى . جون ، بىر چاغلاردا

دۇففېنىڭ جاللاپخانىسىغا كەلگەن بۇ ئەركەك ئاخىر مېنى تونۇدى، ئوڭايسىزلانغان هالدا خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ساختا قىياپەتتە ئۇنىڭغا:

— قەدىرلىكىم، ئۇ ئىشىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى، ئاندىن بىلغا، — كەچۈر، مەن جودىسنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتەي، — دېدى ـ دە، خوتۇنىنى ئېلىپ ماڭدى. بىل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، مەنمۇ تۇردۇم. ئۇلار چىقىپ كەتكۈچە ماڭا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

— مەن راست گېپىمنى قىلىۋالغىنىمغا خۇشالمەن، — دېدىم ئاخىر، — سىزگە ئەمدى يالغان گەپ قىلىشنى خالىمىدىم.

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ باشتىن ـ ئايىغىمغىچە تىكىلىپ قاراپ كەتتى.

— سىزنى مەندەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولماس، — دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭ تۇغۇلغانلىقىمغا ئائىت گۇۋاهنامە تۇرماق، كىچىككىنە ئەستىلىكمۇ يوق، خوش بولاي، مېنى يەنە بۇرۇنقىدەك سۆيىسىگىز...

— سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ.

ئۇ بىر چەتتە قاراپ تۇردى. مەن پىلاشىمنى كىيگۈچە قولۇم يېڭگە كەپلىشىپ قېلىپ بىر مۇنچە جاپا تارتتىم. ئۇ مىدىرلىماي قاراپ تۇردى، چىرايىدا هېچقانداق ئىپادە يوق.

بىز رېستوراندىن چىقتۇق. چىراغلىرى ۋال ـ ۋۇل يېنىپ تۇرغان كوچىدىن مېڭىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ قېشىدىنمۇ ئۆتتۇق. تاكسى مەيدانىدا نۇرغۇن ماشىنىلار بار ئىكەن. بىل ئۇدۇل بىرىنچى تاكسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، مەن شوپۇرنىڭ كەينىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن جاققىدە قىلىپ يېپىۋەتتى ـ دە، ماتور

www.uyghurkitap.com

ئۇت ئېلىپ بولغۇچە كېتىپ قالدى . مەن تۇۋا دەپ قالدىم ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىمنى ئۈزمىدىم، ئۇنى يەنىلا مېنى سۆيىدۇ ، مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ ، دەپ ئويلىدىم . ئەلۋەتتە ، ئۇ ئۇنىڭغا تويۇقسىز كەلگەن ئىش بولدى ، ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشى تۇرغان گەپ ـ تە . بۇنى چۈشىنىشىم كېرەك ، دەيتتىم ئۆزۈمگە . مەن ئۇنى سۆيىمەن ، ئۇ چوقۇم ئازابلىنىۋاتىدۇ ، دەيتتىم يەنە ئۆزۈمگە .

— خېنىم ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ، قانداق ؟ — شوپۇر مەندىن سورىدى .

— ياقەي ، ئەجەب بۇنداق سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟

— غەم بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىز . ئاۋازىڭىزمۇ غەمكىن چىقىۋاتىدۇ .

— ئەمىسە ئاۋازىمنى چىقارماي ، مېنى تېزراق ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ .

سترانگلار تېلېۋىزور ئالدىدا ئىكەن . مەن ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى .

— ئەجەپ بالدۇر قايتىپ كەپسىزغۇ ، قىزىق چاي دەملەپ بېرەيمۇ ؟ — دەپ سورىدى سترانگ خانىم .

— تىلتون ، مەنلا دەملەپ بېرەي ، — دېدى سترانگ ئەپەندى .

مەن ئۆزۈن سافاغا ئۆزۈمنى تاشلاپ سترانگ ئەپەندىنىڭ چاي ئەكىرىپ بېرىشىنى كۈتتۈم . ئۇ چاي ئەكىردى . مەن تال يوپۇرمىقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىستاكاننى قولۇمغا ئېلىپ چاينى ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدىم . تېلېۋىزوردىكى كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ئاشخانىغا چىقىپ قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيۇۋې-

تىپ يۇغۇچنى جازىغا ئېسىپ قويدۇم . قارىسام يۇغۇچ پۇرلىشىپ تۇرۇپتۇ ، شۇڭا ئۇنى يېشىۋاشتىن ئېلىپ تارتىپ ، تۈزەپ يەنە ئېسىپ قويدۇم .

— خەيرلىك كەچ ، — دېدىم ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىغا بېشىمنى تىقىپ .

— خەيرلىك كەچ ، بالام ، — دېدى ئۇلارمۇ تەڭلا . ئاندىن مەن مۇنچىغا كىرىپ ۋاننىغا لىق سۇ توشقۇزدۇم ، بەدىنىدىكى سۇ بىلەن يۇدۇم ، سوپۇندىدىم ، ئاندىن بويۇن — باشلىرىمدىن تارتىپ ھېچيەرنى ئالا قالدۇرماي پاكىز چايقىۋەتتىم . بېشىمنى لۆڭگە بىلەن ئوراپ ، ئۇچامغا كېچىلىك خالتىمنى كىيدىم . شۇ چاغدا بېشىم قاتتىق ئاغرىپ قايغىلىق تۇردى .

مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى مۇنداق تازىلاپ كېتىمەن ؟ ئۆتمۈشۈمدىن ۋاز كەچكەن شۇ كۈنلەردىمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق پاكىز تۇتۇپ كەلگەنىدىمغۇ ؟ بۇ قىلغانلىرىم زادى نېمە ئۈچۈن ؟ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھالال ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئەمەسمىدىم ؟

خەق ماڭا چۈپرەندىنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلسا ، مەن نېمىشقا ماقۇل دەپ تۇردۇم ؟ ئەجەبا ، خەقنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق پاكمىكەن ؟ ھېلىقى دوختۇر ، ئوغلى ، كېلىنى — ھەممىسى شۇنداق ساپ كىشىلەرمۇ ؟ بىلچۇ ؟ ئەجەبا ، ئاشۇ خەقلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆزىنى ئەخلاق ۋە ئىستىل جەھەتتە ئاجايىپ پاك ، ئالىيجاناب كۆرسىتىپ ، ئانچىكى ئىشلارغا پالان — پۇستان دەپ كېتىۋېتىدىكەنا ؟ خوش ، سترانگلارچۇ ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ راھەت ئۇۋىسىدا كۆكۈللۈك ، ئازادە ياشاۋېتىپتىكەن ، مەندەك قولىقى يۇمشاق ، ئۆزى ئېغىر — بېسىق قىزنى كۆرگەندە ، كېلىنىڭ دەپ مېنى قويىنىغا ئېلىشتى . ئەگەر ئۇلارغا راست گېپىمنى دەپ

بەرسەم ئۇلار قانداق قىلار ؟ يەنە ماڭا قوچاق ئاچارمۇ ؟
قېنى ، ئۇلارنىمۇ كۆرۈپ باقاي ، ئۇلارغىمۇ راست گېپىشى دەپ باقاي ، قېنى ، ئۇلار قانداق قىلاركىن !؟

مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئۇلار تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ بوپتىكەن . مەن ھەيران قالدىم ، چۈنكى ئۇلار بارلىق تېلېۋىزور نومۇرلىرى تۈگەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرەتتى .

— ۋاي ، ئولتۇرۇڭ ، تىلتون ، — دېدى سترانگ ئەپەندى قولى بىلەن ئۇزۇن سافانى كۆرسىتىپ ، سترانگ خانىم دەرھال سافادىن قوپۇپ يېنىدىن ماڭا ئورۇن بەردى . سترانگ ئەپەندى ئۆرە تۇراتتى . ئۇ قوللىرىنى ئالماپ نېمىدۇر بىر نېمە ئويلىغاندەك بىزگە قارىدى .

— تىلتون ، — دېدى سترانگ خانىم ، — كۆڭلىمىز بىر قىسما بولۇپ قالدۇق ، ئېيتىڭا ، زادى نېمە خاپىلىق تارتتىڭىز ؟ كەيپىياتىڭىز بەكلا تۆۋەنغۇ ؟

— راست ، بالام ، بىزگە بىر دەپ بېقىڭا ، — دېدى سترانگ ئەپەندىمۇ .

. مەن ئۇلارنىڭ قورۇق باسقان ، مۇلايىم چىرايىغا قاراپ ئىككىلىنىپ قالدىم . بەلكىم مېنىڭ رەسۋا ئىشلىرىمنى ئاڭلىسا ، مومای چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كېتەر ، بوۋاي ئالدىمدا چاندۇرمىسىمۇ ، ئىچىدە مېنى لەنەت ئوقۇپ مېنى قارغاپ كېتەر . ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن ؟ ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيمەن ، بۇ ئادالەتسىز دۇنياغا ، جىمى ئىنسانغا لەنەت ئوقۇيمەن !

— قېنى ، دەڭ ، — دېدى سترانگ خانىم مېنى ئىلھاملاندۇرغاندەك قولۇمنى چىڭ سىقىپ ، مەن ئەمدى ئىككىلەنمىدىم ، ئىچىمدىكىنى بىراقلا تۆكتۈم ، ھەممە ئىشلىرىمنى بىرىنى

قويماي دەۋەتتىم . كۆرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىمنى بىشىدىن بىر باشلاپتىكەنمەن ، ئاخىرىنى بۇگۇن ئاخشام بولغان ئىشقا ئەكىلىپ توختىتىپتىمەن . سۆزلەپ بولۇپ بىردىنلا پۇت ـ قوللىرىم بوشىشىپ كەتتى ، ئۆزۈمنى شۇنداق ۋەيرانە ، ئاجىز ، بىچارە سەزدىم . قىنى ، ئاخىر ئەمدى نىمە بولاركىن !

— تىلتون ، بىرى كېلىڭ ، — دىدى سترانگ ئەپەندى قۇچىقىنى ئېچىپ ، — كېلىڭ ، يىقىن كېلىپ مېنىڭ قاتاگغۇر مۈرەمگە يۆلىنىۋېلىڭ .

سترانگ خانىم مېنى يۆلەپ ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى . ئىككىسى كېچىچە نۆۋەتلىشىپ بىشىمدىن نېرى كەتمەي ھالىمدىن خەۋەر ئالدى .

بىر قېتىملىق ئالمىشىشتا ، سترانگ خانىمنىڭ خورسىنىپ پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم :

— ھەي . . . ي ، ئۇ تازا قاتتىق بىر يىغلىۋالغان بولسا ياخشى بولۇپ كېتەتتى . . .

— ئۇ ئۇنداق خاراكتېرلىك قىز ئەمەس ، — دىدى بوۋاي .

— تىش . . . ش . . . — سترانگ خانىم ئۇنى ئاۋاز چىقارماسلىققا ئۈندەپ ، خۇددى مەن ئېغىر كېسەلدەك پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى .

ئۆي قاپقاراڭغۇ ، كارىۋاتتا ياتىمەن ، دېرىزىدىن دەرەخنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . مەن بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئارام ئېلىشقا ئامراق . ھەي . . ي ، بالىلىق دەۋرىمدە مۇشۇنداق يوغان بىر دەرىخىمىز بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە ! ماۋىس بىلەن ئىككىمىز ئۈستىگە چىقىپ ئوينايتتۇق . . . تازا ئۈستىگە چىقاتتۇق . قۇشنىڭ ئۇۋىلىرىنى كۆرەتتۇق ، چۈنكى ئۇۋا

دىگەن دەرەخنىڭ ئۈچىدا بولىدۇ . . . ئۇ يەردە تۇخۇمدىن چىقمىغان بالاپانلارنى كۆرەتتۇق ، بالاپانلار ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇپ ، كېيىن ئۇچۇپ كېتەتتى . مەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە كىچىك بىر ئۆي ياسىۋالاتتىم . مەن بىلىمەن ، دەرەخنىڭ تازا چاتاپ چىققان يوغان ئۈچ غولىنىڭ ئارىسىغا ناھايىتى پۇختا ، بىر كىچىك ئۆي ياسىۋالغىلى بولىدۇ . . .

— سترانگ ئەپەندى ، قىزىڭىز نانسى دەرەخنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئۆي ياساپ باققانمۇ ؟

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ — سورىدى بوۋاي ھەيران قېلىپ ، — دەرەخنىڭ ئۈستىگىمۇ ئۆي ياسىغىلى بولامدۇ ؟ ياق . بىراق نانسىنىڭ كىچىك ئۆيى بار ئىدى . ئۇنى نانسى بىلەن ئىككىمىز ياسىغان . . .

— نېمىدېگەن ياخشى ، — دېدىم مەن ، — ھەي . . . مېنىڭمۇ چىرايلىق كىچىك ئۆي ياسىشىپ بېرىدىغان دادام بولسىچۇ كاشكى . ئۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ تازا ئويناپتتىم ، قورچاقلىرىمغا تاماق ئېتىپ بېرەتتىم ، لايلاردىن كىچىك توقاچلارنى ياساپ ، ئۈستىگە گۈلنىڭ چېچەكلىرىنى چاپلايتتىم ، گۈلنىڭ ياغاچلىرىدىن ۋىلكا ، قوشۇق ، ياپراقلاردىن تەخسە ياسايتتىم . قورچاقلىرىم تەخسىنى چىقۇۋەتسە ئۇلارنى جىملەپ قوياتتىم ، تېخى ئۇرۇپمۇ قوياتتىم . . .

— سترانگ ئەپەندى ، سىز نانسىنى ئۇرۇپ باققانمۇ ؟

— بەزىدە ئامالسىز ئۇرۇپ قويغان ۋاقىتلىرىممۇ بار .

— ئۇ يىغلامتى ؟

— ئۇرغاندىن كېيىن يىغلايدۇ - دە ، بولۇشىچە يىغلايتتى . ئۇ يىغلايدىغان . . .

سترانگ ئەپەندى كارىۋىتىمنىڭ قېشىغا كېلىپ



www.uyghurkitap.com

ئولتۇردى . بىر پەس جىمجىتلىق ماگا ناھايىتى قورقۇنچ ئېلىپ كەلدى . .

بىل ! ۋاي ، ياق ، بولدى ، بىلنى ئويلىماي . .

ھەي . . ي ، شۇ تاپتا ئىنگى ، لىندالارنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەن بولسام ـ ھە ! ئەگەر شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىدىن كەتمەي بىللە ئىشلىگەن بولسام ، ئۇلار چوقۇم ياخشى كۈن كۆرەتتى ، چوقۇم شۇنداق بولاتتى . ئۇلار بۇگۈن كېچە قەيەردىدۇ ؟ نېمە قىلىۋاتقاندۇ ؟ بۇنى مەڭگۈ بىلەلمەيمەن . .

ئىشى ئىلگىرى كەلمەيدىغان ھېلىقى ياسانچۇق يىگىت خاررودچۇ . ئۇ ھازىر نە ھالدىدۇ ؟ خاررودقا قىلىپ قويغان شۇ ئىشىم تۈپەيلى ، بىل ماگا ئېلىپ بەرگەن بىرلىيانت ئۈزۈكنى تاقىمىدىم ـ ھە . . .

بىل ! ياق ، مەن بىلنى ئويلىماي . .

تۇۋا ، مارتىن دېگەن فامىلە بىلەن ھېلىقى مارتىن دوختۇرنى نېمىشقا بىرلەشتۈرۈپ قارىمىدىم ، ئەقىللىق كاللامغا نېمىشقا بۇ ئىش كەلمىدى ؟ . .

ياق ، مەن بىلنى ئويلىماسلىقىم كېرەك . .

ــ سترانگ ئەپەندى ، نانسى يىغلىغاندا سىزنىڭ كۆڭلىگىز يېرىم بولامتى ؟

ــ ئەلۋەتتە ، يېرىم بولىدۇ ـ دە ، لېكىن ئاتىلار ھامان قىزلىرىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرمەي قالمايدۇ . .

تۇۋا ، دۇنيادا ئەجەب ئىشلار بولىدىكەن ، ئادەم ئىشەنمىگۈدەكلا . جۇدىس بىلەن توي قىلغان جون مارتىن دوختۇرنىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماي ، تېخى بىلنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىكەن ئەمەسمۇ . . .

ــ مەن جۆيلۈۋاتامدىم ؟ بايا قارا بېسىپ قاپتۇ ، ــ دېدىم

پىچىرلاپ .

— ياق ، سىز جۆيلىمىدىڭىز ، تىلتون ، — سىز ئۆيقاق ، — سترانگ ئەپەندى دېرىزىنىڭ قېشىدىن ئالدىمغا يېقىنلاشتى .

— مەن قورقۇۋاتىمەن .

— ئۆزىڭىزدىنمۇ ؟

— ھەئە ، ئۆزۈمدىن ، بەك قورقۇۋاتىمەن .

— مەنمۇ تالاي قورققان ، بۇ جىق ئادەملەردە بولىدىغان ئىش .

سترانگ خانىم ئۆيگە كىرىپ ، ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ :

— ياللا ، بۇ ئۇيقۇ دورىسىنى ئاران تاپتىم ، قېنى ، تىلتون ، بىر تال ئىچىۋېلىڭ ، — دېدى ، مەن دورىنى ئىچتىم ، كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنغۇچە سترانگ ئەپەندىدىن سورىۋالدىم :

— سترانگە خانىم قاچاندىن بۇيان ئۇيقۇ دورىسىغا موھتاج بولۇپ قالدى ؟

— قىزىمىز ئۆلگەپ كەتكەندىن بۇيان . . . — ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا ئارانلا ئاڭلاندى .

بىل بۇگۈن تېلېفون بېرىپ قالار ، ئەتە بېرىپ قالار ، دەپ كۈتۈپ بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . بەلكىم كىتابخانىغا كېلىپ قالار دەپ جېرمان ئەپەندىنىڭ قېشىغىمۇ قايتىپ باردىم ، لېكىن ئۇ كەلمىدى . ئۇ ئەمدى ھەرگىز كەلمەيدىغاندەك تۇراتتى . ھەتتا ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم ، ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپلا تۇرۇپكىنى تاراققىدە قويۇۋەتتى . نومۇس قىلغىنىمدىن ماڭا ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى ، بولدى ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى خار قىلماي ، دەپ ئويلىدىم ، لېكىن نېمىشقىدۇر بىر كۈنى ئاخشىمى

ئۇلارنىڭ هويلىسىغا باردىم ، بىناغا چىقىدىغان پەلەمپەي تۆۋىدە
ئۈچ سائەتتىن ئوشۇق ساقلىدىم . مەن تونۇيدىغان ھېلىقى ھاۋا-
رەڭ ماشىنا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا بىل مېنى كۆردى .
شۇ چاغدا ئۆزۈمنى زور دولقۇنلار ئىچىدە ئېقىپ كېتىۋېتىپ ئۆ-
زىنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئاللىقانداق بىر نەرسىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر
ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن بىر ئىنسانغا ئوخشاتتىم . ئۇ مېنى كۆرۈپ
چۆچۈپ كەتتى ، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ، بىر ئېغىز
زۇۋان سۈرمەي ، يېنىمدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى .
مەن ئۇنىڭ هويلىسىدىن چىقىپ كەتتىم . دېمەك ، ئارى-
مىزدىكى مۇناسىۋەت ئەمدى پۈتۈنلەي ئاياغلاشقانىدى .
جېرمان ئەپەندى تۇرقۇمدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى سې-
زەلمىدى . مەن بۇ بوۋاي بىلەن شۇنچە يىللار بىللە ئىشلىدىم ،
لېكىن ئۇ مەندىن ئەھۋالىڭ قانداق ، مىجەزىڭ يوقمۇ ، ئەجەب
ئورۇقلاپ كېتىۋاتىسەنغۇ ، دەپ بىرەر قېتىممۇ سورىمايتتى .
مەن يەنىلا سترانگلار بىلەن بىر هويلىدا تۇردۇم . ئۇلار
ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئاخشامدىكى گەپلەرنى قايتا قوزغىمىدى ، يە-
نىلا چىرايلىق خېرىدارلىقىمنى قىلدى ، لېكىن مەن ئاستا — ئاستا
ئۇلاردىن ئۆزۈمنى تارتتىم . مەن پات — پات سترانگ خانىمنىڭ
ماڭا يەر ئاستىدىن قاراۋاتقانلىقىنى ، كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا لەپ-
پىدە كۆزىنى ئەپقاچىدىغانلىقىنى سېزىپ قالاتتىم .
مەن مېڭىۋاتقان يولۇمدىن ھەرگىز كەينىمگە يانماسلىقىم
كېرەكلىكىنى بىلەتتىم . سترانگلارمۇ مەندىن شەپقىتىنى ئايىمى-
دى ، مېنىڭ دەردىمنى چۈشەندى ، ھالىمغا يەتتى ، شۇنداقتىمۇ
مەن ئۆچۈن بۇ يولدا مېڭىۋېرىش سەل تەسكە توختىغىلى تۇر-
دى .
بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يۈرىكىمنىڭ ئاغرىقى سەل قو-

يۇپ بەرگەن بولسمۇ ، لېكىن ماڭا غىربىلىق چاپلاشتى ، چاپلاشقاندىمۇ بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالدى .

مەن سەزدىم ، ئالدىمدا ھامان بىر چوكقۇر ھاڭ بار ئىكەن ، مەن ئۇ دەھشەتلىك تەقدىرىمدىن قانداق قىلساممۇ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن . ئادەمنىڭ نەپسى سىقىلىدىغان تازا تىنجىق بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە سترانگ خانىم ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا ، يېقىندا ئېرى ئۆلۈپ تۇل قالغان ئاچىسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرماقچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى . مەن دەرھال يۈك - تاقلىرىمنى يىغىشتۇردۇم .

— ھېلىمۇ ماڭا جىق ئاتىدارچىلىق قىلدىڭلار ، — دېدىم .

— كەچۈرۈڭ ، بالام ، سىزنى قوغلىغاندەك ئىش قىلدۇق . بىز سىزگە بەك ئامراق بولۇپ قالغان ، — دېدى موماي .

— راست ، مەنمۇ سىلەرگە ئامراق . . .

سترانگ ئەپەندى چامادانىمنى ماشىنىغا سېلىپ بەردى ، ئاندىن ماشىنا قوزغالغۇچە دەرۋازىنىڭ تۈۋىدە ساقلاپ تۇردى . ماشىنىنىڭ كەينى ئەينىكىدىن ئۇنىڭ ماڭا قول پۇلاڭشىتقىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئۇنىڭغا قولۇمنى پۇلاڭشىتتىم .

شەھەر رايونىغا كىرگەندىن كېيىن شوپۇرغا ماشىنىنى پرىستان تەرەپكە ھەيدەشكە بۇيرۇدۇم ، ماڭا تونۇشلۇق كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە :

— بولدى ، توختىتىڭ ، مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي ، — دېدىم . پۇلنى تۆلەپ بولۇپ ، بىر چاغدا قارىسام چامادانىم يوق . ماشىنا ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ . بۇنىڭغىمۇ بوپتۇ ، دېدىم .

شۇنچە يىللاردىن بېرى دۇففى ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسى

ئالدىغا كېلىشىم مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ئىدى. سىرتتىن قارىغاندا يەنە ئوخشاشلا تۇرۇپتۇ، ھېلىقى دەرۋازىسى يەنىلا ئوچۇق...

«تىلتون، سىرتتا ئۆي تۇتۇش تۇرمۇشقا ئاۋارىچىلىق ۋە مۇشكۇللۇك ئېلىپ كېلىدۇ» دەيدىغان ئاپام. ئەسلى ئاپامنىڭ گېپىگە كىرسەم بوپتىكەن.

ئىشىكى بۇرۇنقىدىن سەل چوڭايتىلغان كارىدورغا كىرىپ، بىر ئايالنىڭ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تامغا يۆلىنىپ تۇردۇم.

ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە تازا سىنچىلاپ قاراپ كەتتۇق. ئۇنىڭ سېمىز تۇرقىغا قاراپ بالا چاغدىكى دوستۇمنى ئاخىر تونۇدۇم. ماۋىسمۇ مېنى نەرىمگە قاراپ تونۇۇدىكىن، ئىشقىلىپ مەندىن كېيىنرەك مېنى ئاخىر تونۇدى. مەن ئاۋۋال ئېغىز ئاچتىم.

— ماۋىس، ئاپام نەدە؟

ئۇ سوغۇققىنا جاۋاب بەردى:

— بىرەر يىلچە بولدى، تۈگەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم، يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمىدىم. ئۇ ھەممە ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى...

— ئېيتقىنا، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇ نېمە كېسەل بولغان، نېمە كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتتى؟

— راك كېسىلى بىلەن.

— راك؟

— ھەئە، — دەپلا قويدى ماۋىس.

— ئۇ بىرەر قېتىم... ئۇ مېنى تىلغا ئالمىدىمۇ؟

ماۋىس ماڭا ئۆچلۈكى كەلگەندەك قاراپ قويۇپ، قاۋۇل بەستى بىلەن شاققىدە كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ئۇزۇن كەتكەن قاراڭغۇ كارىدور تەرەپكە، ئۇششاق باللارنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ بېرىپ ، بىلىكىنى تارتىپ تۇرۇپ سورىدىم :

— ئېيتقىنا ، ئاپام مېنىڭ گېپىمنى قىلمىدىمۇ ؟

— نېمىشقا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىكەن ؟ — ماۋىس ماڭلاي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى . دېمەك ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد يوق .

مەن كوچىغا چىققاندا بىر كىچىك بالا هويلىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى ، كەينىدىنلا دەرۋازا گۈپپىدە يېپىلدى . ئېسىمدە قېلىشىچە ، دۇففىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېپىلىشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ئىدى .

ئۆزۈم تۇغۇلغان بۇ هويلىدىن ئايرىلغان چاغدىكى كۆڭۈل يېرىملىقىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . مەن ماڭدىم ، دوقمۇش تەرەپكە ئەمەس ، بازار تەرەپكە ماڭدىم ، كېيىن دېڭىز تەرەپكە بارىدىغان تاغ باغرىغا بۇرۇلدۇم .

كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولۇشى ئاپامنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس ، بەلكى غېرىب بولۇپ قالغانلىقىم تۈپەيلىدىن ئىدى . ئاپام مېنى بۇ دۇنياغا تۇغۇپ قويۇپ ، ئەمدى ئۆزى كېتىپ قاپتۇ . بۇنى ئويلىغاندا يۈرىكىم بەكمۇ ئېچىشىپ ، گەز باغلىغان كالپۇكلىرىمنى قاتتىق چىشلىدىم .

خېلى يىللار بۇرۇن ، بىر كۈنى ئاخشىمى بىر ئادەم — ئېهتىمال ئۇ پاراخوتتا كەلگەن — شۇ تاپتا مەن چۈشۈۋاتقان مۇشۇ تاغدىن چۈشكەن بولغىيتتى . ئۇ دۇففىنىڭ بىناسىغا كىرىپ بىر ئايالنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا قىلچە مەسئۇلىيەتسىز هالدا ئۆز ئۇرۇقىنى سالغان . مەن — تىلتون شۇ ئۇرۇقنىڭ مېۋىسى . . . كېيىن ئۇ باشقا بالىمۇ تاپقان بولغىيتتى ، شۇ بالىلىرىنىمۇ مەندەك

تاشلىۋەتكەنمىدۇ ؟ ۋاي ، تاڭ . . . ئۇ شۇ پاھىشە ئايالنىڭ تېنى ئارقىلىق نەپسىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ ئايالنى پاكىپاكىز ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ـ ھە ؟! . . .

ھەر خىل يوغان ، تومۇر ساندۇقلارنى قاچىلىغان بىر يۈك پاراخوتى پرىستاندا توختىغاندا چالغان گۇدۇك ئاۋازى بىر توپ دېڭىز قۇشىنى ئۈركۈتىۋەتتى . ئۇلار چۇرۇلدىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى . چۇرۇلداشلارنى ئاڭلاپ سترانگ ئەپەندىنىڭ ئېيتقان سۆزى ئېسىمگە كەلدى : « ئاتىلار ھامان قىزلىرىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرمەي قالمايدۇ . »

لېكىن مېنىڭ دادام ھەتتا مېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇدلۇقۇمنىمۇ بىلمەيدىغۇ . ئۇ ھەتتا مېنى تاشلىۋەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ . مانا ، مېنىڭ ئازابىمنىڭ يىلتىزى مۇشۇ ! بۇ مېنىڭ ئەڭ زور تالاپىتىم . . .

مەن بىر ماكانغا موھتاج .

كۆرەلمىگەچكە ، قولۇم بىلەن كۆزلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ قارىسام ، يېنىمدا مېنىڭ ھېلىقى ئاۋارە چامادانىمنى ئەكىتىپ قالغان ماشىنا تۇرۇپتۇ .

ــ خېنىم ، چامادانىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز ، ــ دېدى شوپۇر كايىغان ئاھاڭدا .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ، گەپ قىلمىدىم ، تۈيۇقسىز يېشىمنى توختاتتىم ـ دە ، ماشىنىغا كىردىم . شوپۇر مەندىن سورىدى :

ــ ئەمدى قەيەرگە بارىسىز ؟

( « بىر ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى » ناملىق خەنزۇچە كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان )

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# تۈلكە

## د . ھ . لاۋرېنس ( ئەنگلىيە )

ئەركىن نۇر ، نىياز ئەمەت تەرجىمىسى

كىشىلەر بۇ ئىككى قىزنىڭ ئات ـ جۆنىدىن بۆلەك ھېچ-نەرسىدىن خەۋەرسىز ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرى بەنفور ، يەنە بىرى مارچ بولۇپ ، شېرىكلىشىپ بۇ قورۇقنى ئىجارىگە ئېلىپ باشقۇر-ماقچى بولۇشقانىدى . ئۇلار بىر توپ توخۇ بېقىپ تۇرمۇشنى قامدىماقچى ، يەنە تېخى سىيىر بېقىپ ، ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككىنى موزايلاتماقچىمۇ بولۇشتى . شۇغىنىسى ، ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغى-نىدەك ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولمىدى .

بەنفور ۋىجىك ، ياداڭغۇ ، تېنى ئاجىز قىز بولۇپ ، كۆ-زەينەك تاقاپ يۈرەتتى . ئۇ قورۇققا ئاساسلىق دەسمايە سالغۇچى ئىدى ، چۈنكى مارچىنىڭ قولى قىسقا ئىدى . بەنفورنىڭ دادىسى ئىسلىنتونىدىكى ① ملىچ مال سودىگىرى بولۇپ ، ئۆز قىزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بۇ قورۇقنى ئېلىشقا پۇل چىقارغان ، چۈنكى ئۇ قىزىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزى ئۆمۈر بويى تويى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى . مارچىنىڭ تېنى بەنفورنىڭكىدىن ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىدى . ئۇ ئىسلىنتونىدىكى كۇرستا ياغاچچى-لىقنى ئۆگەنگەن ، ھازىر قورۇقتىكى ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنى

---

① ئىسلىنتون — لوندوننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر ئاپتونوم شەھەر .

ئەرلـەرنىڭ ئورنىدا قىلاتتى . ئۇلار ئىشنى باشلىغاندا بەنفورنىڭ بوۋىسى بۇ قورۇقتا ئۇلارغا قارىشىپ بەرگەنىدى . بوۋاي ئىلگىرى دېهقان بولغان ، بىراق ئۇ بىلل قورۇقىدا بىر يىل تۇرۇپلا بەختكە قارشى تۇگەپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە بۇ ئىككى قىزلا قالدى .

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى . ئۇلارنى بەك ياش دېگىلىمۇ ، قېرىلار قاتارىغا چىقىرىۋېتىشكىمۇ بولمايتتى . ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى ناھايىتى يۈرەكلىك ھالدا جوڭ-قۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار نۇرغۇن توخۇ باققان بولۇپ ، ئارىسىدا قارا رېگخوئېن توخۇسى ، ئاق رېگخوئېن توخۇسى ، پلىموس توخۇسى ۋە ھايئېندوت توخۇسى بار ئىدى . ئۇلار يەنە بىر توپ ئۆردەك ۋە ئىككى غۇنىجىن باقتى . قېرىشقاندەك غۇنىجىندىن بىرى بىلل قورۇقىدىكى نېسىۋىسىگە قانائەت قىلماي قويىدى . مارچ قاشانى ھەر قانچە پۇختا چىتلىۋەتسىمۇ ئۇ غۇنىجىن يەنىلا قورۇق-تىن قېچىپ كېتەتتى يا ئورمانلىقتا قالايمىقان قېيغىپ يۈرەتتى ، يا قوشنا - قولۇملارنىڭ ئوتلىقىغا ئۇسسۇپ كىرەتتى . مارچ بىلەن بـەنفور ئۇچقاندەك چىقىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا مەجبۇر بولاتتى ، بىراق كۈچىنىڭ بارىچە يۈگۈرسىمۇ ئۇنى تۇتۇش ئا-سانغا چۈشمەيتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن ئۇ غو-نىجىننى سېتىۋەتتى . ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر غۇنىجىن تۇنجى موزىيىنى تۇغۇشقا ئاز قالغاندا بەنفورنىڭ بوۋىسى تۇگەپ كەتتى . قىزلار غۇنىجىننىڭ موزايلىشىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىپ ئۇنىمۇ سېتىۋەتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار زېھنىنى توخۇ ۋە ئۆردەك بېقىشقا قاراتتى .

ئۇلار بىرئاز مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ باقىدىغان چوڭ مال بولمىغاچقا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى . دېمىسىمۇ ، ئادەم بۇ

دۇنياغا پەقەت جاپا چېكىش ئۈچۈنلا يارالغان ئەمەس ـ تە ! بۇ ۋاقىتتا ئىككىسىنىڭ قارنىشى تامامەن بىردەك ئىدى . ئەسلىدە ئۇشۇ توخۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىمۇ يېتىپ ئاشاتتى . مارچ ياغاچچىلىقتا ئىشلىتىدىغان رۇستىكىنى ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرىدىغان لاپاسىنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىدى . ئۇ شۇ يەردە ئىشلەيتتى ، توخۇ كاتىكى ، ئىشىك دېگەندەك ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ياسايتتى . توخۇلار ئاشۇ چوڭراق كەلگەن ئۆيدە بېقىلاتتى ، بۇ ئۆي دەسلەپ ئاشلىق ئامبىرى ، كېيىن كالا قوتىنى قىلىنغانىدى . توخۇلار بىر ئوبدان كاتەكنىڭ بولغىنىدىن خۇش بولسا بولاتتى . دەرۋەقە ، توخۇلار ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى . بىراق ، ئۇلارغا ھەر خىل غەلىتە كېسەللەر ئوگايلا يۇقۇپ قالاتتى . يەنە كېلىپ دان دېسە پوكىنى ئېتىلىپ كەتكۈدەك يەپ تويماي ئىغاڭلاپ يۈرۈشلىرى بۇ ئىككى قىزنىڭ ئوغىسىنى قايناتتاتتى .

سىرتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك مارچ ئۆزى قىلاتتى . ئۇ سىرتقا چىقىدىغان چاغدا ھەممىشە گەلەپى شىم ، ئۇچىسىغا بەللىك پىلاش ، بېشىغا ئازادە كەلگەن يۇمشاق شىلەپە كىيىپ ، پۇتىغا گۆجەي يۆگىۋالاتتى . ئۇنىڭ دولىسى تۈز ، يۈرۈش ـ تۇرۇشى چاققان ھەم تەمكىن بولۇپ ، ئوزايىدىن ئاز ـ تولا سوغۇق قان ، ئادەمنى مەنسىتمەيدىغان ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى . شۇڭا بوي تۇرقى سۇمباتلىق ، ئەمما بىپەرۋا يىگىتلەرگە ئوخشاپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ چىرايى ئوغۇل بالىغا ئوخشىمايتتى . ئېگىشكەندە قوندۇزدەك قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى يۈز ـ كۆزىنى يېپىۋالاتتى . قەددىنى رۇسلىغاندا بولسا ، قۇمچاقتەك قارا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ تەئەججۇپ ، تارتىنىش ۋە يەنە ئاللىقانداق مەسخىرىلىك ئالامەتلەر زاھىر بولاتتى . ئۇ بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك ياكى باشقىلارنى مازاق قىلىۋاتقاندەك لېۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ

يۇرەتتى . ئۇنىڭ جىسمىدا ئادەم ئوڭايلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدى-
غان غەلىتىلىكلەر مەۋجۇت ئىدى . ئادەتتە ئۇ گەۋدىسىنىڭ سال-
مىقىنى بىر پۇتىغا چۈشۈرگىنىچە يانتۇ كەلگەن بۇ قورۇقنىڭ
مەينەت ، لاي - پاتقاق سەيناسىدا ئۇيان - بۇيان ئىرغاڭلاپ يۇ-
گۈرۈشۈپ يۈرگەن توخۇلارغا قارايتتى، ئۆزى ئامراق ئاق مىكى-
يىنىنى چاقىراتتى . ئۇ مىكىيان ئۆز ئىسمىنى ئىشتكەن ھامان
ئۇچقاندەك يۇگۈرۈپ كېلەتتى . ھالبۇكى ، مارچ كۆز - قۇلاق
بولۇپ تۇرغان ئۇ ئۈچ بارماقلىق توخۇلىرىنىڭ بېشى قايغان ،
پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرگەنلىرىنى كۆرگىنىدە ، ئاھۇ كۆزلىرىدە
دائىم دېگۈدەك بىر خىل مەسخىرىلىك ئۇچقۇن يالتتىدە چاقناپ
قالاتتى . ئۆزى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان مىكىيىنى فا-
دىغا گەپ - سۆز قىلىۋاتقاندىمۇ ئاۋازىدىن ئاز - پاز دوق قىلى-
غان ، مەسخىرىلىك تەلەپپۇز چىقىپ تۇراتتى . فادى بولسا يېقىن-
چىلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك مارچىنىڭ ئۆتۈكلىرىنى يې-
نىككىنە چوقۇلاپ قوياتتى .

مارچ چامىسىنىڭ يېتىشىچە بۇ توخۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ توخۇلار ئايىنماي كەتتى . ئۇ ھەر
كۈنى قاق سەھەردە توخۇلارغا ئىسسىق يەم بېرەتتى . بىراق ، ئۇ
ئىسسىق يەم توخۇلارنى نەچچە سائەتلەپ ئۇخلىتىۋېتىدىغانلىقىنى
سېزىپ قالدى . ئۇنداقتا توخۇلار قونداقلىرىدا ئولتۇرۇپ يەمنى
بەكمۇ ئۇزاقتا ھەزىم قىلاتتى . توخۇلار ھەريان چېپىپ يۈرۈپ
ئۆزى دانلىشى كېرەك ئىدى . بۇ ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق
ئىدى . ئۇ بۇنى تولۇق ھېس قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋۋالقى
ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ، كەچتە ئىسسىق يەم بېرىش ، توخۇلار
تويۇشى بىلەنلا ئۇخلىتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى . ئۇ شۇنداق قىل-
غانمۇ بولدى . شۇغىنىسى ، بۇنىڭ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولمىدى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شەرت — شارائىتمۇ باقمى-
چىلىق ئىشلىرىغا بەكمۇ قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى . يەم — خە-
شەك قىس ، سۈپىتىمۇ ناچار ئىدى . پارلامېنت يازلىق ۋاقىت تۈ-
زۈمنى يولغا قويغاندىن كېيىن ، توخۇلار سائەت توققۇزلار بولۇپ
قالسىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كاتەككە كىرمەي تۇرۇۋالاتتى .
راستىنى ئېيتقاندا ، سائەت توققۇزغىچە ھەپىلىشىشمۇ خېلى كەچ
ھېسابلىناتتى . چۈنكى ، توخۇلارنى سولاپ ئۇخلىتىۋەتمىگۈچە
ئارامچىلىق يوق ئىدى . ئەمدىلىكتە ئۇلار سائەت ئون ، ھەتتا ئون-
دىن ئاشقىچە ئاشلىق ئامبىرىغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قوي-
ماستىن قىن — قىنىغا پاتماي ئويان — بۇيان چېپىپ يۈرۈشىدىغان
بولۇۋېلىشقانىدى . بەنفور بىلەن مارچ ئىنسانىنىڭ ئىشلەش ئۈچۈنلا
يارىتىلىدىغىنىغا ئىشەنمەيتتى . ئۇلارنىڭ كەچتە كىتاب ئوقۇغۇسى
ياكى ۋېلسىپىتلىق ئايلىنىپ كەلگۈسى كېلەتتى . ئۇنداق بولمى-
غاندا مارچ يېشىل سىرلىق فارفۇر قاچا — قۇچىلارغا ئاق قۇلارنى
سىزىش ياكى پىشقان ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەپ-
چىل ، چىرايلىق بىر تام مەش سالاسۇنى ياساشنى ئويلايتتى .
چۈنكى ، ئۇ غەلىتە خىياللارنى كۆپ سۈرىدىغان ، بارىغا شۈكۈر
قىلمايدىغان قىز ئىدى . ھالبۇكى ، ئاشۇ نەس باسقۇر توخۇلار بۇ
ئىشلارنى بىر ياشقا ئېلىپ چىقىشقا ئىمكان بەرمەيتتى .

ئۇلارنىڭ بېشىغا ناھايىتى زور بىر بالايىئاپەت كەلدى .
بىل قورۇقى — كونا ياغاچ — تاشتىن سېلىنغان ئاشلىق ئامبىرى
بىلەن ئۆگزىسى پاكارغىنا كەلگەن كەپىدىن تەشكىل تاپقان كى-
چىككىلا بىر قورۇق بولۇپ ، بىر پارچە ئېكىنزار ئارقىلىق ئورمانلىق-
تىن ئايرىلىپ تۇراتتى . ئۇرۇش پارتىلىغاندىن كېيىن تۈلكە ئەسە-
بىيلەرچە قۇتراپ يۈرىدىغان بىر زىيانداش ئالۋاستىغا ئايلىنىپ
قالدى . ئۇ ھەمىشە مېكىيانلارنى مارچ ۋە بەنفورنىڭ كۆزىچىلا

كاپپىدە چىشلەپ ئېلىپ قاچاتتى . بەنفور توخۇلارنىڭ ئېچىنىش-لىق قاقىلداپ ، جان تالىشىپ قانات ـ قۇيرۇقىنى پالاقلىتىشلىرىنى ئاڭلىغاندا ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قوياتتى . شۇنداق قىلىپ يەنە بىر ئاق رېڭىنخوئېن توخۇسى تۈلكىگە يەم بولاتتى . بۇ راستىنلا ئادەمنىڭ ئىچىنى سېرىيدىغان ئىش ئىدى .

ئۇلار قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئاماللارنى قىلىپ تارتقان زىيانىنى تولدۇرۇۋېلىشقا تىرىشاتتى . تۈلكىنى ئۆۋلاشقا ئىجازەت بېرىلگۈچە سەۋرى قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۈلكە پەيدا بولىدىغان پەيتتە تىنتىشقا چىقتى . شۇغىنىسى ، بۇنىڭمۇ ھېچبىر پايدىسى بولمىدى . چۈن-كى ، تۈلكە ئۇلاردىنمۇ چېچەن ئىدى . ئەنە شۇ تەرىزدە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇددى بەنفور ئېيتقاندەك زىيىنىغا دەسسەش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى . بىر يىلى يازدا ئۇلار ئۆز-لىرى ئولتۇرۇۋاتقان كەپىنى ئىجارىگە بېرىۋېتىپ قورۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى تاشلاندۇق ۋاگوندىن ئۆزگەرتىلگەن ئۆيگە كۆچۈ-ۋېلىشتى . ئۇلار بۇ ئۆيدە ئولتۇرسا ھەم كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى ، ھەم چىقىمنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى . شۇنداقتىمۇ ، ئەھۋالدا يە-نىلا كۆپ ياخشىلىنىش بولمىدى .

بەنفورنىڭ تېنى ئاجىز بولسىمۇ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان سەمىمي ، قولى ئوچۇق قىز ئىدى . مارچنىڭ مىجەزى غەيرىي ۋە شۇ قەدەر بىپەرۋا بولسىمۇ باشقىلارغا نىسبەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى دەريادەك كەڭ ئىدى ، شۇڭا ئۇلار ئەڭ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى . ئۇلار نورمال ئەھۋالدا ئەپ ئۆتسىمۇ ، ئۇزۇن مۇددەت-لىك تەنها ياشاش جەريانىدا ئۆزئارا ئوڭايلا سۇركىلىش پەيدا بولاتتى ـ دە ، بىر ـ بىرىدىن ئاز تولا زېرىكىپمۇ قالاتتى . ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى مارچ قىلاتتى . ئۇ باشتا بۇنىڭغا ئانچە

ئېرەنشىپمۇ كەتمىدى ، ئەمما كۈنلەرنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق ئۆ-
تۈۋېرىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەلىتە ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان
بولۇپ قالدى . بۇنداق چاغلاردا ، بەنفورنىڭ ئەسەبلىرى جىددىي-
لىشىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى . مارچ بولسا ئۇنىڭغا تې-
كىنى بار سۆزلەرنى قىلاتتى ، ۋاقىتنىڭ سۇدەك ئۆتۈشى بىلەن
نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايۋاتاتتى . شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى . ئۇلار ئورمانلىق بويىدىكى
ئاشۇ ئېكىنزارلىقتا يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتاتتى . بىپايان چۆل-
جەزىرە ئادىمزاتسىز ، قۇپقۇرۇق بولۇپ ، ئاق تۇلپار چوققىسى
دېيىلىدىغان گىرىمسەن تاغلارنىڭ باغرىغىچە سوزۇلغان . شۇڭا ،
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە توغرا كې-
لەتتى ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرىدىغان ، ئۇلارغا ئۈمىد بې-
غىشلايدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى .
تۇلكە ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ زەردىگۈش قىلىۋەتتى . ئۇلار
ياز كۈنلىرى سەھەردە توخۇلارنى كاتەكتىن چىقىرىۋېتەتتى -
دە ، دەررۇ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇشقا مەجبۇر
بولاتتى . قاش قارىيىشقا باشلىغاندا يەنە بىر نۆۋەت قاراۋۇللۇققا
چىقاتتى . تۈلكە شۇقەدەر ھىيلىگەر ئىدى . ئۇ قويۇق ئۆسكەن
ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا يىلاندەك يەر بېغىرلاپ ماڭغاچقا ئۇنى
ئاسانلىقچە سېزىۋالغىلى بولمايتتى . يەنە كېلىپ ، ئۇ بۇ ئىككى
قىزنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ ئەتەي كولدۇرلىتىۋاتقاندەك قى-
لىقلارنى قىلاتتى . مارچ بىر - ئىككى نۆۋەت ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ
ئۇچىدىكى ئاق تۈكلىرىنى ياكى قىلىن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى
قىزغۇچ گەۋدىسىنى كۆرۈپ قېلىپ ئالمان - تالمان گومىدە ئوق
ئۈزگەندە ، تۈلكە بۇنى چۈشىنىغىمۇ ئېلىپ قويمىغانىدى .
بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىدى . مارچ پېتىۋاتقان قۇياشقا ئار-

قىسنى قىلىپ ئۆرە تۇراتتى ، ئۇ قولتۇقىغا مىلتىق قىستۇرۇۋالغان ، چاچلىرىنى شىلەپە بىلەن باستۇرۇۋالغانىدى . ئۇ زەن قويۇپ قارىغاچ خىيال سۈرەتتى . ئۇ ھەمىشە شۇنداق ئىدى . كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغاندەك قىلىسمۇ ، كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچقا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نەرسىنىمۇ سەزمەيتتى . ئۇ ئادەتتە مۇشۇنداق غەلىتە ، باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار قاينىمىغا غەرق بولاتتى . ئۇنداق چاغلاردا ئاغزىنى دومسايتىپ قوياتتى . ئۇنىڭ كۆزى شۇ يەردە بولغىنى بىلەن كۆڭلى باشقا يەردە يۈرەتتى .

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى بولغاچقا ، ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى دەرەخلەر يارقىن قۇياش نۇرىدا قوڭۇر ئارىلاش قېنىق يېشىل رەڭدە ئايان بولاتتى . ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا قارىغايلارنىڭ تاقىر ، مىس رەڭلىك غولى ۋە شاخ ـ شۇمبىلىرى يالتىرايتتى . ئەتراپتىكى بولۇق ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوڭۇر كەلگەن ئۆسكىلەڭ پايلىرى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقنايتتى . توخۇلار ۋە ئۆردەكلەر تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغان . ئۆردەكلەر قارىغاي تۈۋىدىكى كۆلچەكتە ئۈزۈپ ئويناشماقتا . مارچ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىنچىلاپ قارىدى . ھەممىسىنى ئوچۇق كۆردى ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەندەك ئولتۇراتتى . ئۇ يىراقتا بەنفورنىڭ توخۇ ۋە ئۆردەكلەرگە ئاللىنېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى . ئۇ نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىكىن ؟ بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئاللىقانداق نەرسىلەر كونترول قىلىۋالغاندەك ئىدى .

ئۇ نەزەرىنى تۆۋەنگە ئاغدۇرغانىدى ، تۇيۇقسىز ھېلىقى تۈلكىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى . تۈلكە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا

قاراپ تۇراتتى . ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ، كۆزلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگىنىچە ، مارچىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى . ئۇ خۇددى سېھىرلەپ قويغاندەك جىممىدە تۇراتتى . مارچ تۈلكىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قالغانلىقىنى بىلدى ، شۇڭا تۈلكە ئۇنىڭ كۆزىگە بىمالال قادىلىپ قاراپ تۇراتتى . ئۇ بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى . تۈلكە ئۇنى تونۇپ بىرئازمۇ قورقمايۋاتاتتى .

ئۇ دىلىغوللۇقتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . ھودۇقۇشتىن ئۆزىگە كەلگەندە ، مارچ تۈلكىنىڭ يەردە يېيىلىپ ياتقان شاخ - شۇمبىلاردىن بىخارامان ئاتلاپ ئۆتۈپ ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قىلچە ئەيمەنمەي مىسىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . تۈلكە بېشىنى ئارقىغا بۇراپ قىزغا لاپپىدە قارىدى - دە ، بىخارامان كېتىپ قالدى . مارچ تۈلكە قۇيرۇقىنىڭ تۈز ھەم پارقىراقلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق ساغرىسىنىڭ يالتىراپ تۇرغىنىنى كۆردى . ئۇ شۇ تەرىزدە قاچتى ، شامالدەك تېز كېتىپ قالدى .

مارچ مىلتىقىنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزى يەنىلا پۈرۈكلۈك ئىدى . ئۇ ھازىرلا ئوق چىقىرىدىغاندەك ئەلپازدا جىددىي ھالەتتە تۇرۇشىنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ تۈلكە كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئاستا ۋە سالماق يۈرۈپ كەتتى . مارچ تۈلكىنى چوقۇم تېپىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ئەمما ، ئۇنى تاپقاندا زادى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ تۈلكىنى تېپىش نىيىتىدىن يانمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلىپ چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى . شۇ تاپتا ئۇ ئورمانلىق ياقىسىدا روھلۇق ھالدا كېتىپ باراتتى . ئۇ ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى . ئۇ

مۇشۇ تەرىقىدە تۈلكىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ بىر چاغدا بەنفورنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. زېھنىنى تەستە يىغىپ جاۋابەن ئىنچىكە ئاۋازدا ۋارقىراپ قويدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قورۇق تەرەپكە چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئوتقاشتەك قىزغۇچ قۇياش پاتماقتا، توخۇلار كاتەكلىرىگە قاراپ يانماقتا. ئۇ توخۇلارغا زەن سالدى، ئاق، قارا، ھەر خىل رەڭدىكى توخۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشلىق ئامبىرىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخىچە ئاللىقانداق نەرسە تەرىپىدىن سېھىرلەپ قويۇلغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى توخۇلاردا بولغىنى بىلەن خىيالى باشقا يەردە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئادىتى بويىچە كاتەكنى ئۆز ۋاقتىدا ئاڭسىز ھالدا ئېتىپ قويدى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا كەچلىك تاماققا ئولتۇردى. بەنفور تاماقنى تەييارلاپ شىرەگە قويۇپ قويغانىدى. مارچ تاماق يەۋاتقاندا بەنفور تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ سېلىپ ئولتۇردى. مارچ سوغۇق، كەسكىن قىياپەت بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك ئارىلاپ بىر ـ ئىككى ئېغىز قىسقىلا جاۋاب بېرىپ قوياتتى. ئۇ باياتىندىن بېرى تولىمۇ پاراكەندە كۆرۈنەتتى. ئۇ غىزالىنىپ بولدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ نەگە ماڭغانلىقىنى ئېيتىپمۇ قويماستىن چىقىپ كەتتى. ئۇ مىلتىقنى ئېلىپ ھېلىقى تۈلكىنى ئىزلەپ ماڭدى. چۈنكى، تۈلكە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىغان، ئۇنىڭ قۇۋلۇق يېغىپ تۇرغان قاراشلىرى خۇددى مۆھۈر باسقاندەك مارچنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورنىشىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۇ تۈلكىگە باغلىنىپ قالغانىدى. ئۇ تۈلكىنىڭ ئۆتكۈر، بىغەم، قاپقارا كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى پىنھان سىرلارنى كۆرۈۋالغاندەك ۋە

ئۇنى شۇ ئارقىلىق تونۇۋالغاندەك ھېس قىلدى . تۆلكە ئۇنىڭ روھىنى غايىبانە قامال قىلىپ تۇرغاندەك ئىدى . تۆلكىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغان چاغدىكى ئاشۇ تۇرقى ، سارغۇچ ۋە ئاقۇش بۇرۇتلۇق ئۇزۇنچاق ئېغىز — بۇرنى ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى . مارچ تۆلكىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ قايمۇقتۇرۇش ، مەنسىتمەسلىك ۋە مەككارلىق ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان قىياپىتىنى يەنە كۆرۈۋاتقاندەك بولدى . شۇڭا ، ئۇ كېتىۋاتاتتى ، تەئەججۈپتىن كۆزلىرى يانغان ، قولتۇقىغا مىلتىق قىستۇرۇۋالغان ھالدا ئورمانلىقنى بويلاپ توختىماي كېتىۋاتاتتى . بۇ قاش قارىيىپ تولۇن ئاي قارىغايلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغ ئىدى . بەنفور يەنە ئۇنى چاقىرغىلى تۇردى .

مارچ بۇ دورەم ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۈن — تىنسىز ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى . ئۇ ئوۋ مىلتىقىنى تۈجۈپىلەپ بىر قۇر تەكشۈرۈپ سۈرتكەچ چىراغ نۇرى ئاستىدا كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا خىيالغا پاتتى . كېيىن ئۇ يەنە ئۆيدىن چىقتى — دە يارقىن ئاي نۇرى ئاستىدا ھەممە ئىشلارنىڭ جاي — جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان — ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقىغا قاراپ چىقتى . ئۇنىڭ قارامتۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان قارىغاي شاخلىرىنىڭ قىزغۇچ كۆكنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈشىگە كۆزى چۈشكەندە خىيالىغا ھېلىقى تۆلكە كىرىۋالدى . ئۇ مىلتىقىنى ئېلىپ بۇ تۆلكىنىڭ ئىزىغا چۈشۈشنى ئويلايتتى .

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ بۇ ئىشنى بەنفورغا تىندى . بىر ئاخشىمى ئۇ بىردىنلا :

— شەنبە كۈنى كەچتە ھېلىقى تۆلكە پۈتۈمنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قاپتىكەن ، — دېدى .

— نەدە ؟ — سورىدى بەنفور ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆزەي-نەك ئاستىدا ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ قالغانىدى .

— مەن كۆل بويىدا تۇرغانىدا .

— ئوق چىقاردىڭمۇ ؟ — بەنفور ۋارقىراپ دېگۈدەك سو-رىدى .

— ياق ، ئوق چىقارمىدىم .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— ھاڭۋېقىپ قالغان بولسام كېرەك .

مارچ گەپ قىلغانىدا ھەمىشە سالماقلىق بىلەن ئالدىرىماي ، ئاددىيلا جاۋاب بېرەتتى . بەنفور كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە دوستىغا بىر پەس قارىغاندىن كېيىن :

— سەن ئۇنى راستتىنلا كۆردۈڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، كۆردۈم . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن قارىدى .

— ھىم ، يۈرىكى قاپتەك باركەن ئۇنىڭ ! ئۇلار بىزدىن قىلچىمۇ قورقمايدىكەن ناننى ①، — دېدى بەنفور ئۈنلۈك ئاۋازدا .

— شۇنداقكەن ، — دېدى مارچ .

— ئەپسۇس ، ئۇنىڭغا ئوق چىقارماپسەن - دە ، — دېدى بەنفور .

— ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى ! شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى توختىماي ئىزدەۋاتىمەن ، بىراق مېنىڭچە ئۇ ئەمدى ھەرگىز بۇنداق يېقىن كەلمەيدۇ .

— مېنىڭچىمۇ ، ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ ، — دېدى بەن-فور .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بۇ ئىشنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەندەك

---

① ناننى — مارچنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى .

بولدى، ئەمما بۇ جانىۋارنىڭ بىزەڭلىكىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ قويقا چېچى تىك تۇرۇپ كېتەتتى. مارچ قانداقلارچە ئۇ تۈلكىنىڭ ئۆز كۆڭلىگە ئورناپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى، ئولتۇرسا ـ قوپسا تۈلكە خىيالىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم خىيال سۈرگەچ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا، ھېلىقى تۈلكە ئۇنىڭ خىيالىغا ئەسىر بولغان نېرۋىسىنىڭ يېرىمىنى تۇيدۇرمايلا ئىگىلەيتتى ـ دە، ئوي ـ پىكىر يۈرگۈزگەندە قالغان يېرىمىنىمۇ كونترول قىلىۋالاتتى. بۇنداق ھالەت نەچچە ھەپتىلەپ، ھەتتا نەچچە ئايلاپ داۋام قىلدى. ئۇ ئالما ئۈزگەندە بولسۇن، ئالۇچىنى قېقىپ چۈشۈرگەندە بولسۇن، ئاشلىق ئامبىرىنى سېرىپ ـ سۈپۈرگەندە بولسۇن، ھەر دورەم ئىشنى تۈگەتكەن ياكى ئىشتىن باش كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئوڭشاۋاتقاندا بولسۇن، ھەممىشە ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ دومسايتتۇالاتتى. بۇ ئۇنى يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا قېرى چىراي قىلىپ كۆرسىتىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ تۈلكىنىڭ خۇددى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاشلا ئۆز قەلبىدىكى سېھىر كۈچلىنى يەنە بىر رەت تولۇق ھېس قىلاتتى ھەمدە تۈلكىنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان پۇراقلار بۇرنىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغاندەك بولاتتى. بۇنداق ھالەت ھە دېگەندىلا تەكرارلىناتتى. ئاخشاملىرى كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىناي دېگەندە، چۆگۈنگە قايناق سۇ قويۇپ چاي دەملەۋاتقىنىدا، ئىش قىلىپ ھېلىقى تۈلكە ئۇنى سېھىرلەپ قويغاندەك خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. بىر نەچچە ئاي شۇ تەرىزدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئورمانلىق تەرەپكە ئۆتكۈدەك بولسىلا بىلىپ ـ بىلمەي ھېلىقى تۈلكىنى ئىزلەيتتى. تۈلكە ئۇنىڭ قەلبىدە جاھىلانە بىر تەسىر، تەۋرەنمەس بىر روھ قالدۇرغانىدى. بۇ روھ قاتمال نەرسە بول-

ماستىن بەلكى تەكرار ئايان بولىدىغان نەرسە ئىدى. مارچ ئۆزى-
نىڭ قانداق تۇيغۇدا ياكى نېمە ئويدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئېي-
تىپ بېرەلمەيتتى. ھەر نۆۋەت مۇشۇ خىل روھىي ھالەت پەيدا
بولغاندا، تۆلكە ئۇنىڭغا قارىغان چاغدىكىدەك كۆز ئالدىدا ئەينەن
زاھىر بولاتتى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ تۇيدۇرمايلا بىر نەچچە
ئاي ئۆتۈپ كەتتى. سالقىن ۋە تۇتۇق نويابىر ئايلىرىمۇ كىرىپ
قالدى. شۇڭا، بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. مارچ كۈن
بويى ئۆتۈك كىيىپ يۈرەتتى، شۇڭا تالادىكى لاي - پاتقاقلار ئۇ-
نىڭغا تەسىر قىلالمايتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىلا قاراڭغۇ
چۈشۈپ كېتەتتى، ئەتىگەنلىكى بولسا تاڭ تۈزۈك يورۇمايتتى.
بۇنداق كۆڭۈلسىز پەسىلدىن ھەر ئىككىلا قىزنىڭ ئىچى سى-
قىلاتتى. بولۇپمۇ، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەكلا ئوگشالمايدىغان
تەلەتى سۇرۇن، ئوسال ھاۋانىڭ ئۆزلىرىنى ئورمانلىق بويىدىكى
چۆللۈككە جايلاشقان زېرىكىشلىك قورۇققا بەند قىلىپ قويۇشى-
دىن قورقاتتى. بەنفور ھەقىقەتەن قورقۇۋاتاتتى. ئۇ بېشى قاي-
غان، پۇتى تايغان ئالىقانداق بىر ساياقلاردىن قورقاتتى. ئۇلار-
نىڭ تەپ تارتماستىن كېلىپ، يېقىن ئەتراپقا سوقۇنۇپ ما-
رىلاپ يۈرۈشىدىن ئەنسىرەيتتى، مارچ ئۆزىدە ئۇنچىۋالا قورقۇنچ
ئەمەس، بەلكى كەيپى ئۇچۇپ، ئىچىنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقى-
نىنىلا ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى روھى چۈشكۈن، ماغدۇرسىز
سېزەتتى.

بۇ قىزلار ئادەتتە ھۇجرىسىدا ناشتا قىلىشاتتى. مارچ ھەر
كۈنى كۆز باغلانغاندا ئوچاققا ئوت ياقاتتى - دە، كۈندۈزى يې-
رىپ تەقلەپ قويغان ئوتۇنلارنى بىردىن - بىردىن سالغىلى
تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇيقۇسىز ئۇزۇن تۈن باشلىناتتى.

تالا سىيادەك قاپقاراڭغۇ ، نەمخۇش ، ھۇجرا بولسا يىگىتنىڭ نەقەدەر چۈشۈپ كەتسىمۇ ئاڭلىغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس ، زېرىكىشلىك بولۇپ ، ئادىمىزاتسىز ، چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى . مارچىنىڭ گەپ - سۆز قىلىشقا رايى بارمايتتى ، بەنفور ئەكسىچە ئاغزى بېسىقماستىن جاۋۇلدايتتى . چۈنكى ، سىرتتىكى قارىغايلارنىڭ شاۋقۇنى ياكى يامغۇرنىڭ چوك - چوك قىلىپ تامچىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى .

بىر كۈنى كەچتە قىزلار ئاشخانىدا چاي قاچىلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن مارچ ئۆي ئىچىدە كىيىپ يۈرىدىغان ساپما كەشىنى ئالماشتۇرۇۋالدى - دە ، تور توقۇشقا كىرىشتى . بۇ ئۇنىڭ ئايىنىمىسىمۇ ئەتىسى - ئاخشىمى بىكارچىلىقتا قىلىدىغان ئىشى ئىدى . ئۇ زوۋان سۆرمەيتتى . بەنفور ئوتنى پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوچاققا قاراپ ئولتۇراتتى ، ئۇلارنىڭ قالايدىغىنى ئوتۇن بولغاچقا ئوتنىڭ بىردەمدىلا ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرەرى ئوچاققا پات - پات ئوتۇن سېلىپ تۇرمىسا بولمايتتى . ئۇ كەچتە بالدۇرلا كىتاب ئوقۇشتىن ئۆزىنى تارتاتتى . سەۋەبى ، ئۇ ئۇخلىغۇچە سەللا ئۇزاقراق كىتاب ئوقۇپ سالدىمۇ بولدى ، كۆزى تېلىپ ئاغرىغىنى ئاغرىغاندى . شۇڭا ، ئۇ ئوچاق ئالدىدا ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىچە يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلارغا زەن سالاتتى ، بۇ ئاۋازلار ئارىسىدا قوي - كالىلارنىڭ مۆرەش - مەرەشلىرى ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان نەمخۇش بوراننىڭ ھۇشقۇيتىشلىرى ، ھەمدە يىقىن ئەتراپتىكى تۆمۈر يولدا كېلىۋاتقان پويىزنىڭ يەر - زېمىننى تىترىتىپ گۈلدۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئۇنى ئوچاق ئوتىنىڭ كەچكى شەپەقتەك قىزغۇچ شولىسى مەپتۇن قىلىۋالغاندەك ئىدى .

تۇيۇقسىز، بۇ قىزلار چۆچۈپ بېشىنى تەڭلا كۆتۈرۈشتى. ئۇلار بىرىنىڭ تىۋىشى — ناھايىتى ئۇچۇق ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىشقانىدى. بەنفور قورقىنىدىن ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ كەتتى. مارچ لىككىدە ئورنىدىن قوپۇپ قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىر پەس تىڭشاپ تۇردى - دە، دەمبەس قەدەم بىلەن ئاشخانا ئىشىكى تۈۋىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئاياغ تىۋىشىنىڭ ئارقا ئىشىككە يېقىنلاپ قالغىنىنى ئاڭلىدى. ئۇلار بىرئاز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتى، ئارقا ئىشىك غىچ قىلىپ يېنىككىنە ئېچىلدى. بەنفور قورقۇپ كېتىپ چىرقىرىۋەتتى. بىر ئەرنىڭ:

— ياخشىمۇ سىلەر! — دېگەن مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى.

مارچ ئارقىغا بىر قەدەم شوخشۇپ بېرىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى مىلتىقنى شاققىدە قولىغا ئالدى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — سورىدى مارچ ۋارقىراپ.

— ئوھوي، نېمە بولدى؟

— ھېلى بىكار مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن جۇمۇ! — دېدى مارچ ۋارقىراپ، — نېمە قىلماقچىسەن؟

— ھەي، نېمە ئىش بولدى؟ نېمە بولدى زادى؟ — دېدى ھېلىقى ئەر مۇلايىم، تەئەججۈپلەنگەن ئاۋازدا قورقۇمسىراپ. بۇ چاغدا، ئۆشنىسىگە ئېغىر ھەربىيچە يۈك - تاق ئارتىۋالغان ياشقىنا بىر ئەسكەر چىراغ نۇرىدا گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ۋۇي، — دېدى ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە، — بۇ يەردە كىم تۇرۇۋاتىدۇ؟

— بىز، — دېدى مارچ، — نېمە قىلاي دەيسەن؟

— ھە، ئۇنداقتا ۋىلىيام گىرېنفىر بۇ يەردە تۇرمايۋاتامدۇ؟ — دېدى ياش ئەسكەر ئەجەبلەنگەن، ئەمما يېقىم-

www.uyghurkitap.com

لىق ئاھاڭدا سوراپ.

— ياق، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرمايدىغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىدىغانسەن.

— مەن نەدىن بىلەي؟ ماڭا قاراڭلار. مەن راستىنلا ئۇقمايمەن. ئۇ بۇرۇن مۇشۇ يەردە ئولتۇراتتى، بەش يىل ئىلگىرى مەنمۇ مۇشۇ يەردە تۇراتتىم، چۈنكى ئۇ مېنىڭ بوۋام. ئۇ يوق بولسا، نەگە كەتكەندۇ؟

ئەمدى ھېلىقى يىگىرمىگىمۇ توشمىغان ياش يىگىت ئالدىغا بىر نەچچە ماڭدىيۇ، ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلگەندە چىپپىدە توختاپ قالدى. مارج ئۇنىڭ مۇلايىم ۋە يېقىملىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقى سېھىرلەپ قويغاندەك يىگىتكە قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. يىگىتنىڭ قىزغۇچ يۈزى يۇمىلاق بولۇپ، سارغۇچ ئۆسكىلەڭ چاچلىرى تەر دەستىدىن پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دېڭىزدەك كۆپكۆك، نۇرلۇق ۋە بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىدى، ئۇنىڭ نازۇك، قىپقىزىل مەڭزىدە سۇس رەڭدىكى يۇمران تۈكلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار سېرىق تۈككە ئوخشاپ قالسىمۇ، ئەمما سېرىق تۈكتىن خېلىلا تىرىك ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس نۇر - زىبا بەخش ئەتكەنىدى. ئۆشنىسىگە ئېغىر يۈك - تاق ئارتىۋالغاچقا بوينى ئالدىغا سەل - پەل ئېگىلىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ دۈمچەكتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەربىي قۇلاقچىسىنى بىر قولىدا بوشقىنا غىجىملايتتى؛ ئۆتكۈر، ھەرىكەتچان كۆزلىرى بىلەن يەر تېگىدىن ھېلىدىن - ھېلى بىر قىزدىن يەنە بىر قىزغا، بولۇپمۇ مارجقا قارايتتى. مارجنىڭ ئارقىسىدا بەنفور كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە چىڭ تايىنىۋالغان، ئۇ بېشىنى يانغا قىيسايتىۋالغان بولۇپ ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ

تۇراتتى .

— بۇۋامنى يەنىلا مۇشۇ يەردە دەپ ئويلاپتىكەنمەن . ئۇ-نىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن چورتلا خەۋىرىم يوق .

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى ، — دېدى بەنفور . ئۇ يىگىتنىڭ دۈپدۈگىلەك بېشىدىكى تەر قۇيۇلۇۋاتقان ئۆسكىلەڭ چاچلىرىغا ، بالىلارچە چىرايىغا قاراپ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ تەمكىنلىشىشكە باشلىدى .

— ئۈچ يىل بولدى !؟ راستمۇ ؟ بۇ يەردە سىلەردىن بۇ-رۇن كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋىرىڭلار يوقمۇ ؟

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم بىر بوۋاي ، ئۇنىڭ ئۆزى تىكەندەك يالغۇز تۇرۇپتىكەن .

— ھەببەللى ، دەل ئۆزى شۇ ! ئۇ كېيىن قانداق بولدى ؟

— قازا تاپتى . مەن ئۇنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنىلا بىلە-مەن .

— ھەي ، بۇ گەپچە ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ - دە !

يىگىت چوڭ - ئېچىلغان كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئۈز-مەيتتى ، شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپمۇ ئۇنىڭ تەلەتىدە قىلچە ئۆزگى-رىش بولمىغانىدى . ئەگەر چىرايىدا ئۈمىدسىزلىنىش ، گاڭگىراش-تىن كېلىپ چىققان ھەيرانلىق ئالامىتىدىن باشقا يەنە ئاللىقانداق ئىپادە بار دېيىلسە ، ئۇ ھالدا بۇ دەل ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى قىزغا بولغان قىزىقىشىنىش تۇيغۇسى ئايانچلىق ، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭغا قىلچە شەخسىي غەرەز ئارىلاشمىغان ، ئۇ يىگىتنىڭ دۈپدۈگىلەك كاللىسىدىكى ئالاھىدە قىزىقىشىنىش تۇي-غۇسىلا ئىدى ، خالاس .

بىراق ، مارچىنىڭ نەزەرىدە ئۇ ھېلىقى تۈلكىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى . بۇ ، ئۇ يىگىتنىڭ بويىنىنى ئالدىغا ئېگىپ يۈرۈشكە ئامراق-

لىقىدىنىمۇ ، ياكى قىپقىزىل ياڭاق سۆگىكىدىن يۇمىلاق ، ئىنچىكە ، يالتىراپ تۇرىدىغان پاكىز سىرىق تۈكلەرنىڭ تۆپىگىچىدىنمۇ ، ئۇۋە ياكى ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق ، ئۆتكۈر كۆزىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ، ئەسلا بىلىپ بولمايتتى . بىراق ، ئۇ بۇ يىگىتنى ھېلىقى تولكىنىڭ نەق ئۆزى دەپ تونۇغانىدى ، ئۇنى باشقا نەرسە سۈپىتىدە ھەرگىز تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى .

— بوۋىڭىزنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى قانداقسىگە ئۇقماي قالىسىز ؟ — سورىدى بەنفور ، ئۇنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنىمۇ تۇيىدىغان سەزگۈرلۈكى ئەسلىگە كەلگەندى .

— ھەي ، شۇنى دېسىڭىزچۇ ، — دېدى يىگىت جاۋابەن مۇلايىم ، يېقىملىق ئاۋازدا ، — ماڭا قاراڭ ، مەن كانادادا ئەسكەر بولغان ، ئۈچ ـ تۆت يىلغىچىلىك ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ خەت ـ خەۋىرىنى ئالالمىدىم ، مەن ئەسلىدە كاناداغا قېچىپ كەتكەنىدىم .

— بۇ سىزنىڭ فرانسىيىدىن كېلىشىڭىزمۇ ؟

— راست گەپ قىلسام سارونكادىن①كېلىشىم .

ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەنە نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدى .

— گېپىڭىزنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا ، ئەمدى پاناھ تارتىپ بارغۇدەك يېرىڭىز يوقكەن ـ دە ! — دېدى بەنفور تولۇمدىن توقماق چىققاندەك .

— ھە راست ، مەن بۇ مەھەللىدىكى بەزى كىشىلەرنى تونۇيمەن . ھېچ بولمىسا ئاق قۇ سارىيىغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرساممۇ بولىدۇ .

---

① سارونكا — گىرىتسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پورت شەھىرى .

— پويىزغا ئولتۇرۇپ كەلگەنسىز ھەقىچان. بىر دەم ھار-دۇق ئىيلىۋالسىڭىز قانداق؟
— مەيلى.
ئۇ پەس ئاۋازدا ئىگراپ قويىدى - دە، يۇك - تېقىنى ئۆش-نىسىدىن ئالدى. بەنفور مارچقا قارىدى.
— مىلتىقنى قوي، — دېدى ئۇ، — چاي دەملەيلى.
— ھەي، — دېدى يىگىت خورسىنىپ، — بۇنداق قورال - ياراغنى تولا كۆرۈپ زېرىككەنمەن.
ئۇ چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك ئەلپازدا كرېسلوغا چۆكتى - دە، ئالدىغا ئېگىشىپ ئولتۇردى.
مارچ ئۆزگە كەلگەندىن كېيىن ئاشخانىغا كىردى. ئۇ بۇ يەردە يىگىتنىڭ مۇلايىم ئاۋازدا ئۆز - ئۆزگە سۆزلىگىنىنى ئاڭ-لىدى:
— ھەي، قايتىپ كەلگىنىمدە جىمىكى نەرسىنىڭ بۇن-چىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتۇ، — ئۇ مەيۇسلەنمىگەندەك، بىر ئازمۇ مەيۇسلەنمىگەندەك، بەلكى بۇ يەر-دىكى جىمى نەرسىگە قىزىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بۇ يەردە ئۆزگى-رىش ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن!
— بۇ يەر كۆزىگىزگە بۇرۇنقىدىن يۇلەكچە كۆرۈنۈۋا-تامدۇ؟ — سورىدى بەنفور.
— شۇنداق... بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، — يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ سۇزۇك ۋە نۇرلۇق ئىدى، بۇ تەن ساغلاملىق-نىڭ ئىپادىسى ئىدى.
مارچ ئاشخانىدا كەچلىك تاماق ئېتىش بىلەن ھەلەك

ئىدى ، بۇ سائەت يەتتىلەر بولغان چاغ ئىدى . ئۇ بىر ياقتىن پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەستىن تاماق ئەتسە ، يەنە بىر ياقتىن يا-تاقخانىدىكى يىگىتنىڭ يۆرۈش ـ تۇرۇشىدىن كۆز ئۈزمەيتتى . ئۇ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىسىمۇ دولقۇنلۇق ، مۆلايىم ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتى . ئۇ قولىدىكى قىلىۋاتقان ئىشىغا دىققىتىنى يىغىشقا زورۇقۇپ لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ ئەسلىدىكى يوغان كۆزلىرى ئىرادىسىگە بويسۇنماي تېخىمۇ يوغان ئېچى-لىپ ، نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىراپ قولىنىڭ ئۇچىدىلا يېگۈدەك بىر نەرسە ، يەنى چوڭ ـ چوڭ توغرالغان بولكىلا بىلەن سۈتئىشى ئىشلەنگەن سېرىق ماي ( چۈنكى سېرىق ماي تۈگەپ قالغانىدى ) تەييارلىدى . ئۇ يەنە يەيدىغان ئالدىراپ بىر نەرسە تاپماقچى بولۇپ كۆپ باش قاتۇردى . پەتنۇسقا ئاران بول-كا ، سۈتئىشى سېرىق ماي ۋە مۇرابباﻻ تىزىلغان ، ئۆيدە ساقلاپ قويۇلغان تاتلىق ـ تۈرۈملەر چورتلا قۇرىغان . ئۇ نائىلاجلىقتىن قولىنى كەسكۈدەك بولۇپ پەتنۇسنى ياتاقخانىغا كۆتۈرۈپ كىر-دى .

ئۇ باشقىلارنىڭ ، بولۇپمۇ بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە نەزەر ـ كۆزىنى سېلىشىنى خالىمايتتى . شۇڭىنىسى ، ئۇ كىرىپ يىگىتنىڭ ئارقىسىدىكى تاماق شىرەسىگە ۋىلكا ـ تەخسىگە ئوخشاش نەرسە-لەرنى تىزىۋاتقاندا ، باياتىن ئېگىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىت ئويۇل ـ توپۇل ئۆزىنى رۇسلاپ ئارقىسىغا لاپپىدە قارىدى ، قىزنىڭ چىرايى شۇ زامات تامدەك تاتىرىپ كەتتى .

مارج تاماق شىرەسىگە ئېگىلىشكەندە ، يىگىت ئۇنىڭ ئۇ-زۇن ، تولغان يوتىسىغا ، پىلاش يېپىپ تۇرغان ساغرىسىغا ۋە ئارقىسىغا قىلىپ بانتىلىۋالغان قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىغا زەن

قويۇپ قارىدى . قىز ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كۆچلۈك ، بىسىپ بول-
مايدىغان ھەۋىسىنى يەنە قوزغاپ قويغانىدى .
يەنە، چىراغنىڭ يورۇقى توق يېشىل لامپىدىن پۈتۈنلەي
پەسكە چۈشۈپ تۇرغاچقا ، ياتاقنىڭ تام ـ تورۇسلىرى قاپقاراڭغۇ
ئىدى . يىگىتنىڭ چىرايى چىراغ يورۇقىدا لىپىلداۋاتقاندەك كۆ-
رۈنەتتى . چىراغدىن يىراقراق تۇرغان مارچ خىرە ـ شىرە كۆرۈ-
نەتتى .
مارچ ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن بولسىمۇ كۆزلىرىنى يەنىلا بىر
نۇقتىدىن ئۈزۈۋالالمىدى . ئۇنىڭ قاپقارا كىرپىكلىرى گاھ چۈ-
شۈپ ، گاھ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . چىڭ يۇمۇلغان ئاغزى بەنفورنى
چاقىرغاندىلا ئېچىلدى .
ـــ سەن چاي قويۇپ تۇر ، جومۇ !
مارچ شۇ گەپنى قىلدى ـ دە ، يەنە ئاشخانىغا چىقىپ
كەتتى .
ـــ ئەگەر چاينى شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىچكۈڭىز كەل-
مىسە ، ـــ دېدى بەنفور يىگىتكە ، ـــ جايىڭىزدا ئولتۇرۇپ ئىچ-
سىڭىزمۇ مەيلى .
ـــ بۇ يەردە شۇنداق ئوبدان ، ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ-
تىمەنغۇ ؟ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە ، مەشەدىلا ئىچىۋېرەي ، ـــ
دېدى يىگىت .
ـــ ئۆيدە بولكا بىلەن مۇراببادىن بۆلەك ھېچ نەرسە قال-
ماپتۇ ، ـــ دېدى بەنفور ئۆزرە ئېيتقاندەك قىلىپ ، ئۇ پەتنۇسنى
يىگىتنىڭ قېشىدىكى بىر ئورۇندۇققا قويدى . شۇ تاپتا قىز يى-
گىتنى ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى ، چۈنكى
ئۇ بەك مېھماندوست ئىدى . يىگىتتىن ئۇ ئەمدى قىلچە قورۇن-
مىدى ، چۈنكى ئۇ بۇ ياش يىگىتنى قېرىندىشىدەك كۆرۈپ قالغا-

ندى .

ــ نانــنى ، بۇ ياقــقا چىق ، ساڭــمۇ چاي قۇيۇپ بې-
رەي ، ــ دەپ چاقىردى بەنفور .

مارچ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى ، ئۇ بەنفورنىڭ قولىدىن
ئىستاكاننى ئېلىپ چىراغ يورۇقى ئانچە چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭغا
بېرىپ ئولتۇردى . ئۇچىسىدىكى يوپكىسى تىزلىرىنى تولۇق ياپال-
مىغاچقا ، ئېچىلىپ قالغان تىزلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ
تۇراتتى ، شۇڭا ئۇ قورۇنۇپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قال-
غانىدى . ئۇ ئىلاجى بار يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قا-
چاتتى ، ئەمما يىگىت كىرىسلوغا چۆككىنىچە پۇت - قولىنى كېرىپ
ئولتۇرۇپ كۆزىنى مارچتىن ئۈزمەستىن ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ
كەتتى . قىزنىڭ ئىچى سىقىلىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بول-
دى ، بىراق ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەنگە سېلىپ چېيىنى ئىچىۋەردى . ئۇ
كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ كېتىشىنى پەقەت ياقتۇر-
مايتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ يىگىتنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويغانىدى .
يىگىت ئۇنى ئېنىق كۆرەلمەيۋاتاتتى . مارچ خۇددى قاراڭغۇلۇق-
تىكى كۆلەڭگىگىلا ئوخشايتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختى-
يارسىز ۋە تىنىمسىز ھالدا قىزنى ئىزدەيتتى . يىگىت بەنفور بىلەن
بەھۇزۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇردى . بەنفور پاراڭچى ئىدى ، ھەمىشە
ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قۇشقاچتەك چۇرۇقلاپ كېتەتتى . شۇ
تاپتا يىگىت ئالدىدىكى تائاملارنى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك زور
ئىشتىھا بىلەن يېمەكتە ئىدى . مارچ ئۇنىڭغا يەنە بىر نەچچە
توغرام بولكا ۋە سېرىق ماي ئاچىقىپ بەردى . بەنفور بولكىنىڭ
چوك - چوك ، قوپال توغرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن يىگىتكە ئۆزرە
ئېيتتى .

ــ بولدى قىلساڭچۇ ، ــ دېدى مارچ ئېغىز ئېچىپ ، ــ



www.uyghurkitap.com

سۇرتۇپ يىگۇدەك سىرىق ماينىڭ تايىنى يوق تۇرسا ، ئۇنچىۋالا تۇجۇپىلەپ توغراشنىڭ نىمە ھاجىتى !

يىگىت ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم لاپپىدە قاراپ قويدى ـ دە ، ئۆزىچە بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۇلۇپ كەتتى ۋە :

ــ شۇ ئەمەسمۇ ! ــ دېدى ئۇ جاۋابەن مۇلايىم ۋە سەمىمى ھالدا .

ئۇ ئەسلىدە كانۋوردا ① تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ بوۋىسى بىلەن بىلل قورۇقىغا كەلگەنىدى . شۇ ئىنىسى ، بوۋىسى بىلەن ئىككىسى چىقىشالمايتتى ، شۇڭا ئۇ كاناداغا قېچىپ بېرىپ يىراق غەربتە ئىشلىگەن ، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەنىدى .

ئۇ بۇ قىزلارغا بەكلا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى . گەپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ بۇ يەردە زادى نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى بىلمەكچى ئىدى . مۇشۇ قورۇقتا چوڭ بولغان ئوغۇل بالىغا خاس ئۆتكۇر ، ئەمەلىي ، ئازراق مەسخىرە تۇسىنى ئالغان سوئاللارنى سورايتتى . بۇ قىزلارنىڭ تارتقان زىيانلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭغا كۇلكىلىك تۇيۇلدى . ئۇلارنىڭ غۇنچىن بىلەن توخۇ ـ ئۆردەك-لەر توغرىسىدىكى پاراڭلىرى ھەقىقەتەنمۇ قىزىق ئىدى .

ــ ئۇھ ، بولدى بەس ، ــ دېدى مارچ گەپ ئا-رىلاپ ، ــ بىز ياشاشتىكى مەقسەت ئىشلەش ئۇچۇنلا ئەمەس ، دەپ قارايدىغانلاردىن .

ــ شۇنداقمۇ ؟ ــ دېدى يىگىت . ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە شادلىق كۇلكىسى جىلۋىلەندى . ئۇ بۇلۇڭدىكى خىرە ـ شىرە كۆرۇنۇپ تۇرغان قىزدىن كۆز ئۇزمەي قادىلىپ تۇراتتى .

ــ دەسمايەڭلارنى يەپ تۇگىتىپ قويساڭلار ، كېيىن

① كانۋور ــ شوتلاندىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر ۋىلايەت .

نىمە ئىش قىلماقچىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تاڭەي، مەنمۇ ئۇقمايمەن، — دېدى مارچ قىستىلاق-لىپ، — بەلكىم يېزىدا ياللىنىپ ئىشلەرمىز.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، بىراق ئۇرۇش ئاياغلاشتى، بۇ-نىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئايال مەدىكار ئىشلەتمەيدۇ، — دېدى يىگىت.

— قېنىنى، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولمامدۇ، بىز-نىڭ يەنىلا بىر مەزگىل بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىمىز بار، — دېدى مارچ ھەسرەتلىك ۋە مەسخىرىلىك قىياپەتتە ئۇنلۇك قىلىپ.

— بۇ يەردىكى ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا بىر ئەر كىشى كېرەككەن، — دېدى يىگىت پەس ئاۋازدا.

بەنفور بۇنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈۋەتتى، ئاندىن:

— تۈزۈك گەپ قىلىڭە، بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھۆددى-سىدىن چىقالىغۇچىلىكىمىز بار جۇمۇ، بىزنىڭ، — دېدى.

— ھەي... ي... ي، — دېدى مارچ سوزۇپ، — بەلكىم گەپ بىر ئىشلارغا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىدە بول-مىسا كېرەك. قورۇق باشقۇرىمەن دېگەن ئادەم ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشلىمىسە بولمايدىكەن، ھايۋانلارمۇ بۇنداق ئىشلىمەيدىغاندۇ.

— ھەببەلى، گەپ مانا مۇشۇنىڭدا، — دېدى يىگىت، تىلە-سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا باشچىلاپ كىرىشىپ كېتىشكە رايىڭلار بار-مايدۇ - دە!

— شۇنداق تازا رايىمىز يوق، — دېدى مارچ، — بۇ-نىسى ئۆزىمىزگىمۇ ئايان.

— بىز ئىشتىن سىرت ئۆزىمىزگىمۇ ئاز - تولا ۋاقىت

چىقسكەن دەيمىز ، — دېدى بەنفور .
يىگىت بىردىن ئارقىسىدىكى كرېسلوغا يۆلەندى – دە ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ تېلىقىپ كۈلدى . قىزلارنىڭ كىشىلەرنى مەنسىتمەيدىغان مەغرۇر قىياپىتى ئۇنىڭغا بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى .
— دۇرۇس ، — دېدى ئۇ ، — بىراق ، سىلەر شۇنداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ بۇ قورۇقنى ئالغان بولغىيتتىڭلار ؟
— ھەي ، — دېدى مارچ ، — ئۇ چاغدا بىز توخۇنىڭ تەبىئىتىنى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى مۆلچەرلىۋېتىپتۇق .
— ئېھتىمال ، مېنىڭ پۇتكۈل تەبىئەتكە بولغان مۆلچىرىم ھازىرقىدىن ياخشى بولغىيتتى ، — دېدى بەنفور ، — ماڭا ئەمدى تەبىئەت ھەققىدە گەپ قىلماڭلار .
— توخۇ ۋە كالىغا نىسبەتەن تونۇشۇڭلار دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىكەن ، شۇنداقمۇ ؟ — سورىدى ئۇ .
— ھە شۇنداق ، تونۇشىمىز ياخشى ئەمەس ، — دېدى مارچ ، — بۇنىڭ ئىچىدە توخۇ بىلەن غۇنىجىنلا ئەمەس ، ئۆچكە ۋە ھاۋا كىلىماتىمۇ بار تېخى .
يىگىت يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، قىزلارمۇ كۈلۈشتى . مارچ يۈزىنى باشقا ياققا قىلىۋېلىپ ، ئاغزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ كۈلەتتى .
— ھەي ، — دېدى بەنفور ، — بىز ئۇچۇن بەرىبىر ، شۇنداقمۇ نانىنى ؟
— ھەئە ، — دېدى مارچ ، — پەرۋايىمىز پەلەك .
يىگىت قىن – قىنىغا پاتمايتتى . ئۇ يەپ – ئىچىپ تويغانىدى . بەنفور ئۇنىڭ ئۇجۇر – بۇجۇرىگىچە سورىغىلى تۇردى .

ئۇنىڭ ئات ـ جۆنى ھېنرى گېرپىنفىر ، ياق ، كىشىلەر ئۇنى ئە-
زەلدىن ھارى [1] دەپ چاقىرارمىش . ئۇ سورالغان ھەربىر سوئالغا
تەمكىن ، سىلىق ـ سىپايە ، ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرەتتى . مارچ
ئۇلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشمىدى . ئۇ بۇلۇڭدا سىنچى نەزەرلىرىنى
يىگىتكە ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئىنچىكىلىك بىلەن
قاراپ ئولتۇردى . يىگىت ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ كرېسلودا بەن-
فورغا روبىرو ئولتۇراتتى . ئۇ چىراغ نۇرىدا روھلۇق ، سەزگۇر
كۆرۈنەتتى . بۇ تولكە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى ، ئەمدى ئۇ-
نىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى . ئۇ
ئۆزى ئولتۇرغان قاراڭغۇ بۇلۇڭدا شېرىن ئۈيقۇدەك ئىللىق ، جانغا
ئارامبەخش تىمتاسلىقتىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىۋاتاتتى ، شۇنداقلا
ۋۇجۇدىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئاشۇ سېھرىي كۈچكە
ئەسىر بولاتتى . ئەمما ، ئۇ يەنىلا شۇ بۇلۇڭدا ئۆزىنى چەتكە ئې-
لىپ ئولتۇرغىنىغا خۇش ئىدى . يىگىتنىڭ بەنفور بىلەن پارىڭى
قىزىپ مارچنى ئۇنتۇپ كەتكەن چاغلىرىدا بولسا ، مارچنىڭ
كۆڭلى خېلىلا ئەركىن ـ ئازادىلىككە چۆمۈپ ئۆزىنى يەڭگىللەپ
قالغاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ بۇلۇڭغا سۇقۇنۇۋالغاچقا ، ئەمدى
كۆڭلىنى ئىككىگە بۆلۈپ تېڭىرقاپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنى قالمىغا-
نىدى . ئۇ ئاخىر تولكە پۇرىقىدىن مەستخۇش بولۇپ كەتتى .
سەۋەبى ، ھەربىي فورما كىيگەن بۇ يىگىت ئوچاق ئالدىدا ئولتۇر-
غان بولۇپ ، تېنىدىن سۇس بىر خىل پۇراق تارقايتتى ، ئۆينى
بىر ئالغان بۇ پۇراقنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن بو-
لۇپ ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېنىدىن كېلىدىغان پۇراقلارغا بەكمۇ

---

[1] « ھارى » ۋە « ھېنرى » دىن ئىبارەت بۇ ئىسىم گېرمان تىل سىس-
تېمىسىدىن كەلگەن بولۇپ ، « بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى » دېگەنگە ئوخشاش
مەنىنى بىلدۈرىدۇ . شۇڭا مۇشۇنداق ئېلىنغان .

ئوخشاپ كېتەتتى . مارچ بۇ پۇراقتىن ئۆزىنى يەنىلا قاچۇرۇۋې-
لىشنى خالىمايتتى . ئۇ بەئەينى ئۇۋىسىغا كىرىۋېلىپ چىقمايۋاتقان
ھايۋان بالىسىدەك قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرىۋەردى . ئاخىر ئۇلار-
نىڭ پارىڭىمۇ سىيلىكتى . يىگىت تىزلىرىنى قۇچاقلىۋالغان قوللى-
رىنى بوشىتىپ رۇس ئولتۇردى ـ دە ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى .
بۇ چاغدا ، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان
جىمغۇر قىز ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم نەزىرىنى تارتتى .
ـــ ماقۇل ئەمىسە ، ـــ دېدى ئۇ خالار ـ خالىماس ، ـــ
ياخشىسى مەن كېتىۋالاي ، بولمىسا ئاق قۇ مېھمانخانىسىدىكىلەر
كارىۋاتلىرىغا چىقىپ بولمىسۇن يەنە !
ـــ ئۇلار بۇ چاغدا كارىۋاتلىرىدىدۇ ، ـــ دېدى
بەنفور ، ـــ ئاڭلىساق ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تارقىلىشچان
زۇكام بولۇپ قاپتۇدەك .
ـــ شۇنداقمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى ھەيران بولغان يىگىت
ئۇنىلۇك ھالدا . ئۇ نېمىنىدۇر بىر پەس ئويلاپ تۇرۇپ قالغاندىن
كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ، ـــ ھەي ، ئۇنداقتا باشقا
يەردىن قونغۇدەك بىرەر جاي تاپمىسام بولمىغۇدەك .
ـــ سىزنى بۇ يەردە قېپقېلىڭ دەپ تۇتسامغۇ بولاتتى ،
بىراق . . . ـــ بەنفور گېپىنىڭ ئاخىرىنى نېمىشقىدۇر بوغۇزىغا
يۇتىۋەتتى . يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ يەر ئاستىدىن بەنفورغا قا-
رىدى .
ـــ بىراق دېگىنىڭىز نېمىسى ؟ ـــ سورىدى ئۇ .
ـــ ھەي ، ـــ دېدى قىز ، ـــ ئۇنىڭدا تازا مۇۋاپىق بول-
ماسمىكىن دەيمەن ، ـــ ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى .
ـــ شۇنداق قىلساق مۇۋاپىق بولماسمۇ ؟ ـــ سورىدى يى-
گىت تەئەججۈپ ئارىلاش .

— بىز ئۇچۇنغۇ بەربىر ، — دېدى بەنفور .

— مەن ئۇچۇنمۇ بەربىر ، — دېدى يىگىت جىددىي ئەمما سالدا قىياپەتتە ، — ھەر ھالدا بۇ يەر ئۆز ئۆيۈمدەك بولۇپ قالىدىكەن .

بەنفور بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى .

— مەھەللىدىكىلەر نېمە دەپ قالار ، دېگەن گەپ ، — دېدى ئۇ . ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى .

— نانىنى ، سىنىڭچە قانداق ؟ — سورىدى بەنفور .

— ماڭا بەربىر ، — دېدى مارچ دانىمۇ دانە قىلىپ ، — ئىش قىلىپ مېنىڭ مەھەللىدىكىلەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك .

— شۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى يىگىت تېز ، ئەمما يېقىملىق سۆزلەپ ، — ئۇلار بىلەن كارىمىز نېمە ؟ دېمەكچىمەنكى ، خەقنىڭ نېمە چاتىقى ؟

— بوپتۇ ئەمىسە ، — دېدى مارچ جاراڭلىق ۋە سۈزۈك ئاۋاز بىلەن ، — ئۇلار توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرسۇن . كىرەك يوق ، بىز ئۆز ئىشىمىزنى بىلسەكلا بولدى .

— ھەقىقەتەن بولىدىكەنسىلەر ، — دېدى يىگىت .

— ئەمىسە بوپتۇ ، بۇ يەردە قېلىشنى خالىسىڭىز قېپقېلىڭ ، — دېدى بەنفور ، — بىر ئىبىرلىق تەييار مېھمانخانىمىز بار .

يىگىتنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن نۇرلىنىپ كەتتى .

— ئەگەر ، سىلەرگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويمايدىغانلا ئىش بولسا ، ياغدەك گەپ بولدى ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە خاس مۇلايىم ، ئەدەپلىك تەرىزدە .

— ھەرگىز مالاللىق يەتكۈزمەيسىز ، — دېيىشتى ئىككى قىز كېلىشىۋالغاندەكلا .

ئۇ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولۇپ گاھ ئۇ قىزغا ، گاھ بۇ قىزغا قارايتتى .

— بەك بەلەن بولدى ، ياتاق ئىزدەپ يۈرمەيدىغان بولدۇم ـ دە ، — دېدى يىگىت مىننەتدارلىق بىلەن .

— راست ئېيتىسىز ، — دېدى بەنفور .

مارچ ھېلىقى ئۆيىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنىدى . بەنفور خۇددى ئۆزىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى فرانسىيەدىن قايتىپ كەلگەندەك تولىمۇ خۇشال ۋە كۆيۈمچان بولۇپ كەتتى . ئۇ شۇ تەرىزدە مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇنى كۈتتى . يۈز يۇيىدىغان جاۋۇر ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن تەقلەپ بەردى . بەنفور كىچىكىدىنلا ئاق كۆڭۈل ، قىزغىن ئىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزى نامايان بولماقتا ئىدى . يىگىت ئۇنىڭ ئۆز ھەدىسىدەك كۆيۈنۈشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ، بىراق مارچنىڭ ئۆزگە ئۈن ـ تىنسىز ئۆي يىغىشتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىدىن بىرئاز ئىسەنكىرەپ قالدى . مارچ ھەمىشە شۇ قەدەر كەمسۆز ، جىمغۇر ئىدىكى ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى كىشىلەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى . يىگىت ئۇنى ئوچۇقراق كۆرمىگەنىدەك ، ناۋادا ئۇلار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ بۇ قىزنى تونۇيالمايدىغاندەك ھېس قىلدى .

شۇ كۈنى كېچىدە مارچ ناھايىتى ئېنىق بىر چۈش كۆردى . چۈشىدە ئۆيىنىڭ سىرتىدا بىرى ئاللىقانداق بىر مۇڭلۇق ناخشىنى ئېيتىۋاتقۇدەك ، ناخشا ساداسى ئۆينىڭ ئەتراپىدا ، دالادىكى زۇلمەت قوينىدا ياڭرىغۇدەك ، ناخشىنىڭ مۇڭىدىن ئۇنىڭغا يىغا ئۇلاشقۇدەك ، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بۇ ناخشىنى تۈلكىنىڭ ئېيد

تىۋاتقىنىنى بىردىن ھېس قىلغۇدەك ، تۈلكىنىڭ موينىرى خۇددى سېرىق قوناقتەك ھەم سېرىق ھەم پارقىراقمىش . ئۇ تۈلكىگە يې-قىنلاشقۇدەك ، بىراق تۈلكە ناخشىدىن توختاپ پارتىتىدە قېچىپ كېتىپتۇمىش . تۈلكە يېقىنلا بىر جايدا باردەك قىلغۇدەك ، مارجا-نىڭ تۈلكىنى سىلاپ باققۇسى كەلگۈدەك ، ئۇ قوللىرىنى سوزسا ، ئويلىمىغان يەردىن تۈلكە ئۇنىڭ بېغىشىنى گاچچىدە چىشلىۋالغۇ-دەك ، ئۇ شۇئان ئارقىغا داجىپتۇدەك ، شۇ ئارىدا تۈلكە ئۆرۈلۈپلا قاچماقچى بولغان ئىمىش ، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ئۇنىڭ يۈز - كۆ-زىنى سىپاپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىمىش . ئۇنىڭ قۇيرۇقى بەئەينى كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوت بولۇپ ئۇنىڭ لەۋلىرىنى كۆيدۈرگۈ-دەك ، ئۇ كۆيۈك ئازابىغا چىدىماي قىينالغۇدەك .

ئۇ ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆيۈكنىڭ ئاغرىقىنى سەزدى - دە ، خۇددى راستتىنلا كۆيۈپ يارىلانغاندەك چۈشكىدە لاغىلداپ تىترىگىنىچە ياتتى . لېكىن ، تاڭ سۈزۈلگەندە بۇ چۈش گويا بىر نەچچە يىلدىن ئىلگىرىكى كەچمىشلەرگە ئوخشاش خى-رەلىشىپ ، ئۇنىڭ تۈزۈكمۇ ئېسىدە قالمىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينى غاچ - غۇچلا يىغىشتۇردى ، ئاندىن توخۇ - ئۆردەكلەرگە دان بەردى . بەنفور ئاز - تولا تاتلىق - تۈرۈم سېتىۋېلىش كويىدا ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك مەھەللە بازىرىغا كەلدى ، ئۇ تولىمۇ مېھماندوست قىز ئىدى . شۇغىنىسى ، 1918 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سېتىۋالغۇدەك تاتلىق - تۈرۈملەر كەم ئىدى .

يىگىت كۆڭلىكىنى كىيىپ بالىخانىدىن چۈشۈپ كېلىۋا-تاتتى . قارىماققا ئۇ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇپ تۇرغان ، روھى كۆتۈرەڭگۈدەك قىلىسىمۇ ، بىراق ماڭغاندا داۋاملىق بېشىنى سى-لىۋالاتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ مۈرىلىرى ئېگىز چىقىپ تۇرغاندەك ، بىرئاز دوك ئادەمدەك كۆرۈنەتتى . بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ

قالغان قىياپىتىدۇر ، چۈنكى بۇ ئۈنىڭ قېرىپ دۇمچىيىپ قالىدىغان ۋاقتى بولماستىن ، بەلكى تازا قىرانىغا يەتكەن ، نۇۋەرچاغلىرى ئىدى . ئۇ يۈز ـ كۆزىنى يۆيۈپ بولۇپلا تالاغا چىقىپ كەتتى ، قىزلار ناشتىلىق تەييارلاش بىلەن پايپېتەك ئىدى .

ئۇ ھەممە نەرسىگە قارايتتى ، تەپسىلىي كۆرەتتى ، ئۇ ھەممە نەرسىگە ھەۋەسلىنىپ تويماي قارايتتى . ئۇ قورۇقنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بۇرۇنقى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆزگىرىشلەرنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرەتتى . ئۆردەك ـ توخۇلارنى كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە سەپسالاتتى . ئاسماندىكى پاختەكلەرنىڭ باش ئۈستىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈشلىرىگە نەزەر تاشلايتتى . بۇ يەردە پاختەكلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئۇ ئېگىز شاخنىڭ ئۇچىدا قېپقالغان بىر نەچچە تال ئالمىنى كۆرۈپ قالدى ، بۇ مارچىنىڭ قولى يەتمىگەچكە قېپقالغان ئالمىلار ئىدى . ئۇ يەنە قىزلار ئارىيەت ئېلىپ كەلگەن بىر سۇ پومپىسىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى ، قارىغاندا قىزلار ئۆيىنىڭ شىمالىدىكى يوغان يالاقىنى يىغىلىپ ئۆكسىمەيۋاتقان كىرەكسىز سۇلارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولسا كېرەك .

ــ بۇ ھەقىقەتەن قىزىقارلىق كونا جايكەن ، ــ دېدى ئۇ ناشتىغا ئولتۇرغاندا قىزلارغا قاراپ .

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زېرەك ۋە سەبىيلىكى ، يولۇققان ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئۇ ئاز سۆزلەپ كۆپرەك يېيىش بىلەن بولدى . ماچ باشقا ياققا قارىۋالدى . ئۇ ئەتىگەندىلا بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىنى خالىمايتتى . بىراق ، يىگىتنىڭ ئۈچىسىدىكى سېرىق كاجىدىن تىكىلگەن ھەربىيچە فورمىسىنىڭ يالتىرىشى ، مويى پارقىراپ تۇرىدىغان ھېلىقى تولكىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئېسىگە سالاتتى .

ئەتىگەن تەرەپتە قىزلار ئۆز ئىش ـ كۈشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. يىگىت ناشتىدىن كېيىن مىلتىقىنى پاك ـ پا-كىز تازىلىدى، ئاندىن بىر توشقان ۋە ئورمانلىققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر ياۋا ئۆردەك ئوۋلاشقىمۇ ئۈلگۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك قورۇقدى-لىپ قالغان قازىنىقى ئاز ـ تولا يېمەكلىك بىلەن تولۇقلاندى. قىزلار بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېگەن ـ ئىچكەن ۋە يېتىپ ـ قوپقان چىقىمىغا چۈشلۈق ئىش قىلغىنىنى ھېس قىلىشتى. بىراق، بۇ يەردىن كېتىش ھەققىدە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. چۈشتىن كېيىن ئۇ مەھەللىگە كېتىپ چاي ئىچىدىغان ۋاقت بولغاندىلا قايـ-تىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزىدىن يەنىلا سەزگۈرلۈك، تۈرگۈنلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ شەپكىسىنى شاققىدە بىر مىققا ئېلىپ قويدى، كۆڭلىدە بولسا ئاللىقانداق بىر ئىش ئۈستىدە چوت سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ھەي، — دېدى ئۇ شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قىزلارغا، — مەن زادى قانداق قىلسام بولار؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سورىدى بەنفور.

— مەھەللىنىڭ قەيىرىدىن ئۆي تاپقىلى بولار؟ — دەپ سورىدى يىگىت.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى بەنفور، — نەدە تۇ-رۇشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟

— ئاق قۇ مېھمانخانىسىدىكىلەر يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ كېتىپتۇ. «ساپان ۋە سۆرەم» مېھمانخانىسى قورۇقلۇق قىسىمغا قوروق ئوت ـ چۆپ سىتىۋالغىلى كەلگەن ئەسكەرلەر بىلەن تو-لۇپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام، تېخى يەنە پىيادە ئەسكەرلەردىن ئونى ۋە بىر كوماندىر شەخسىيلەرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇدەك. مەن راست-

تىنلا نەگە بېرىپ ياتقۇدەك بىرەر ئورۇن تېپىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى ئۇ بېشى قاتقان ھالدا.

ئۇ بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا قارايتتى. جەينىكىنى شىرەگە تىرىگىنىچە ئالىقانلىرى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرغان مارچ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى. يىگىت تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ غەمكىن، زەڭگەر كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزدى - دە، ھېيىقىپ ئولتۇرماستىن مارچنىڭ كۆزلىرىگە دادىل تىكىلدى. شۇ زامات ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا چۆچۈپ كېتىشتى - دە، ئىتتىك كۆزلىرىنى ئېپقېچىشتى. مارچ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئۇ ئالدىنقى نۆۋەت تۈلكىنىڭ كۆزىدە ئۇچراتقان قۇۋلۇق ۋە مەسخىرە ئۇچقۇنلىرىنىڭ چاقناۋاتقىنىنى كۆردى. بۇ ئۇچقۇن يەنە بىر قېتىم ئۇدۇل ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە، ئۇنىڭ روھىغا بۆسۈپ كىردى. ئۇ گويا ئاللىقانداق بىر يېرى ئاغرىپ بولالمايۋاتقاندەك ياكى ئۇخلاۋاتقاندەك ئېغىزىنى بىر قىسما قىلىپ دومسايتاتتى.

— ھەي، مەنمۇ ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى بەنفور. ئۇ قولاشمىغان بۇ گەپنى زورۇقۇپ خۇددى يىگىت ئۇنىڭغا، ئۆزىڭىز بىر ئامال قىلىپ بېرىڭ، دەپ تۇرىۋالغاندەك قورقۇش ئىچىدە دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ مارچقا قاراپ قويدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز بولغاچ دوستىنىڭ چىرايىدىن ھەمىشەم يىتمەيدىغان بىپەرۋالىق ئالامەتلىرىنىلا كۆرەلىدى.

— نېمىشقا ئۈندىمەيسەن، نانىي؟ — دېدى ئۇ.

ھالبۇكى، مارچ كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ لام - جىم دېمەستىن شۈك ئولتۇراتتى. يىگىت ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ قالغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

— گەپ قىلساڭچۇ، قېنى گاچ - گۇچ بىر نېمە دېمە-

سەن ، — دېدى بەنفور . مارچ سەل - پەل قىسىرلاپ قويدى . بۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە كەلگەندەك ياكى ئېسىنى يىغماقچى بولغان-
دەك قىلاتتى .
— مەن ساڭا نېمە دېسەم بولاتتى ؟ — سورىدى ئۇ
مۇنداقلا قىلىپ .
— نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى دېمەمسەن ؟
— مەيلى ، مەن ئۇچۇن بەرىبىر ، — دېدى مارچ .
ئۆينى يەنە بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى . يىگىتنىڭ
كۆزلىرى قىزلارغا نەشتەردەك قادالغانىدى .
— مەن ئۇچۇنمۇ شۇنداق ، — دېدى بەنفور ، — ئەگەر
خالىسىڭىز بۇ يەردە ۋاقتىنچە يېتىپ تۇرۇڭ .
يىگىتنىڭ چىرايىدا مەككارلىق ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشاش
سۇس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . شۇڭا ، ئۇ بېشىنى ئېچىگە تىقىۋې-
لىپ خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى .
— ئەگەر خالىسىڭىز ، بۇ يەردە ۋاقتىنچە يېتىپ تۇرسىڭىز
بولىۋېرىدۇ ، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، ھېنرى ، قانداق قىلغۇڭىز
كەلسە شۇنداق قىلىۋېرىڭ ، — دېدى بەنفور چورتلا كېسىپ .
يىگىت يەنىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپكە جاۋاب بەرمەي
تۇراتتى . بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈردى . چىرايىدا ئا-
جايىپ رازىمەنلىك ، خۇشاللىق نۇرلىرى پارلىدى . ئۇ مارچقا قا-
رىدى ، بۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلى-
نىپ ، سۇزۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى . مارچ يۈزىنى ئۇنىڭدىن
قاچۇراتتى ، لەۋلىرى شىكەستىلەنگەندەك ئاغرىيتتى . شۇ تاپتا
ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ ئىدى .
بەنفور بىرئاز گاڭگىراپ قالدى . يىگىت مارچتىن كۆزىنى
ئۈزمەيتتى . چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى . بەنفور يە-



www.uyghurkitap.com

گىتىنىڭ مارچقا تىكلىگەن كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىك ۋە ھېرىسمەنلىكنى سېزىپ قالغانىدى. بەنفورنىڭ بۇ يىگىتنىڭ تەبەسسۇملىرىگە زادىلا ئەقلى يەتمەي قالدى، چۈنكى ئۇ كۈلگەندە يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ مىدىرلىغىنىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى. يىگىت ئاخىر بايامقىغا ئوخشاشمايدىغان باشقىچە نەزەر بىلەن بەنفورغا قارىدى.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز نېمىدېگەن ياخشى، راستىنىلا كۆڭلىڭىز بەك ياخشىكەن، مەن سىلەرگە چوقۇم مالاللىق يەتكۈزمەيمەن، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— نانىنى، ماڭا بىر توغرام بولكا بەرگىن، — دېدى بەنفور قورۇنۇۋاتقاندەك تەرىزدە، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىزلا بولدى. مالال كۆرمەيمىز. بۇ خۇددى بىر قورساق ئىنىم بۇ يەرگە كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغاندەك ئىش. ئىنىممۇ سىزگە ئوخشاشلا بەرنا يىگىت.

— ھىممىتىڭىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى يىگىت سۆزىنى تەكىتلەپ، — ئەگەردە سىلەرگە مالاللىق يەتكۈزمىسەملا بۇ يەردە تۇرۇشنى جان دەپ خالايمەن.

— ياقەي، سىزمۇ ئەلۋەتتە بىزگە مالاللىق يەتكۈزمەيسىز — دە! راستىنى ئېيتسام، ئۆيىمىزدە بىزدىن باشقا يەنە بىر مېھماننىڭ بولۇشى بىز ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش، — دېدى مېھماندوست بەنفور.

— بۇنىڭغا مارچ خېنىم نېمە دەيدىكىن؟ — سورىدى يىگىت مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ.

— مېنىڭمۇ ھېچقانداق پىكرىم يوق، — دېدى مارچ مۇجمەل قىلىپ. خۇشاللىقتىن يىگىتنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا، بوپتۇ ئەمسە، — دېدى يىگىت، — مېنىڭ تاماق پۇلى تۆلىشىمگە، ھەمدە ئىش ـ كۈشلىرىڭلارغا ھە ـ يە دېيىشىپ بېرىشىمگە ئۇنىساڭلارلا بېشىم ئاسمانغا يەتكەنلىك بولاتتى.

— تاماق پۇلى دېگەنلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ يۈرگۈلۈكمۇ، — دېدى بەنفور.

ئارىدىن بىر ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، يىگىت قورۇقتا تۇرۇپ قالدى. بەنفور ئۇنىڭغا بەكلا ئىچىكىپ قالغانىدى. يىگىت ھەر قاچان شۇنداق مۇلايىم، يېقىملىق سۆزلەيتتى، ئۆزى ھەققىدە ئاز سۆزلەپ بەنفورنىڭ گېپىنى كۆپ ئاڭلايتتى، ئارىلاپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ قورۇقتىكى ئىشلارغا قارىشىپ بېرىشكە ئامراق ئىدى، بىراق كۆپىمۇ ئىشلەپ كەتمەيتتى. ئۇ مىلتىقىنى ئېلىپ ئۆزى يالغۇز قاراۋۇللۇققا چىققىشقا، ئەتراپىنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە ئامراق ئىدى. سەۋەبى، ئۇنىڭ ھەر قانداق نېمىگە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى ھەۋىسى مەڭگۈ بېسىلمايتتى. ئۇ ئەتراپىنى كۆزەتكەندە ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلاتتى. ئۇ مارچىنى كۆزىتىشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. يىگىتنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، بوي ـ تۇرقى بەئەينى سۇمباتلىق يىگىتنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ تەرىپى ئۇنىڭ زوقىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇ مارچىنىڭ قۇمچاقتەك قاپقارا كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىدا قەلبى ئاللىقانداق غەيرىي، لەززەتلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلەتتى. بۇ خىل تۇيغۇ شۇ قەدەر كۈچلۈك، شۇ قەدەر يوشۇرۇن ئىدى. ئۇ بۇلارنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، يەنە كېلىپ، بۇ قىزنىڭ گېپى ئۆتكۈر ھەم كۈلكىلىك بولۇپ، ئۇنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋېتەتتى. يىگىت يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىناپ بېقىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇنى قىز تامامەن

ئەسىر قىلىۋالغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قىز ھەققىدىكى خىياللىرىنى ۋاقتىنچە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ مىلتىقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئورمانلىق بويىغا كەتتى .

ئۇ قايتىدىغان چاغدا گۇگۇم چۈشكەنىدى ، گۇگۇم چۈشۈشى بىلەنلا نويابىرنىڭ ئاق يېغىنى سىملداپ يېغىشقا باشلايتتى . ئۇ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئوچاقتىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى . بۇ ئوتنىڭ يورۇقى يىراقتىن سىياھتەك قارا كۆرۈنۈۋاتقان ئۆي ــ ئىمارەتلەر ئارىسىدا پەلىلدايتتى . ئۇ ، بۇ يەر مۇبادا مېنىڭ ئىلكىمدە بولۇپ قالسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە ، دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا يالت قىلىپ مۇنداق بىر ئەقىل كەلدى : نېمە دەپ مارج بىلەن توي قىلمايمەن . بۇ خىيال ئۇنى رام قىلىۋالغاچقا ، ئۇ ئۆلۈك بىر توشقاننى كۆتۈرگىنىچە بىر پەس مىدىر ــ سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ قەلبى تەئەججۈپ ئىچىدە نېمىندۇر كۈتەتتى . ئۇ بىرەر ئىش توغرۇلۇق چوت سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇ ئاخىر ، شۇنداق قىلاي ، دېگەن نىيەتكە كېلىپ كۈلۈپ قويدى . شۇنداق قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ بۇنىڭ بولمايدىغان زادى نەرى بار ؟ بۇ ياخشى گەپقۇ . بىرئاز كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ ، شۇ . ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟ ناھايىتى شۇ قىزنىڭ يېشى ئۆزىنىڭكىدىن چوڭلا يېرى بار ، ئۇنداق بولسا نېمە بولاتتى . ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق . ئۇ قىزنىڭ بىر جۈپ قاپقارا ، تەئەججۈپلۈك ، مۇلايىم كۆزلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە ، ئىچىدە لوللىق بىلەن كۈلۈپ قويدى . راستىنى ئېيتقاندا ، ئۇ قىزغا قارىغاندا كاداك ئىدى ، شۇڭا ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايتتى .

بۇ ۋەسۋەسىگە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تەن بېرىشتىن قورقاتتى ، بۇنى ئۆزىدىنمۇ سىر قىلىپ تۇتاتتى . كۆز ئالدىدىكى رې-

ئاللىق ئۇنىڭ ئارزۇسىغا باقمايتتى . ئۇنىڭ يەنىلا ئەمۋالغا قاراپ ئىش تۇتقىنى تۈزۈك ئىدى . شۇنداق ، ئۇ يەنىلا ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشى كېرەك . ئەگەر ، ئۇ بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلمىسا ، ئۇ ئۆي ــ خىيالى ئۇچۇن قىزنىڭ كۆلكىسىگە قالاتتى . يىگىت ھەر قانچە زېرەك ، قاقباش بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە شۇنىسى ئايان ئىكى ، ناۋادا ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ : « مارچ خېنىم ، مەن سىزنى سۆيىمەن ، ماڭا ياتلىق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيىتىلىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ :« كۆزۈمدىن يوقال ، مەن بۇنداق ئەخمىقانە گەپكە خۇشتار ئەمەس » دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . مانا بۇ ئۇنىڭ ئەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ « ئەخمىقانە گەپلىرىگە » بېرىدىغان جاۋابى . ئەگەر يىگىت ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا قىزنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ ــ دە ، ئۇنىڭغا زەھرىنى سانجىپ مەسخىرە قىلىدۇ . بۇمۇ يېتىپ ئاشمىغاندەك ئۇنى قورۇقتىن ، ئۆز قەلبىدىن مەڭگۈگە قوغلاپ چىقىرىدۇ . ئۇ ئالدىراپ كەتمەستىن قىزغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىششى كېرەك . ئۇ بۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى خۇددى ئوۋغا چىققاندا بۇغا ياكى لايخورەكنى پەم بىلەن ئوۋلىغاندەك ئوۋلىمىسا بولمايدۇ . ئەگەر ، سىز ئورمانلىقتا كىرىپلا بۇغىغا :« مىلتىقىمنىڭ ستۋۇلى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ بەر » دېسىڭىز پايدىسى بولمايدۇ . ياق ، بۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان نازۇك ئۇرۇش . مۇبادا ، سىز راستىنلا بىر بۇغىنى ئوۋلىماقچى بولسىڭىز ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان نىقاپلاپ ، تاڭ يورۇغىچىلىك تاغقا شەپىسىز كىرىۋېلىشىڭىز كېرەك . ئوۋ ئوۋلىغاندا مۇھىم مەسىلە سىزنىڭ قانداق ئوۋلىشىڭىزدا ئەمەس ، بەلكى سىزنىڭ قانداق تۇيغۇدا بولۇشىڭىزدا . ئۇنداق چاغلاردا سىز ناھايىتى ھوشيار ، تادان بولۇشىڭىز ، ئولجىڭىزنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك . ئۇ

گويا تەقدىر ـ قىسمەتكە ئايلىنىدۇ. سىز ئۆز تەقدىرىڭىزنى كاپپىدە تۇتۇپ بوي سۇندۇرىسىز ھەمدە ئۆزىڭىز ئۇۋلاۋاتقان ئاشۇ بۇغىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيسىز. ئىشنىڭ بېشىدىلا ھەتتا ئۆلجىنى كۆرمەي تۇرۇپلا بىر مەيدان گېپىنوزدەك غەلىتە ئۇرۇش باشلانغان بولىدۇ. سىزنىڭ روھىڭىزمۇ بەئەينى بىر ئۇۋچى، سىز ھەر قانداق بىر بۇغىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئۇۋغا ماھىر بۈركۈتتەك ئۇچۇپ بېرىپ ئاشۇ بۇغىنىڭ روھىنى قامال قىلىۋالىدۇ. ئۇ بۇغىنىڭ روھى بولسا جاڭگالدىن يۇلقۇنۇپ قېچىپ چىقىش ئۈچۈن ھەدەپ تىپىرلايدۇ. ھەتتا ئۇ بۇغا سىزنىڭ تىنىڭىزدىن تارقىلىۋاتقان پۇراقنى يىراقتىن تېخى ھىدلاشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا شۇنداق قىلىدۇ. بۇ روھىي دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىدىغان نازۇك، سىرلىق ئىرادە ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇش، ئوقىڭىز نىشانغا تەگكەندىلا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ. قەلبىڭىز راستىنىلا ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەندە، ئاخىر ئوق تېگىدىغان دائىرىگە بۆسۈپ كىرگىنىڭىزدە، بوتۇلكىنى ئاتقاندەك ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھېچبىر ھاجىتى قالمايدۇ. ئوقنى ئۇۋلايدىغان نەرسىڭىزنىڭ يۈرىكىگە ئېلىپ كىرىدىغىنى دەل ئۆز ئىرادىڭىز، ئوق تېگىدىغان مۇساپە، تامامەن ئۆز تەقدىرىڭىزنى بۇغىنىڭ تەقدىرىگە ئاتقاندىكى مۇساپىڭىز. ئۇنىڭ يۈز بېرىشى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇ، ئەڭ يۈكسەك ئىرادىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىسا ئوخشايدۇكى، ھەرگىزمۇ كاللا قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان ھىيلە ـ نەيرەڭگە ئوخشىمايدۇ.

يىگىت دېھقان ياكى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىگە ئەمەس، ئۇۋچىغا، مەنىۋى ئۇۋچىغا ئوخشايتتى. ئەمدى ئۇ ياش ئۇۋچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مارچتىن ئىبارەت بۇ ئۆلجىنى ئۇۋلاپ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەپچىللىك

بىلەن ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپ ، كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھالەتكە كىرىۋالىدۇ . ئۇ بۇ ئىشقا قەدەمنى قانداق بېسىشنى تازا بىلەلمەيۋاتىدۇ . بىراق ، مارچ گۇمانخورلۇقتا بەئەينى توشقاننىڭ ئۆزى . يىگىت شۇڭا بۇ قورۇقتا كۆرۈنۈشتە ئىككى ھەپتە تۇر-ماقچى بولغان سادىدا ، غەيرىي مىجەزلىك يوچۇن يىگىت سىياقىغا كىرىۋالغان .

يىگىت شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوتۇن كەسلەش بىلەن بولدى . بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشتى . تالا سالقىن ، نەمخۇش تۇمان بىلەن قاپلانغان ، قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بول-مايتتى . كەسلىنىپ تەييارلانغان ئوتۇن ھەرىدەش ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا دۆۋىلەنگەنىدى . مارچ بۇ ئوتۇنلارنى ئۆيگە ياكى كەپىگە ئەكىرىۋېتىش ئۈچۈن كەلدى . كۆگلەكچان يىگىت يەنىلا شۇ ئوتۇن تەييارلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ مارچنىڭ يېنىغا كەلگىنىنى سەزمەي قالغانىدى . ئۇ قىز قورۇنۇپ ، ئاران ــ ئارانلا كېلىۋاتقان-دەك قىلاتتى . ئۇ قىزنىڭ ھەرە بىلەن ھەرىدىلىنىپ ئىككى بېشى ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان ئوتۇنلارنى ئېلىشقا ئېگىشكىنىنى كۆر-گەندىلا ، ئاندىن ھەرىدەشتىن توختىدى . بىر خىل شېرىن ئە-شىق يالقۇنى ئۇنىڭ مېڭىسىدە چاقماقتەك يالت قىلىپ تاپىنىغا قاراپ ئاقتى .

ـــ مارچمۇ ؟ ـــ سورىدى ئۇ ياشلارغا خاس تەمكىن ئاۋاز بىلەن . مارچ ئوتۇن يىغىۋاتاتتى . ئۇ يىگىتنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى .

ـــ ھەئە ، مەن .

يىگىت زاۋال قاراڭغۇلۇقىدا ئېگىشىپ قىزغا قارىدى ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىنى ئوچۇق كۆرەلمىدى .

ـــ مەن بۇرۇنلا سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم .

— شۇنداقمۇ ؟ نېمە ئىشتى ؟ — دېدى قىز . ئۇنىڭ ئاۋا-
زىدىن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى . ئەمما ، ئۇ يەنىلا
ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى .

— ئۇھ ، — دېدى يىگىت مۇلايىم ، تەسىرلىك تۇستە
سوزۇپ . بۇ ئاۋاز قىزنىڭ ئەسەبلىرىگە بۆسۈپ كىرگەنىدى ، —
ئۆزىڭىز تېپىپ بېقىڭا ، ئۇ قايسى ئىشتۇر ؟

قىز ئۆزىنى رۇسلاپ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىدى ـ دە ،
ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن يىگىتكە مىختەك قادالدى . يە-
گىتنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىردىنلا يەنە ئوت ئېلىپ يېنىشقا باش-
لىدى .

— ھە ، — دېدى يىگىت تولىمۇ مۇلايىم ھالدا ، ئۇنىڭ
ئاۋازى نوقۇل ئاۋازغا ئەمەس ، بىر خىل تۇيغۇغا ئوخشايتتى ، —
ھە . . . سىزگە توي قىلىش تەلىپى قويماقچىتتىم .

مارچ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ، ئەكسىچە ئۇنىڭ دېمەكچى
بولغىنىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك بولدى . ئۇ ئارقىسىغا غاچچىدە بۇ-
رۇلماقچى بولدى ـ يۇ ، ۋۇجۇدى لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى .
بېشى بىر تەرەپكە ساڭگىلىغان پېتى جايىدا ئۇن ـ تىنسىز تۇرۇپلا
قالدى . يىگىت ئۇنىڭغا ئېگىلىپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرد-
گەندەك قىلدى . قىز ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاسانلىقچە كۆرگىلى
بولمايدىغان ئۇششاق ئۇچقۇنلار چىمىرلىشىۋاتقاندەك ھېس قىل-
دى .

— ماڭا بۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ ، —
دېدى ئۇ ئۈھىلىمىغان يەردىن ئاخىر ئېغىز ئېچىپ .

يىگىتنىڭ ئەسەبلىرى زىڭىلداپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاتقان بۇ
ئوقى دەل جايىغا تەگمىگەنىدى . ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئوسال
ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىگە كەلدى ـ دە ، چاندۇرماستىن مۇلا-

يېقىملىق بىلەن گەپ باشلىدى.

— ئوھو، بۇنى قانداقمۇ ئەخمىقانە گەپ دېگىلى بولسۇن، بۇ ھەرگىز ئەخمىقانە گەپ ئەمەس. مەن سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ مۇلايىم، يېقىملىق بولۇپ گويا قىزنى سەزدۇرمەستىن ھۇزۇرلۇق سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، — نېمە دەپ ماڭا ئىشەنمەيدىغانسىز؟

گېپىنىڭ ئۇرانىدىن يىگىتنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قىزغا ئاجايىپ تەسىر قىلىپ، ئۇنى يۇمشىتىشقا باشلىدى. قىز ئۆز قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك بولۇپ قەلبىدە خىلىغىچە تىركەشتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. «قانداق قىلسام بولار، قانداق قىلسام بولار» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا ياڭرىتاتتى. ئۇ گويا جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمەمسىز؟ — دېدى ئۇ قىز مەنستىمەسلىك بىلەن، — بۇ بىر بىلجىرلاشقۇ؟ مەن دېگەن سىزنىڭ ئانىڭىزدەك تۇرسام.

— نېمە دەۋاتقىنىمنى ئەلۋەتتە ئۆزۈم بىلىمەن. مەن بىلەمەن، — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇ خۇددى ئاۋازىنى قىزنىڭ قان تومۇرلىرىغا سىڭدۇرۇپ ئۇنى تەسىرلەندۇرمەكچى بولغاندەك ئىدى، — مېنىڭ نېمە دەۋاتقىنىم ئۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان. سىزنىڭ ياش قۇرامىڭىزمۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس. سىزگە ئانا بولغۇدەك تۇرسام دېگىنىڭىز قۇرۇق گەپ. ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ ياش پەرقىمىز مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەن بىلەن توي قىلىسىز بولىشىپىرىدۇ. مەن ئۇچۇن ياشنىڭ كارايىتى چاغلىق گەپ. سىزگىمۇ شۇنداق! ياش پەرقىنىڭ كارايىتى چاغلىق

ئىش .

ئۇنىڭ گەپلىرى تۇگىگىچە قىزنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ ، كۆزلىرى تورلاشقاندەك بولۇپ كەتتى . يىگىت تېز - تېز سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ گەپلىرى قىزنىڭ يۈرىكىدىكى ئاللىبۇرۇن قارشىلىق كۈچى قالمىغان ئاللىقانداق نازۇك جايلارغا تېگىۋاتقاندەك ئىدى . « ياشنىڭ كارايىتى چاغلىق » . ئۇنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ قىلغان بۇ مۇلايىمغىنە سۆزى قاراڭغۇلۇقتا ئۇ قىزنى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىتەتتى . قىز جاۋاب بەرگۈدەك گەپ تاپالماي قالغانىدى .

مىسلىسىز شاتلىق ئېقىنى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى يالقۇندەك كۆيدۈرۈپ ئۆركەشلەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ھېس قىلدى .

— قاراڭ ، مەن سىز بىلەن توي قىلماقچىمەن ، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى ئۇ سۆزىنى تېز ۋە مۇلايىم ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ .

ئۇ قىزنى نېمە دەركىن دەپ قاراپ تۇردى . يىگىت قاراڭغۇلۇقتا قىزنىڭ تېنىدىن سۇس نۇر جىلۋىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى . قىز سېزىمىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر ھالەتتە تۇراتتى . يىگىت سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئۇنى قامال قىلىۋالغاندەك ، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بولغاندەك قىلاتتى . ئەمما ، ئۇ قىزنىڭ جاۋابىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . ئۇنىڭغا ئالدىراپ يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى .

— گەپ قىلىڭە ، مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل دەڭ . قېنى گەپ قىلمامسىز ، گەپ قىلىڭە ! — دېدى يىگىت مۇلايىم ھالدا .

— نېمە ؟ — سورىدى قىز بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك زە-

ئىپ ئاۋازدا.

— ماقۇل دەگە، — دېدى يىگىت قىزغا تېخى تەگكۈدەك يېقىن كېلىپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇلايىم، يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ياق، بۇ ئىشقا ماقۇل دېيەلمەيمەن، — دېدى ئۇ نائىلاج بوغۇق ئاۋازدا. ئۇ گويا بىھۇشلانغان ياكى جان تالىشىۋاتقاندەك ئازابلىق ئاھاڭدا سۆزلەيتتى، — مەن ماقۇل دېيەلمەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى، — دېدى يىگىت مۇلايىم ئاھاڭدا، ئۇ قولىنى قىزنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە قويدى. بۇ چاغدا قىز ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يۈزىنى يانغا بۇراپ تۇراتتى، — شۇنداق قىلىڭ، ماقۇل دېيىشىڭىزگە نېمە توسقۇن بولۇۋاتىدۇ؟ — ئۇ سۆزلىگەچ چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئالدىغا ئېگىلىشتى-دە، لەۋلىرى، ئېڭىكىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئاستاغىنە تەگكۈزدى.

— ئۇنداق قىلماڭ! — قىز بوش ئەمما ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇردى، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — ئۇنىڭ سۆزلىگۈدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى، ئۇ نومۇس كۈچىدىن ئۆلەي دېدى.

— مەن يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى يىگىت ھەم مېھرىبانلىق ھەم شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — مەن سىزنى مەن بىلەن توي قىلىسكەن، ماڭا تەگسىكەن دەيمەن، بۇنى ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز-ھە؟ ئەمدى چۈشەنگەنسىز، بىلگەنسىز؟

— نېمە؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟ — دېدى يىگىت يەنە.

— ھەئە، — دېدى قىز، — چۈشەندىم.

— يۇرىكىمدىكى گەپنى چۈشەندىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟
— چۈشەندىم .
— گەپلىرىمگە ئىشىنەمسىز ؟ — سورىدى يىگىت .
قىز بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى ، ئاندىن ئاغزىنى يۇ-رۇشتۇرۇپ :
— نېمىگە ئىشىنىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن ، — دې-دى .
— تېخىچە تالادىمۇ سىلەر ؟ — دېدى بەنفۇر خېلىدىن بېرى تۇرىۋاتقان ئۇلارنى ئۆيگە چاقىرىپ .
— ھەئە ، بىز ئوتۇن توشۇۋاتىمىز ، — دېدى يىگىت .
— مەن تېخى سىلەرنى ئېزىپ - تېزىپ بىر ياقلارغا كەت-تىمىكىن دەپ قاپتىمەن ، — دېدى بەنفۇر چېچىلىپ ، — چاپسان بولۇڭلار ، ئوتۇننى تېز ئەكىرىۋېتىپ چاي ئىچىڭلار . چاي دەم-لەپ قويغىلى نەۋاخ .
يىگىت شۇئان بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈردى - دە ، ئاش-خانا ئۆيگە ئەكىرىپ بىر بۇلۇڭغا قويۇپ قويدى . مارچمۇ ئوتۇن توشۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا لىق تولغان ئوتۇنلار ھە دېگەندە كۆكرىكىگە يىغىلىۋالاتتى ، ئۇ ناھايىتى ئېغىر بىر بالىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋالغاندەك تەستە ماڭاتتى . بۇ چاغدا كەچنىڭ سوغۇقى باشلانغانىدى .
ئۇلار ئوتۇنلارنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆتۈكلىرىنىڭ چەمدىكى لاي - پاتقاقلارنى ياغاچ بىلەن شىرتىلدىتىپ پاكىز قىرىشتى ، ئاندىن بوسۇغىدىكى چىغدىن توقۇلغان پۇت سۈرت-كۈچكە ئاياغلىرىنى ئېرتىشتى . مارچ ئىشىكنى يېپىپ بېشىدىكى كونا كىگىز شىلەپىنى ( قورۇقتىكى قىزلار كىيىدىغان شىلەپە ئىدى ) ئالدى . ئۇنىڭ قويۇق ، بۇدرە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەت-

كەن، ئۆگسۈلى ئۆچۈپ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. ئۇ چاچلىرىنى ئارقىغا قىلىپ تۈزەشتۈرۈپ قويدى ـ مەن، بىرىپ قول-لىرىنى يۇيدى. بەنفور خىرە ـ شىرە يورۇپ تۇرغان ئاشخانا ئۆيگە هاپىلا ـ شاپىلا كىرىپ ئوچاق بېشىدىكى دوخوپكىدىن پرەنىكلەرنى ئالدى.

— شۇنچە ئۇزاققىچە نىمە قىلدىڭلار ؟ — سورىدى ئۇ يەنە چىچىلىپ، — مەن تىخى سىلەرنى بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئىك-كىنچىلەپ دەسسىمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. هەرنىڭ غارت ـ غۇرت قىلغان ئاۋازىمۇ توختاپ قالغىلى نەۋاخ. سىلەر شۇ چاغقىچە زادى نىمە قىلىشتىڭلار ؟

— ۋاي ـ ۋۇي، — دىدى هىنرى، — ئامباردىكى تۆ-شۈكلەرنى ئىتىپ، چاشقان كىرەلمەس قىلىۋەتتۇق.

— نىمە ؟ مەن سىلەرنىڭ كەپىدە تۇرغىنىڭلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن شۇنچە ئوچۇق كۆرگەن تۇرسام، مەن تىخى سىز-نىڭ كۆڭلەكچان تۇرغىنىڭىزنىمۇ كۆردۈم، — دىدى بەنفور ئى-كەككە دوقاق كەلتۈرۈپ.

— شۇنداق، مەن ئۇ چاغدا هەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ چايغا ئولتۇردى. مارچ بىر ئىغىزمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ تاتارغان، ئىپادىسىز چىرايىدىن جىددىيلىشىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ چىرايى بولسا باشتىن ـ ئاخىر يەنىلا ئادەتتىكىدەك قىزغۇچ ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇ كۆڭلەكچان هالدا ئۆز ئۆيىدىكىدەك بىخارا-مان چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىر نەرسە يېگەندە هەمىشە تەخسىگە ئىڭىشىۋالاتتى.

— كۆڭلەكچان يۈرسىڭىز توڭلىمامسىز ؟ — دىدى بەن-فور يىگىتكە سەل ئۆچلۈك قىلغاندەك.

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ ئىڭىكى ئالدىدىكى تەخسىسىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزى بەكمۇ سۇرلۇك، نۇرلۇق ۋە كەسكىن ئىدى.
— ياق، توڭلىمايدىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە مۇلايىم ھالدا، — قارىمامسىز، ئۆي تالاغا باققاندا كۆپ ئىسسىق تۇرۇپتۇغۇ.
— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي، — ئۇ بەنفورنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانىدى. بۇگۈن كەچقۇرۇن يىگىتنىڭ غەلىتە، خۇشخۇي، ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىدىغان مۇئامىلىسى، شۇنداقلا كۆزلىرىنىڭ يوغىناپ نۇرلىنىپ كېتىشى بەنفورنىڭ ئىدىچىنى سىقىۋاتاتتى.
— كۆڭلەكچان چاي ئىچىشىم تازا دىتىڭىزغا ياقمىدىغۇ دەيمەن. بۇنى ئويلاشماپتىمەن، — دېدى يىگىت ئەدەپ بىلەن مۇلايىم ئاھاڭدا.
— ۋاي - ۋۇي، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ يۈرگىلى چولام نەدە، — دېدى بەنفور، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا تازا سەپسالغانىدى.
— مەن چىقىپ ئۇستۇمگە بىر نەرسە كىيىۋالاي، ماقۇلمۇ؟ — دېدى يىگىت.
مارچ قاپقارا كۆزلىرىنى ئاستا بۇراپ يىگىتكە قارىدى.
— ھاجىتى يوق، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئۇ دىمىغىدا بىر قىسمىلا سۆزلەپ، — كۆڭلەكچان توڭلىمىسىڭىز شۇنداق يۈرۈۋېرىڭ.
— شۇنى دەيمەنا، ئەگەر بۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلانمىسىلا يۈرۈۋېرەي، توڭلىمىغاندىكىن، — دېدى ئۇ.
— كىشىلەر ئادەتتە بۇنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارىشىدۇ، — دېدى بەنفور، — بىراق بىز بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەتمەيمىز.

— ۋاي ـ ۋۇي ، سەنمۇزە ، بولدى قىلغىنە ، — دېدى مارچ تۇيۇقسىز توۋلاپ ، — كىم ئەدەپسىزلىك دەپ قارىدىكەن.

— ھەم ، باشقىلارنى قويۇپ تۇرايلى ، ناننى سەن ئۆزۈڭ شۇنداققۇ ، باشقىلارغا شۇنداق تەلەپ قوياتتىڭغۇ ، — دېدى بەنفور بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن بىرئاز خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئېغىزىدا چايناۋاتقان نەرسىسى بولسا ئۇنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

بىراق ، مارچ ھاڭۋاققىنىچە ئولتۇراتتى ، ھازىر ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە تەسىر قىلالمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ تاتلىق ـ تۇرۇملارنى تەتۈر چايناپ ئولتۇرسىمۇ نېمە يەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. يىگىت نۇرلۇق ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھېلى ئۇ قىزغا ، ھېلى بۇ قىزغا قارايتتى.

بەنفور خاپا بولۇپ قالغانىدى. يىگىتنىڭ ئاۋازى مۇلايىم ، يېقىملىق ، ئۆزى سىپايە ، خۇشخۇي ، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولسىمۇ ، بەنفور ئۇنى يۈزى قېلىن بىر نېمىدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئەمدى بۇ قىزنىڭ ئۇنى كۆرەر كۆزى يوق. ئۇ ئۆز كۆزىنىڭ ئۇنىڭ سۆزۈك ، سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىنى ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاجايىپ نۇرلار ، يۇمران تۈكلەر ئۆسكەن بىر جۈپ مەڭزى ۋە سىرلىق ھايات يالقۇنىنى چىپچىپ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىغا قاراشنى خالىمايتتى. يىگىت بىر چەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلمىسى ئالاھىدە بولۇپ ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلاتتى ، كىشىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

ئادەتتە چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ كېچە تولىمۇ تىنچ ئۆتەتتى. يىگىت مەھەللىگە كەمدىن ـ كەم باراتتى. ئۇ شۇ

كۈنلەردە قولى بوشىسىلا ناھايىتى بېرىلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىتابخۇمار بولسىمۇ كۆڭلى خۇشال چاغلىرىدىلا ئوقۇيتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ كىتابنى بىرلا باشلىۋالدىمۇ، بولدى، باش كۆتۈرمەي ئوقۇغىنى ئوقۇغانىدى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ بىرەر كىتابنى باشلىۋالمىقى تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى. ئۇ داۋاملىق قاپقاراڭغۇ كېچىلىرى ئۆيدىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ ئېتىزلارنى ئارىلايتتى ياكى قاشا - چىتلاقنى بويلاپ ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۇ قاراڭغۇ كېچىلىرى مۈشۈك ياپىلاقتەك ئالاھىدە بىر خىل سېزىمگە ئىگە بولۇپ، ھەريان كېزىپ كېچە سەيلىسى قىلىشقا، دالىدىكى خىلمۇ خىل سادالارنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى.

ئەمما، ئۇ بۈگۈن ئاخشام بەنفورنىڭ كىتاب جاۋىنىدىن كاپىتان مايىن رېدنى تەسۋىرلەيدىغان بىر كىتابنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، پۇتلىرىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىققان ھالدا ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئىككى يانغا تارالغان سۇس قوڭۇر چاچلىرى بەك ئۆسۈپ كەتكەچكە بېشىغا قېلىن شلەپە كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنىلا كۆڭلەكچان بولۇپ، چىراغ ئاستىدا پۇتلىرى سەت كېرىلگەن، تىزلىرى ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان ھالدا ئولتۇرۇپ كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ قىلىقى بەنفورنىڭ مېھمانخانىسىنى ياغاچ كېسىدىغانلارنىڭ ياتىقىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقى بەنفورنىڭ دىتىغا قىلچە ياقمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا توق گىرۋەكلىك قىزىل تۈرك گىلىمى سېلىنغان، تام ئوچاق مودا بولۇۋاتقان توق يېشىل چاقچۇقتىن قوپۇرۇلغان، قاپقىسى ئوچۇق روياڵنىڭ ئۈستىگە ئەڭ يېڭى تانسا مۇزىكىسىنىڭ نوتىسى قويۇلغان (ئۇ روياڵنى ياخشى چالاتتى)، تامغا مارچ ئۆزى سىزغان ئاق قۇ ۋە باتاناق

گۈللىرىنىڭ رەسمى ئېسىلغان، ئوچاقتا گۈللەپ كۆپۈۋاتقان ئوت، قېلىن دەر ـ پەردىلەر ھەم چۇشۇرۇلۇپ، ئۇششاق تىرىپ زىلەر مەھكەم يېپىلغانىدى. سىرتتىكى قارىغايلارنىڭ بوراندا ئې-غاڭلاپ ھۇشقىرتىشىدىن بۇ ئۆي تېخىمۇ ئىللىق، ئازادە ۋە يې-قىملىق تۇيۇلاتتى. شۇڭا بەنفور كالامپاي، شادىپاچاق بۇ يىگىت-نىڭ ئۇ يەردە كالچىيىپ ئولتۇرۇشىنى ياقتۇرمايتتى. يىگىتنىڭ ھەربىيچە كۆڭلىكىنى تۇگمىلەۋاتقان بىر جۇپ بېغىشى شۇ قەدەر تـوم ھەم قىزىل ئىدى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇقۇپ بولغان ۋاراقنى ئۆرۈيتتى ۋە ئۆتكۈر نەزىرىنى ئوچاققا ئاغدۇرۇپ ئوتنى چۇقچىلاپ قوياتتى ـ دە، ئاندىن بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە جىم-جىت ئولتۇرۇپ كىتابىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

مارچ ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ تور توقۇۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىنى خۇددى چۇشىدە تۇلكە قۇيرۇقى كۆيدۇرگەن ۋاقىت-تىكىدەك بىر قىسمىلا پۇرۇشتۇرۇۋالغان بولۇپ، قوندۇز چاچلىرى يـېيىلىپ تۇراتتى. ئۆزى بۇ ئۆيدىن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقاندەك ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا، شاۋقۇن سېلىۋاتقان بوراندا تۇلكىنىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بـولدى. بۇ ناخشا شۇ قەدەر ئەسەبىي، شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ قىزارغان ئىنچىكە قوللىرى بىلەن تور توقۇۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ ئاستا توقۇيتتى.

بەنفورمۇ يۇلەنچۇكلۇك پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقـۇشقا كىرىشتى، شۇغىنىسى ئۇ يىگىت بىلەن مارچنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا ئولتۇرۇپ قالغاچقا ئىچى سىقىلىپ توختىماستىن قى-مىرلايتتى، ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى، بوراننىڭ ھۇشقىيتىشلىرىغا قۇلاق سالاتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇ ئىككىسىگە يەر ئاستىدىن

قاراپ قوياتتى . مارچ تۆپتۈز يۆلەنچۈكلۈك بىر ئورۇندۇقتا ، چىپ-
پىدە كەلگەن تارغىنە شىم كىيىۋالغان پۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە
مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئاستا ، زورۇقۇش ئىچىدە تور توقۇۋا-
تاتتى . ئەمدىلىكتە يىگىتنىڭ ئەمەس ، ئۇنىڭ بۇ تۇرقىمۇ بەنفور-
نىڭ ئىچىنى سىقىۋاتاتتى .

— ۋاي خۇدايىم ! — دېدى بەنفور ۋايساپ ، — بۈگۈن
ئاخشام كۆزلىرىم بولمايلا كەتتىغۇ ، — ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ
قويدى .

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ نۇرلۇق ، سۈپسۈزۈك كۆزلىرى
بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ـ يۇ ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى .

— شۇنداقمۇ ، جېبىر ①؟ — دېدى مارچ ئىرەنسىزلا .

يىگىت يەنە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى . بەنفورمۇ زورۇقۇپ
كىتابقا قارىدى ، ئەمما ھەر قانچە قىلسىمۇ زېھنىنى يىغالمىدى . بىر
پەستىن كېيىن ئۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مارچقا قارىدى ،
ئۇنىڭ ئاۋاق تەلەتىدىن بىر خىل غەلىتە ، زەھەرلىك تەبەسسۇم
چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى .

— نانىنى ، نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى ئېيتىپ بەرگىنچۇ ، مەن
ساڭا بىر پېنىس بېرەي ، — دېدى ئۇ تولۇمدىن توقماق چىققان-
دەكلا .

مارچ ھەيران بولغان ھالدا شەھلا كۆزلىرى بىلەن بەنفورغا
قادالدى . تۇيۇقسىز بىرى ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتقاندەك چىرايىدا
قان دىدارى قالمىغانىدى . ئەسلىدە ئۇ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ
يۈرگەن تۈلكىنىڭ شۇ قەدەر ئىللىق ، شۇ قەدەر يېقىملىق ناخ-
شىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانىدى .

— نېمە ـ نېمە ؟ — سورىدى ئۇ مەڭدەپ .

---

① جېبىر — بەنفورنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى .

— مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر پىنىس چىقىراي، — دېدى بەنفور مەسخىرىلىك قىلىپ، — بولمىغاندا، ساڭا ئۆيىمىكى پىنىس بەرسەممۇ مەيلى، ئەگەر سېنىڭ خىياللىڭ شۇنداق چوڭقۇرلا بىلىدىغان گەپ بولسا.

يىگىتنىڭ چىراغ يورۇقى ئاستىدىكى سۆپسۆزۈك، نۇرلۇق كۆزلىرى ئۇ ئىككىسىگە تىكىلگەنىدى.

— ھەي، — مارچنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، — نېمە دەپ بۇنچىۋالا سېخىيلىقىڭ تۇتۇپ كەتتى؟

— مەن تېخى بۇنچىلىك پۇل خەجلەشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قاپتىمەن.

— ھېچقانداق ئىشنى ئويلىغىنىم يوق، بوران نېمانداق قاتتىق چىقىدىغاندۇ، دېگەننىلا ئويلىدىم شۇ.

— ۋاي قوۋۇرغام، — دېدى بەنفور جاۋابەن، — ئۇنچىلىك ئەقىل مېنىڭ كاللامغىمۇ كېلىدۇ، قارىغاندا بۇدا پۇلنى راستىنىلا بىكار خەجلەيدىغان ئوخشايمەن!

— ھىم، پۇل تۆلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مارچ.

يىگىت بىردىنلا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. قىزلار تەڭلا ئۇنىڭغا قارىدى. مارچ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۇ يىگىتنىڭ باياتىن بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

— ھەي . . .، سىلەر مۇشۇنداق چاغلاردا راستىنىلا پۇل تۆلەمسىلەر؟ — سورىدى يىگىت.

— ھەئە، — دېدى بەنفور، — ھەر دورەم شۇنداق پۇل تۆلەيمىز. قىش كۈنلىرى بەزىدە مەن نانىنىغا ھەپتىسىگە بىر شىل-

لىك تۆلەيمەن ، يازدا ئۇنىڭدىن ئازراق بولىدۇ .
— نېمە دەيدىغانسىز ؟ بىر - بىرىڭلارنىڭ خىيالى ئۈچۈن ئۆزئارا پۇل تۆلىشەمسىلەر ؟ — دېدى يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ .
— شۇنداق ، بۇ بىكارچىلىقتىن بولغان ئىش بولمامدۇ .
ئۇ ئەمدى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۇدەك بولۇشىغا كۈلدى ، هۇزۇرلىنىپ راسا كۈلگەچكە ئۇنىڭ بۇرنى كۆچۈكنىڭكىدەك پۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .
— بۇنداق ئىشنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ، — دېدى ئۇ .
— بېل قورۇقىدا بىر قىش تۇرىدىغان بولسىڭىز ، بۇنداق ئىشلارنى جىق ئاڭلايسىز تېخى ! — دېدى بەنفور خورسىنىپ .
— شۇ قەدەر زېرىكىپ كېتەمدىكەنسىلەر ؟ — سورىدى يىگىت .
— ئىتتەك زېرىكىمىز ، — دېدى بەنفور .
— هە . . . - دېدى ئۇ جىددىي هالدا ، چۈشەنگەندەك قىلىپ ، — نېمىگە بۇنچىۋالا زېرىكىسىلەر ؟
— زېرىكمەيدىغان كىم بار ؟ — دېدى بەنفور .
— بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى ، — دېدى يىگىت سەممىيلىك بىلەن .
— ئەگەر سىز بۇ يەردە ناهايىتى قوۋناق ، خۇشال - خۇرام ياشايمەن دەپ كەلگەن بولسىڭىز ، چوتنى خاتا سوققان بولىسىز ، — دېدى بەنفور .
يىگىت ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق سەپسالدى .
— ۋاھ ، — دېدى ئۇ ياشلارغا خاس ئاجايىپ ئەستايىدىل كەيپىياتتا ، — بۇ يەر ماڭا كۆڭۈللۈك ، قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ .

— بۇ گېپىڭىزدىن بەك خۇش بولۇۋاتىمەن ، — دېدى بەنفور .

بەنفور يەنە كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ تېخى ئوتتۇزغا كىرمىگەن بولسىمۇ شالاڭ ، يۇمشاق چاچلىرىغا ئارىلاپ ئاق سانجىغانىدى . يىگىت بېشىنى ئېچىگە تىقىپ كىتاب ئوقۇماستىن نەزەرىنى مارچقا ئاغدۇردى . ئۇ ئاغزىنى دومسايتىپ ئولتۇرغىنىچە ھەدەپ تور توقۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك يوغان ئېچىلغان بولسىمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆڭى شۇنداق ئاق ، يۇمران ، قاشتېشىدەك سۈزۈك ، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق ئىدى . دومسايغان ئاغزى ئۇنى بېشەم قىزدەك كۆرسىتىپ قويغان بولسىمۇ ، قىيغاچ قاشلىرى ، تەشۋىش ، تەئەججۈپ ۋە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان بوتا كۆزلىرى باشقىلاردا پەيدا بولىدىغان بۇ خىل بىشەملىك تۇيغۇسىنى يېپىپ قالالايتتى . ئۇنىڭ قولىقىغا يەنە ھېلىقى تۆلكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىندى . تۆلكە ئەمدى ئۇياقتىن — بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ كۆپ يىراقلاپ كەتكەندەك قىلاتتى .

يىگىت چىراغنىڭ نۇرىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ مارچقا ئۇن — تىنسىز قارايتتى . ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق نۇرلۇق كۆزلىرى مارچقا قادالغانىدى . بەنفور كەيپى ئۇچقان ھالدا بارمىقىنى چىشلىگىنىچە ، ماڭلىيىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن يىگىتكە تىكىلىپ تۇراتتى . يىگىت مىدىر — سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى . ئۇ قىپقىزىل يۈزىنى قىزغا قارىتىپ ئۇنىڭغا مەجنۇنلارچە تىكىلدى . مارچ قاپقارا بوتا كۆزلىرىنى قولىدىكى ئىشىدىن تۇيۇقسىز يۆتكەپ يىگىتنى كۆرۈپ قالدى — دە ، قورققىنىدىن چىرقىراپ تاشلىدى .

— ئاپام ، ئۇ [1]ئەنە . . . ، — ئۇ گويا بىر نەرسىدىن ئۆل-

---

① بۇ يەردىكى « ئۇ » تۆلكىگە قارىتىلغان .

گۇدەك قورقۇپ كېتىپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن ۋارقىراپ سالغاندەك قىلاتتى.

بەنفور تەئەججۇپلەنگەن هالدا بوينىنى سوزۇپ دەررۇ شۇ ياققا قارىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۇڭگە نېمە كۆرۈنۈپ كەتتى، نانىنى؟ — سورىدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا.

بىراق، مارچ بويۇنلىرىغىچە شەلپەردەك قىزارغان هالدا كۆزىنى ئىشلەك تەرەپكە تىكتى.

— هېچنېمە، هېچ ئىش يوق! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — سېنىڭ دەردىڭدە ئادەم بىرەر ئېغىز گەپ قىلىسىمۇ بولمامدۇ، ئەمدى.

— بولۇشىغۇ بولىدۇ، بىراق راست گەپ قىلىش كېرەك — تە! — دېدى بەنفور، — بايام نېمە دېگەنتىڭ؟

— نېمە دېگىنىم يادىمدا يوق، — دېدى مارچ غەزەپ بىلەن.

— هەي نانىنى، ئۇنچىۋالا سەكرەپ كەتمە، ئۆپكەڭنى بېسىۋال، بولامدۇ؟ يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق ۋارقىرىساڭ، مەن چىدىيالمايمەن! ئېيتە، سېنىڭ «ئۇ» دېگىنىڭ زادى كىم؟ بىلسەم، بىلمىسەم هېنرىغۇ ھەقىچان؟ — قورقۇپ كەتكەن بىچارە بەنفور ۋارقىراپ كەتتى.

— دەل تاپتىڭ، مەنمۇ ئۇنى دېگەن، — دېدى مارچ قىسقىلا قىلىپ، ئۇ ئۆلىسىمۇ ئۆزىنىڭ تۆلكىنى دېگىنىنى هەرگىز تەن ئالمايتتى.

— توۋا، بۈگۈن ئاخشام ئۆلگۈدەك قورقتۇمغۇ! — دېدى بەنفور قاقشاپ.

سائەت توققۇز بولغانىدى. مارچ ئىرىمچىك، چاي ۋە بولكا

قويۇلغان بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى. ھېنرى يۇرۇنلا ئۇ-نىڭغا، يېتىشتىن ئاۋۋال بىر پىيالە چاي ئىچىۋېلىشىنى باقسا كۆ-رىدىغىنىنى ئېيتقانىدى. بەنفور بىر ئىستاكان سۈت ئىچىپ ئۇ-بولكىغا ئاز - تولا ئېغىز تەگدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇخلاي، نانىنى، بەزگەكتەك تىترەپ كېتىۋاتىدىمەن، سەنمۇ كىرىپ ئۇخلامسەن؟

— ھەئە، مەن قاچا - قۇمۇچلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپلا چىقاي.

— كۆپ ھايال بولما، — دېدى بەنفور نارازىلىق بىلەن، — كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ھېنرى. ئاۋادا سىز ئارقىدا قالسىڭىز ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتەرسىز، بولامدۇ؟ چاتاق چىقمىسۇن يەنە!

— بولىدۇ خانقىز، چاتاق چىقمايدۇ، ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئاھاڭدا.

مارج بىر تال شام ياندۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بەنفورمۇ شام ياندۇرۇپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. مارج ئوچاقنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرگەندە، يىگىتتىن سورىدى:

— بىز سىزگە ئىشىنىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋېت دېدۇق، يىغىشتۇرۇپ بولغانسىز؟ — ئۇ قوللىرىنى بىلىگە تىرەپ بىر تىزىنى ئىختىيارسىز ئەگكىنىچە ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمايۋاتقاندەك بېشىنى باشقا ياققا قىيسايتىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا تىكىلدى.

— كېلىڭ، بىرئاز ئولتۇرۇڭ، — دېدى يىگىت مۇلايىم ئاۋازدا.

— ياق ، چىقسپ كەتمىسەم بولمايدۇ . جىبىر ماڭا قاراپ قالدى . تېز كىرمىسەم ئۇ تىت ـ تىت بولىدۇ .

— بايا سىز نېمىدىن شۇنچە چۆچۈپ كەتتىڭىز ؟ — سورىدى يىگىت .

— مەن قاچان چۆچۈپ كېتىپتىمەن ؟ — دېدى قىز يىگىتكە رەددىيە بېرىپ .

— ھوي ، تېخى بايىلا چۆچۈپ كەتكەنتىڭىزغۇ ، — دېدى ئۇ .

— ھە . . . — دېدى قىز سوزۇپ ، — ئۇ ۋاقىتتا ! . . . ھەي ! ئۇ چاغدا مەن سىزنى ھېلىقى تۈلكىنى مىكىن دەپ قاپتىمەن ، — قىزنىڭ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس مەسخىرىلىك تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى .

— تۈلكە ؟ قايسى تۈلكىنى دەيسىز ؟ — سورىدى يىگىت مۇلايىم ئاۋازدا .

— بۇلتۇر يازدىغۇ دەيمەن ، بىر كۈنى كەچتە مىلتىقنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقسام ، پۈتۈمنىڭ تۈۋىدىلا ، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا تۇرغان ئۇ تۈلكىنى كۆرۈپ قالدىم ، ئۇ ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن . ھەي تاڭەي ، مەنمۇ چۆچۈپ شۇنىشىنەلمىدىم . مېنىڭچە ، ئۇنىڭ قەلبىمدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغىنىدىن بولسا كېرەك ، — ئۇ يەنە يۈزىنى بۇرىدى ـ دە ، بىر پۈتى بىلەن يەر چىجدى ، ئۇ خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

— ئوق چىقاردىڭىزمۇ ؟

— ياق ، ئۇ ماڭا يەۋەتكۈدەك قاراۋېرىپ مېنى قورقۇتۇۋەتتى ، بىر چاغدا ئۇ قەدىمنى توختىتىپ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى ـ دە ، ماڭا قارىدى ، يۈز ـ كۆزىدە تېخى كۈلكە !

— ھەجىيىپ تۇرۇشلىرى دەك، تېخى، — دېدى ھېنرى كۆلگىنىچە تەكرارلاپ، — ئۇ سىزنى تازا قورقۇتۇۋېتىپتۇ — دە!

— ياق، ئۇ مېنى قورقۇتۇۋەتمىدى، ئەكسىچە مەندە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى دەڭا.

— ھە، شۇڭا مېنى ئاشۇ تۈلكە دەپ ئويلاپ قاپتىكەنسىز — دە، توغرىمۇ؟ — ئۇ يەنىلا بۇرۇنلىرىنى كۆچۈكتەك پۈرۈشتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ھەئە، شۇ چاغدا سىزنى شۇ تۈلكىمىكىن دەپ قاپتىكەنمەن، — دېدى قىز، — بەلكىم ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرالمايۋاتقاندىمەن، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

— سىز مېنى توخۇلىرىمىزنى ياكى باشقا نەرسىلىرىمىزنى ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوغرى ئوخشايدۇ، دەپ قالغانسىز ھەقىچان، — دېدى ئۇ چىرايىدىن يەنىلا ياشلارغا خاس كۈلكە ياغدۇرۇپ.

ئەمما، قىزنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەشۋىش بىلەن تىكىلگەنىدى.

— بىراق، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم تۈلكىگە ئوخشىتىلىشىم، — دېدى يىگىت، — بىردەم ئولتۇرۇڭ، بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ مۇلايىم، بەكمۇ جەلپ قىلارلىق ئىدى.

— بولمايدۇ، — دېدى قىز، — جېيىر ماڭا قاراپ قالدى، — ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن چىقىپ كەتمىدى. ئۇ ئۆز سالمىقىنى بىر پۇتىغا چۈشۈرگەن ھالدا يۈزىنى قاراڭغۇ بۇلۇڭغا قىلىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا، مەن سورىغان ھېلىقى گەپكە جاۋاب بېرەلمەسسىز قانداق؟ — دېدى يىگىت ئاۋازىنى پەس قىلىپ.

— قايسى گەپنى دەۋاتىسىز كىن، تاڭ.

— سىز ئەلۋەتتە بىلىسىز ، مەن توي ئىشمىزنى دەۋاتـ-
مەن .

— ياق ، ئۇ گەپكە جاۋاب بەرمەيمەن ، — دېدى قىز ئوچۇقتىن - ئوچۇق .

— جاۋاب بەرمەيسىز ؟ — ئۇنىڭ بۇرنى پۇرۇلۇپ چىرا-يىدا يەنە يىگىتلەرگە خاس ھېلىقى غەلىتە تەبەسسۇم جىلۋىلەن-دى ، — مېنىڭ ئاشۇ تۇلكىگە ئوخشىغىنىم ئۇچۇنلىما ؟ مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ - ھە ؟ — ئۇ تېخىچە كۇلەتتى .

قىز بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا تەمكىن ھالدا بىر پەس قاراپ تۇردى .

— بۇ ئىش تۇپەيلى سىزنىڭ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىـ-ڭىزنى خالىمايمەن ، — دېدى يىگىت ، — چىراغنىڭ پىلىكىنى كىچىكلىتىپ قوياي ، قېنى كېلىڭ ، بىردەم ئولتۇرۇڭ .

يىگىت قىزغىچ قوللىرىنى پەنەرنىڭ ئاستىغا سوزدى ، بىردىنلا چىراغ نۇرى سۇسلاپ ئەتراپ غۇۋالاشتى . مارچ جايىدا جىمجىت تۇراتتى . ئۇ خۇددى بىر قارا كۇلەڭگىدەك خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى . يىگىت گەپ - سۆز قىلماستىن ئورنىدىن تۇردى .

— بىردەم چىقىپ كەتمەي تۇرۇڭ ، — دېدى يىگىت ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ مۇلايىم ، بوش ، ئەركىلىگەندەك يې-قىملىق چىقتى ، — ئولتۇرۇڭ ، — ئۇ سۆزلىگەچ بىر قولىنى قىز-نىڭ مۈرىسىگە قويدى . قىز شۇ زامان ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئېلىپ قاچتى ، — سىز مېنى تۇلكىگە ئوخشاتمايسىز ، شۇنداققۇ ، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇ قەدەر مۇلايىم بولۇپ ، ئاز - تولا مەسخىرىلىك پۇراقمۇ يوشۇرۇنغانىدى ، — ھېلىھەم مېنى تۇلكىگە ئوخشىتامسىز ؟ — ئۇ قىزنى ناھايىتى يېنىك ھالدا ئۆزىگە تارتتى - دە ، بويۇنلىرىغا مېھربانلىق بىلەن سۆيدى . قىز قور-

قۇپ ئارقىغا شوخشۇيتتى ، بەزگەكتەك دىرىلدەپ تىترەيتتى ، ئۇ-
نىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى . ئەمما يە-
گىت ياشلارغا خاس كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن مەھكەم تارتىپ
مېھرىبانلارچە سۆيەتتى . شۇغىنىسى ، قىز يۈزىنى ھەدەپ قاچۇ-
رۇپ تۇرۇۋالغاچقا پەقەت ئۇنىڭ بويۇنلىرىنىلا سۆيەلىدى .

— سوئالىمغا جاۋاب بەرمەمسىز ؟ شۇ تاپتا جاۋاب بەر-
گۈڭىز يوقمۇ - يا ؟ — سورىدى يىگىت مۇلايىم ئاھاڭدا سوزۇپ ،
ئۇ قىزنى بار كۈچى بىلەن ئۆزىگە قارىتىش ۋە ئۇنى قانغۇچە سۆ-
يۈۋېلىشنىلا ئويلايتتى . ئۇ ئاخىر قىزنىڭ مەڭزىگە ، قۇلىقىنىڭ
تۈۋىگە سۆيۈۋالدى .

شۇ ئەسنادا ، بەنفورنىڭ بالىخانىدا تۇرۇپ غەزەپ بىلەن
چاقىرغىنى ئاڭلاندى .

— جېيىز مىنى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى مارج چۆچىگەن-
نىچە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ . ئۇ شۇ ئارىلىقتا قىزنىڭ لېۋىگە
چوككىدە سۆيۈۋالدى . بۇ سۆيۈش كۈچلۈك ئوت - يالقۇنغا ئاي-
لىنىپ قىزنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى ، قىز بىر
قىسما ئىڭراپ كەتتى .

— ماقۇل بولدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ قوشۇلدىڭىز - ھە ؟ —
دېدى يىگىت مۇلايىم ئاھاڭدا قەتئىيلىك بىلەن .

— نانىي ! ھوي ، نانىي ! ئەجەب يوقاپ كەتتىڭغۇ ، زادى
نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ئۇ يەردە ؟ — قاراڭغۇدا بەنفورنىڭ چا-
قىرغان زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى .

يىراق ، يىگىت مارجنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بولۇپ ،
ئادەمنى ئېرىتكۈدەك ئاجايىپ مېھرىبانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن :

— ماقۇل بولدىڭىز - ھە ؟ ماقۇل دەۋېتىڭ ، خوش بوپ
قالاي ، ماقۇل دەڭ ! — دەپ شىۋىرلىدى .

مارچ گويا پۇتكۇل ۋۇجۇدى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ، يەنىلا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقاندەك ھېس قىلدى ـ دە ، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى :

ـــ بولىدۇ ، ماقۇل ! مېنى قويىۋەتسىڭىزلا ! جېيىر مېنى چاقىرىپ كەتتى .

ـــ ئېيتسىڭىزدە بولىسۇن ، لەۋزىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ ـ ھە ! ـــ دېدى يىگىت ھىيلىگەرلىك بىلەن پەيتنى قولدىن بەرمەي .

ـــ ھەئە ، شۇنداق ! مەن لەۋزى قىلدىم ، ماقۇل ! ـــ مارچ ئاۋازىنى بىردىن قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى ، ـــ مانا جېيىر ، مانا ھازىر !

يىگىت چۆچۈپ كەتتى ـ دە ، ئۇنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى ، ئۇ شۇئان بالىخانىغا تاراقلاپ چىقىپ كەتتى .

ئەتىسى يىگىت قاق سەھەردىلا قورۇقنى ئارىلاپ چىقتى ، توخۇ ـ ئۆردەكلەردىن خەۋەر ئالدى . بۇ يەردە تۇرسام كۆڭلۈم ئۆسۈپ قالغۇدەك ، دېگەنلەرنى ئويلىدى . ئۇ ناشتىدىن كېيىن بەنفورغا ئېغىز ئاچتى :

ـــ بەنفور خېنىم ، بىر ئىشتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

ـــ قايسى ئىشتىن ؟ ـــ سورىدى مۇلايىم ئەمما ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان بەنفور .

يىگىت مارچقا قاراپ قويدى ، ئۇ قولىدىكى بولكىغا مۇراببا سۈركەۋاتاتتى .

ـــ دەيمۇ ، دېمەيمۇ ؟ ـــ دېدى يىگىت مارچقا .

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ـ دە ، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

ـــ ئەگەر جېيىرغىلا دېمەكچى بولغان بولسىڭىز

مەيلى ، — دېدى ئۇ ، — ئىشقىلىپ ، مەھەللىدىكى ئۆچرىغانلىكى خەققە يېيىپ يۈرمىسىگىزلا بولىدى ، — سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ بولكىنى تەستە يۇتۇۋەتتى .

— يەنە نېمە ئىش بولدى ؟ — سورىدى بەنفور بېشىنى كۆتۈرۈپ ، چۆچەكتەك يوغان ئېچىلغان ھارغىن ، قىزىرىپ ئىششىپ قالغان كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ . ئۇ پۈۋ دېسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك جىۋەك قىز ئىدى ، ئۇنىڭ كالتە قىلىپ ياسىتىۋالغان قوڭۇر چاچلىرى پەرىشانلىق يېغىپ تۇرغان يۈزى ئەتراپىدا بوشقىنە يەلپۈنەتتى .

— نېمە ئىش بولغاندەك تۇرىدۇ ، ئۆزىڭىز تېپىپ بېقىڭچۇ ؟ — دېدى يىگىت سىر تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك مىيىقىدا كۈلۈپ .

— مەن نەدىن بىلەي ! — دېدى بەنفور .

— پەرەز قىلىپ باقمامسىز ، — دېدى يىگىت كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ .

— پەرەز قىلىپ تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتىدۇ .

— نانىنى ئىككىمىز توي قىلماقچى بولدۇق .

بەنفور چوكىدەك ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ ئولتۇرغان پىچاقنى ئىككىنچىلەپ كىرەك قىلمايدىغاندەك چۆرىۋەتتى . ئۇنىڭ قىزارغان ئىپادىسىز كۆزلىرى يىگىتكە مىقتەك قادالدى .

— نېمە قىلماقچى بولدۇق ؟ — ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا .

— توي قىلماقچى بولۇپ قالدۇق ، شۇنداققۇ نانىنى ؟ — دېدى يىگىت قايرىلىپ مارچقا قاراپ .

— ئىشقىلىپ ، سىز شۇنداق دەۋاتىسىزغۇ ، — دېدى مارچ

باشقا ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلماي . بىراق ، بۇ چاغدا ئۇ ئۆ-
ڭايسىزلىقتىن ئۆپكىدەك ئىسسىپ ـ قىزىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ
ئىشتىهاسى بىردىنلا تۇتۇلۇپ گېلىدىن هېچ نەرسە ئۆتمىدى .
شۇ تاپ بەنفور بەئەينى ئوق تەگكەن قۇشقىلا ئوخشاپ
قالغانىدى . بۇ ۋىجىك ۋە ئاغرىقچان بايقۇش يۈزلىرى شەلپەردەك
قىزارغان مارچقا بىچارىلەرچە قارايتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بويۇنلد-
رىغىچە قىزىرىپ ، ئىسسىلىپ كەتكەن مارچتا بولغىنى بىلەن ،
جاراهەتلەنگەن روهى مانا دەپلا چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى .
— ياق ، بولمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ماجالى قالمى-
غان هالدا .
— بولمايدىغان نەرى بار ، — دېدى يىگىت مەمنۇنىيەت
بىلەن .
بەنفور خۇددى شىرەدىكى ئاللىقانداق يېمەكلىكنى كۆرسىلا
هۆ قىلىۋېتىدىغاندەك بېشىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالغانىدى . ئۇ بىر-
دىنلا مىجەزى پەسلەپ ئېلەك ـ سېلەك بولۇپ قالغاندەك بىر
هازاغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن بىر
قولى بىلەن شىرەنىڭ گىرۋىكىگە تايىنىپ ئاستا ئورنىدىن قوپتى .
— ناننى ، بۇنىڭغا زادى ئىشىنەلمەيۋاتىمەن ! — دېدى ئۇ
تۇۋلاپ ، — بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس !
ئۇنىڭ مەيۈس ، ئازابلىق ئاۋازىغا ئاز ـ تولا غەزەپ ۋە ئۈ-
مىدسىزلىك ئارىلاشقانىدى .
— نېمىدەپ ئەمدى ؟ بۇ ئىشقا نېمىشقا ئىشەنمەيسىز ؟ —
سورىدى يىگىت . ئۇنىڭ ئاق قۇ پېيىدەك سىلىق ، يۇمشاق ئاۋازىغا
تەكەببۇرلۇق يوشۇرۇنغانىدى . گويا بۇ يىگىت موزىيخانىغا تىزىپ
قويۇلغان ئاسار ئەتىقىدەك ، بەنفور كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇ-
نىڭغا قاراپ هاڭۋېقىپلا قالغانىدى .

www.uyghurkitap.com

— چۈنكى، ئۇ بۇنچىۋالا ھاماقەتلەردىن ئەمەس. ئۇ ھەر قانچە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ، — دېدى ئۇ خورسىنغاندەك زەئىپ ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى سوغۇق، مەيۈس، ھەسرەتلىك ئاڭلىناتتى.

— ئۇ قانداقسىگە ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ؟ — سورىدى يىگىت.

بەنفورنىڭ ئىپادىسىز كۆزلىرى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلدى.

— دېمەكچىمەنكى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىززەت - غۇرۇرى تېخى يوقالمىغانلا بولسا، — دېدى بەنفور.

بەنفورنىڭ كۆزەينەك تېگىدىن قادىلىپ ئۆزىمەي قاراپ تۇرۇۋېرىشى بىلەن يىگىتنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىزنى قىلچە چۈشەنمىدىم، — دېدى يىگىت.

— بەلكىم چۈشەنمىگەنسىز، مەنمۇ سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزنى ئۇنچىۋالا خالاپ كەتمەيمەن، — دېدى بەنفور. ئۇنىڭ مۇلايىم ئەمما پەرۋاسىزلىق بىلەن سۆزلىشى ئۇنىڭ گېپىگە ھاقارەتلىك تۈس بېرەتتى.

يىگىت يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئوڭايسىزلانغىنىدىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆكۈچ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا مىقتەك قادالغان بولۇپ، قاش - قاپاقلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.

— ھەي، مارچ ئۆزىنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى زىنھار ئۇقمايدۇ، — بەنفورنىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك ۋە ئاھانەتلىك ئىدى.

— بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن زادى نېمە ئالاقىسى ؟ — دېدى يىگىت جۇدۇنى تۇتۇپ .

— بۇ ئىشنىڭ سىزگە باقىغاندا مەن بىلەن ئالاقىسى زور ، — دېدى ئۇ مەيۈسلۈك ھەم زەھەرخەندىلىك بىلەن .

— ۋاي ، شۇنداقمىتى ؟ مەن تېخى بىلمەي قاپتىمەن ، — دېدى يىگىت كەيپى ئۇچقان ھالدا .

— دۇرۇس ، سىز دېگەن بىلمەيسىز ، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن .

— نېمە بولسا بولسۇن ، ئىشقىلىپ تالاش - تارتىش قىلغىنىڭلارنىڭ پايدىسى يوق ، — دېدى مارچ ئالدىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا شاپپىدە بىر سىلكىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ . ئۇ بولكا ۋە چەينەكنى ئالدى - دە ، چوڭ - چوڭ چامداپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ كەتتى .

بەنفور ھاڭۋاقىنىچە ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ، ئاندىن ئاستا ئارقىسىغا قايرىلىپ بالىخانىغا چىقىپ كەتتى .

ھېنرى غەزەپتىن يېرىلاي دەپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى يېلىنجاپ ، كۆزلىرىدىن قەھرلىك ئۇچقۇن چاقنايتتى . مارچ ھېلىدىن - ھېلىغا كىرىپ - چىقىپ تاماق شىرەسىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ھەلەك ئىدى . ھېنرى بولسا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا غەزەپلىك ۋە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى ، ئۇ مارچقا قاراپمۇ قويمايتتى . مارچنىڭ ئىلگىرىكى تەمكىن ، رايىش قىياپىتى ، ھەتتا قاشتېشىدەك سۈزۈك ، نۇرلۇق چىرايى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ ، دوم سىيىپ تۇراتتى . ئۇ شىرەدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا ھەربىر كىرگىنىدە ئاجايىپ جازىبىلىك شەھلا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىچىدە تىكەتتى . قارىمامدىغان ، ماۋۇ دارازا ، قىزىل يۈز يىگىتنىڭ كىچىك بالىدەك ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرغىنىنى !

بۇ ، بالا مىجەزىنى تېخىچە تاشلىمىغان يىگىتكەن ـ دە !

بۇ قىزىل يۈزلۈك يىگىت مارچقا ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنىپ ، ئۇنىڭ قىزىل يۈزى ئۇدۇلدىكى قورۇق ئۆگزىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مورىنىڭ قىزىل رەڭلىك قالپىقى دەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى . شۇ تۇرقى قىز ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندىمۇ، ئۇ شۇ قەدەر سوغۇق ، ھېسسىياتسىز ۋە شۇ قەدەر يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى .

يىگىت ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ مىلتىقىنى ئۆشنىسىگە ئارتتى ـ دە ، گۇس ـ گۇس دەسسىگىنىچە بىپايان دالاغا يۈگۈرۈپ كەتتى . ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندىلا ئاندىن قايتىپ كەلدى . چىرايىدىن تېخىچە خاپىلىقى يەتمىگەندەك قىلسىمۇ ، مۇئامىلىسى خېلىلا سىپايە ، ئەدەپلىك كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ ئۈچ بۇرجەك شەكلىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ ، ھېچقايسىسى چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى . يېشىن بىلەن تەڭ ئۇ يەنە مىلتىقىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . كۆز باغلانغاندا بىر توشقان بىلەن بىر كەپتەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى . ئۇ ئاخشىمى تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمىدى ، تۈزۈك گەپ ـ سۆزمۇ قىلمىدى . ئۇ ئۆزىنى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ ئەلەمدىن بوغنۇقاتتى .

بەنفورنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان ، ئۇ خېلى يىغلىغاندەك قىلاتتى . بىراق ، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ئىلگىرىكىدىنمۇ سوغۇقلىشىپ ، تەكەببۇرلىشىپ كەتكەنىدى . يىگىت بىرەر ـ يېرىم ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇ ئۇنىڭغا خۇددى يالاڭتۆش جاھانكەشتى ياكى باشقىلارنى كوملاپلا يۈرىدىغان رەزگى ئادەملەرگە قارىغاندەك مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن

قارايتتى . بۇنىڭ بىلەن يىگىت غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كۆك كۆزلىرى قارىيىپ ، تەلەتى تېخىمۇ سۆرۈنلىشىپ كېتەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ گەپ ـ سۆزىنىڭ ئەدەپلىك ، مۇلايىم بولۇشىنى ئەستىن چىقىرىپ قويمايتتى .

مارچ ئايىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىدە ، ئەكسىچە بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك جانلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ تازا پىيىزى پىشمايۋاتقان بۇ ئىككى رەقىبنىڭ ئا- رىسىدا خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغمايۋاتقاندەك ئولتۇراتتى ، چىرايىدا بولسا شوخ كۈلكە جىلۋىلىنەتتى . ھەتتا ، ئۇنىڭ بۇ ئاخشامقى تور توقۇۋاتقان قىياپىتىدىنمۇ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كې- تىۋاتقاندەك بىر خىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى .

يىگىت ئۇخلاشقا ياتقاندىمۇ ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆز ھۇج- رىسىدا گۇڭگۇلداپ پاراڭلىشىپ ، گەپ تالىشىۋاتقىنى قۇلىقىغا كى- رىپ تۇردى . ئۇ ياتقان يېرىدىن ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ـ دە ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى ، ئەس ـ يادى ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى بىلىۋېلىشتىلا قالغانىدى . شۇغىنىسى ، ئارىلىق خېلى يىراق ئىدى ، ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ يەنىلا بەنفورنىڭ مىسكىن ئاۋازىغا ھەمدە مارچنىڭ ئېغىر ـ بېسىق ئاھاڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى .

كېچە قوينى شۇ قەدەر تىمتاس ھەم سالقىن ، يەتتە تىكەن يۇلتۇزى سىرتتىكى قارىغاينىڭ تاغدەك ئېگىز شاخلىرى ئۈستىدە چاراقلاپ ياناتتى . ئۇ يەنە زەن قويۇپ تىڭشىدى . يىراقتا بىر تۈلكىنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىغىنى ، ئاندىن قورۇقتىكى ئىتنىڭ ھاۋ- شىغىنى ئاڭلاندى . ھالبۇكى ، ئۇنىڭ ئاڭلىماقچى بولغىنى بۇ ئاۋازلار ئەمەس ، بەلكى ئىككى قىزنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان گەپلىرى ئىدى .

ئۇ كارىۋاتتىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاۋايلاپ قىنا چۈشتى ـ دە ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ، يەنىلا ھېچقانداق گەپنى ئاڭقارغىلى بولمايتتى . ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات ئىچىدە پەم بىلەن ئىشىك تاقىقىنى كۆتۈرۈپ ، خىلىدىن كېيىن ئاران دېگەندە ئۇنى شىكنى ئاچتى ، ئاندىن شەپىسىز شىپىلداپ مېڭىپ دەھلىز ئۆيگە چىقتى . كاۋچۇك تاختىيىدا ياتقۇزۇلغان كونا پول ئۇنىڭ تاپانلىرىغا مۇزدەك تېگەتتى ھەمدە چىشىنى قىرىشتۇرۇپ غىچىرلايتتى .

ئۇ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيگە پەم بىلەن دەسسىدى ، تامنى ياقىلاپ مېڭىپ قىزلارنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە توختىدى . ئۇ بۇ يەردە چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماستىن زەن قويۇپ ئاڭلاشقا كىرىشتى ، بەنفور ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى :

— ياق ، پەقەتلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، بىر ئايغا قالمايلا غىققىدە جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا كېرىكىمۇ شۇ ، ئۇ ئىتتەك سۆرۈلۈپ ئۆلگىنىمنى كۆرسە خۇش بولىدۇ . بولمايدۇ نانىنى ، ئەگەر چەندە راستىنلا ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان ئەخمىقانە ئىش قىلساڭ ، بۇ يەرگە سىغمايسەن . ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇشنى مەن ھەرگىز خالىمايمەن . ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرىدىن كېلىدىغان سېسىق پۇراقنى دېمەيسەن تېخى ، قۇسۇۋېتەي دەيمەن . ئۇنىڭ ئۆپكىمدەك قىپقىزىل تەلەتىنى كۆرسەم ، قۇسۇۋەتكىلى قىل قالىمەن . ئۇ شىرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرسىغۇ ، گېلىمنى بىرى بوغۇۋالغاندەك غىزامۇ ئۆتمەيدۇ . مەنىمچۇ ، تازا بىر ئەخمەق ، ئۇنى بۇ يەردە كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ تۇتۇپ قالغاندىكەن . ئادەم دېگەننىڭ ھەر قاندىقىغا ياخشىلىق قىلسا بولمايدىكەن . ئۇلارغا سەن ئاش بەرسەڭ ، ئۇلار ساڭا مۇشت بېرىدىكەن .

— بولدىلا ، ئۇنىڭ پەقەت ئىككى كۈنلۈكلا دەم ئېلىش ۋاقتى قالدىغۇ.

— ئۇھ ، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر . كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككىمىزلەپ بۇ يەرگە يېقىن يولىغۇچى بولمىسۇن ، ئۇ بۇ يەردە تۇرسا ئىچىم سىقىلىپ تۈگىشىپ كېتىدىكەنمەن . ئەمدى چۈشەندىم ، مېنىڭچە ئۇ سەن ئارقىلىق ئاللىقانداق نەپكە ئېرىشىمەن دەپ چۆچۈرنى خام ساناۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ھەممە غەرىزىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن . ئۇ دېگەن بىر نانقېپى ، ئىشقا كۆتى چىدىمايدۇ . بىزگە يۆلىنىپ ياشاش كويىدا ، بىراق ئۇنىڭ ماڭا يۆلىنىپ كۈن كەچۈرىمەن دېيىشى ئۇخلاپ چۈشى . ئەگەر چەندە سەن بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلغىنىم قىلغان ، دەپ تۇرۇۋالساڭ ، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى . ئۇنىڭ بۇرۇن بۇ يەردىكى ۋاقتىنى بوجىس خېنىم ئوبدان بىلىدىكەن . ھېلىقى بوۋاي ئۇنى ھېچقانداق بىر ئىشقا سالالمىغانىكەن . ئۇ شۇنچىكىم پۇرسەت تاپسىلا مىلتىقنى ئېلىپ غىپپىدە تىكىۋېتىدىكەن ، خۇددى ھازىرقىدەك . ئوۋ ئوۋلاشتىن بۆلەك ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن . ھەي ، مېنى ئەڭ يىرگەندۈرىدىغىنى مۇشۇ ئىش . سەن ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلەلمەيۋاتىسەن نانىنى ، راستتىنلا بىلەلمەيۋاتىسەن . ئالىمادىس ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان بولساڭ ، ئۇ سېنى ساراڭ تاپىدۇ . سېنى ئاخىر تاشلىۋېتىپ ، ئەلەم قىلىدۇ . ئىككىمىزنىڭ قولىدىن بىلە قورۇقنى تارتىۋېلىشقا كۆزى يەتمىسە ، ئۇ چوقۇم بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ . جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ، ئۇ ھېچنەرسىمىزگە ئېرىشەلمەيدۇ . مەن بۇ دۇنيادا ھاياتلا بولسام ، ئۇ بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچىلەپ يېقىن يولايمەن ، دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن . كېيىن قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ . ئۇ خىيالىدا

ئىككىمىزگە خوجايىنلىق قىلماقچى. قارىماسەن، ئۇنىڭ ھىيلىتىن ئۆزىنى سېنىڭ غوجاڭدەك تۇتۇشلىرىنى.

— بىراق، ئۇ ئۇنداقلاردىن ئەمەستەك تۇرىدىغۇ — دېدى نانىنى.

— ئىش قىلىپ ئۇ ئۆزىنى شۇنداق چاغلايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىرقى مۇددىئاسى بىزگە خوجايىن بولۇش. ھەي، ئويلاپ باقمامسەن! ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە شۇنچىۋالا جاپا چېكىشىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ تەلەتى مايمۇننىڭ كۆتىدەك قىزىل، ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان بۇنداق نەدىكى بىر سېسىق مەدىكارنىڭ بۇرنىمىزدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ يۈرۈشىگە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ھەي... بىز ئۇنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىپ چاتاق قىپتۇق. بىز ئۆز سالاھىيىتىمىزگە لايىق ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى خەقنىڭ ئالدىدا بېشىمىزنى تىك تۇتۇپ يۈرىمىز، دەپ تارتقان جاپالىرىمىز نەگە كەتتى. ئۇنى ئەمدى بۇ يەرگە يېقىن يولاتقىلى بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسەن تېخى، ناۋادا ئۇ بۇ قورۇقنى قولىغا كىرگۈزەلمىسە، كانادا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىلىقاندەك بىر يەرلەرگە جۆنەيدۇ. ئۇ چاغدا كۆتىنى ئېلىپلا يۇزىگە چاپلاپ، ئەلمىساقتىن سېنى كۆرۈپمۇ باقمىغاندەك تونۇماس بولۇۋالمىسا، مانا مەن. سەنچۇ، شۇنىڭ بىلەن تامامەن نابۇت بولىسەن، ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشىسەن. بۇنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىم ھەرگىز تىنچ، خاتىرجەم ئۆتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— بىز ئۇنىڭغا ئوچۇقنى ئېيتايلى، بۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلمىسۇن. ئۇنىڭغا شۇنداق دېسەك بولۇۋېرىدۇ، — دېدى مارج.

— سەن ئاۋارە بولۇپ يۈرمە. ئۇ ماڭىدىغان چاغدا ئۆ-

زۇملا سۆزلىشەي، ئۇنىڭغا دەيدىغان باشقا گەپلىرىمۇ بار. جىنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىۋېرىشىگە يول قويمايمەن، ھەي ناننى، سەن ئۇنىڭغا تومۇرۇڭنى تۇتقۇزۇپ قويدۇڭمۇ، بولدى، ئۇ سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ. يىرگىنىچلىك بۇ مەخلۇق ساڭا يۈزسىزلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمدى ئىشەنمەيمەن. نەدىمۇ بەز بىيمەيدىغان مۆشۈك بولسۇن. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قاۋاش، مەككار، تېخى يەنە تازا باشباشتاق، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان بىر نېمە. ئۇ سەندىن پايدىلىنىمەن، دەپ چوت سوقۇۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكىڭ قالمىغاندا، ئۇ سېنى چۆرۈۋېتىدۇ، شۇ چاغدا ساڭا يەنىلا مەن ئەسقاتىمەن.

— ماڭا ئۇ ئۇنچىۋالا ئەسكىدەك بىلىنمەيدۇ، — دېدى مارچ.

— ئۇ ساڭا كۆچۈكلىنىپ يۈرگەچكە شۇنداق دەيسەن-دە! ناۋادا، ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە بولغان بولساڭ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلىپ قالاتتىڭ. ئاھ، ناننى، بۇنى ئويلىسام بەكلا ئازابلىنىپ كېتىمەن.

— ھەي، بۇ ئىشنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوققۇ، سۆيۈملۈكۈم جېيىر.

— ئالاقىسى يوق؟ نېمىدەپ ئالاقىسى بولمايدىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىم بىردەممۇ تىنچ، خاتىرجەم ئۆتمەيدۇ، ئىككىڭلارنىڭ چىلەپ ئۆزۈمنى بەختلىكمۇ سېزەلمەيمەن. ياق، ناننى... — ئۇ ئەلەمدىن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

خېلىدىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە ئوغرىلىقچە تىڭشاپ تۇرغان يىگىتنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغىنى، مارچىنىڭ مۇلايىم ۋە چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى بەزلىگىنى ئاڭلاندى. يىگىتنىڭ كۆزلىرى خۇددى پۈتكۈل كېچە قويىنىدىكى ھەممە نەر-

سىنى كۆرەلەيدىغاندەك يوغان ئېچىلدى . ئۇ قۇلاقلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغۇدەك توڭغانىدى . ئۇ قانداق چىققىلى بولسا يەنە شۇنداق پەم بىلەن كىرىپ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى . بىراق، بېشى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە ، تىنۇش چىقارماي كىيىملىرىنى كىيىپ يەنە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى . قىزلار جىمىقىپ قېلىشقانىدى . ئۇ ئۈستىدىن پەم بىلەن چۈشۈپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى ، ئاندىن ئۆتۈك ۋە پەلتۇسىنى كىيىپ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى . ئۇ بۇ قورۇقتىن كېتىش خىيالىدا ئەمەس ئىدى . ياق ، ئۇنىڭدا بۇنداق خىيال بولمىغاچقا پەقەت مىلتىقىنىلا ئالغانىدى . ئۇ ئىلغۇچنى پەم بىلەن كۆتۈرۈپ ئىشىكنى ئاستاغىنا ئاچتى - دە ، دېكابىردىكى قەھرىتان سوغۇق كېچىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى . ئەتراپ تىمتاس ، يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى ، قارىغايلار سۈس شىلدىرلايتتى . ئۇ چىتلاقتىن شەپىسىز ئۆتۈپ ، ئۇۋلايدىغان بىرەر نەرسە ئۇچراپ قالامدىكىن دېگەندەك ئەتراپىغا قارىدى . شۇ چاغدا ، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە قىزلار كەتتى - دە ، ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى قورقۇتۇۋەتسەم بولمايدۇ ، دېگەنلەرنى ئويلىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ قاراغان گۈللىرىنى ئارىلاپ ئۇيان - بۇيان ماڭدى . پەلەككە تاقاشقان قېرى پادۇپ دەرەخزارلىقىدىن ئۆتۈپ ئورمانلىقنىڭ چېتىگە كەلدى . ئۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە چىتلاقنى بويلاپ ماڭدى . چوڭ - چوڭ ئېچىلغان بىر جۈپ كۆزى قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ يىراق - يىراقلارغا تىكىلگەنىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قارىيىپ قاراڭغۇلۇقنىمۇ كۆرەلەيدىغان مۈشۈكنىڭكىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى . بىر تۈپ يوغان كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئەتراپىدا بىر ھۇقۇش مۇدھىش ئاۋازدا

ھۇۋلايتتى . ئۇ مىلتىقنى كۆتۈرگىنىچە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ،
تەپسىلىي كۆزەتكەچ شەپە چىقارماي پەم بىلەن ماڭدى .
ئۇ ئورمانلىق ياقىسىدىكى ھېلىقى يوغان دەرەخلەرنىڭ
تۈۋىگە كەلگەندە ، تاغ باغرىغا جايلاشقان قورۇقتىكى ئىت ئادەمنى
ئەنسىزچىلىككە سېلىپ تۇيۇقسىز قاتتىق قاۋاپ كەتتى . تۆت
ئەتراپتىكى باشقا ئۆيىنىڭ ئىتلىرىمۇ بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئويغاندى
بولغاي ، ئۇ ئىتقا قوشۇلۇپ قاۋاشقا باشلىدى . بىردىنلا ، ئۇ ئەنگ-
لىيىنى تولىمۇ قىستا - قىستاڭ ، ئالىقانچىلىك جايدەك ، ئەتراپ-
دىكى مەنزىرىلەر قاراڭغۇلۇقتا تېخىمۇ قىستىلىپ كىچىكلەپ كەت-
كەندەك ، ئىتلار كۆپىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى . ئىتلارنىڭ
بەس - بەستە قاۋاشلىرى بىر قەۋەت ئاۋاز تېمى ھاسىل قىلغاندەك
ۋە بۇ تام ئۈزۈلمەي داۋام ئېتىپ ئەنگلىيە قاشاسى پەيدا قىلىپ
ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇپ تۇرغاندەك بىلىندى . ئۇ ئىتلارنىڭ
ئەنسىز قاۋاشلىرىغا چوقۇم تۈلكە سەۋەب بولغىنىنى ، ئۇ تۈلكىنىڭ
بۇنداق جايدا قېچىپ كېتىش پۇرسىتى يوقلۇقىنى پەملىدى .
توغرا ، نېمىشقا دەررۇ بېرىپ ئۇ تۈلكىگە قاراپ باقمايمەن .
ئۇ تۈلكە چوقۇم پۇراپ تېپىپ كەلگەن گەپ . يىگىت تاغدىن
چۈشۈپ قورۇققا قاراپ ماڭدى . قورۇق يېنىدا بىر نەچچە تۈپ
قارىغاي قارىيىپ كۆرۈنەتتى . قولىنى سۇنسا پەرق ئەتكىلى بول-
مايدىغان قاپقاراڭغۇلۇقتا ، يىگىت لاپاسنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ ئاستا
زوڭزىيىپ ئولتۇردى . ئۇ بۇنداق چاغلاردا تۈلكىنىڭ كېلىدىغى-
نىنى بىلەتتى . مۇشۇ تۈلكە كاتەكتەك ھەددى - ھېسابسىز ئۇش-
شاق ئۆيلەر ، ئىتلارنىڭ سەت قاۋاشلىرى ھەم ئادەملەرنىڭ يېقىم-
سىز ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن تولغان بۇ ئەنگىلىيىدىكى ئەڭ ئا-
خىرقى بىر تۈلكە بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى ئۇ .
ئۇ بۇ يەردە ھاڭقىرقاي ئېچىلغان ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي

خىلىغىچە پايلاپ تۇردى . ئىشىككە ئالدىنقىدەك شولا چۇشۇپ
تۇرغان بولۇپ ، بۇ شولا كۆكتىكى چىمىرلىشىۋاتقان يۇلتۇزلاردىن
چۇشۇۋاتامدۇ ياكى سۇزۇلۇشكە باشلىغان تاڭ نۇرىدىنمۇ ، بۇنى
بىلىپ بولمايتتى . ئۇ قاراڭغۇ يەردىن دالدىلانماقچى بولغاندەك بىر
چەتتە تاشلىنىپ ياتقان كۆتەكتە ئولتۇراتتى ، مىلتىقىنى توغرى-
سىغا قىلىپ يوتىسىغا قويۇۋالغانىدى . بىردىنلا قارىغاي شاخلىرى-
نىڭ قاراس - قۇرۇس قىلغىنى ئاڭلاندى ، ئاندىن ئامبارنىڭ
قونداقتا ياتقان توخۇ ئارىسىدىن بىر مىكىيانىڭ پالاقلاپ يەرگە
چۇشۇپ قاقاقلىغىنى ئاڭلاندى . باشقا توخۇلارمۇ پالاق - پۇلۇق
قىلىشىپ كەتتى . ئۇ بۇنىڭدىن چۆچۇپ كەتتى - دە ، لىككىدە
ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ، توخۇلارنى بىرەر
چاشقان ئۇركىتىۋەتكەن چېغى ، دەپ ئويلىدى . بىراق ، ھېچنې-
مىنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئورنىغا كې-
لىپ ئولتۇرۇۋالدى . مىلتىقىنى يوتىسىغا باياقىدەك قويدى ، قول-
لىرىم توڭۇپ كەتمىسۇن دەپ قوۋۇشتۇرۇۋالدى . ئۇ كۆزلىرىنى
مىتمۇ قىلماي خىرە - شىرە شولا چۇشكەن سەللا نېرىسىدىكى
دەرۋازىغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بۇرنىغا سوغۇق ھاۋادا تو-
خۇلارنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان
بىر خىل ئۆتكۈر ، بەدبۇي پۇراقلار ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى .
ھايال ئۆتمەي بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . ئىشىك
ئالدىغا بىر كۆلەڭگە شەپىسىز ، ئاستا يېقىنلاشتى . ئۇ يېقىنلى-
شىۋاتقان كۆلەڭگىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلدى . ئۇ تۈلكى-
نىڭ قارىسىنى ئىلغا قىلدى . تۈلكە قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ
دېگۈدەك ئېڭىشىپ مېڭىپ ، دەرۋازا ئاستىدىن ئوغرىلىقچە كىرىپ
كېتىۋاتاتتى . يىگىت ئۆزىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مىلتىقىنى
قولىغا ئالدى - دە ، پايىنىكىنى مۇرىسىگە تىرىدى . ئەمدى نىمە

ئىشىنىڭ يۈز بېرىدىغىنى كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايدىڭ ئىدى . ئۇ تۈلكىنىڭ چوقۇم توخۇ كاتىكىنىڭ تاختاي بىلەن دەملەنگەن ئىشكى تۈۋىگە بېرىپ ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن ھىد ئالىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۈزۈك تۇرا – تۇرمايلا ئىچىدىكى توخۇ ھىدىنى سېزىۋالىدىغىنىنى ، ئاندىن ئۇنىڭ ئامباردا ئۇيان – بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ پۇرسەت تېپىپ كاتەككە غىپپىدىلا كىرىۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

كاتەك ئىشكى دۈمبەلچەكتە ئىدى . تۈلكە دۈمبەلچەككە سايىدەك يەڭگىللىك بىلەن شىپپىدە چىقىۋالدى – دە ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تۇمشۇقى بىلەن ئىشككە دەم ئورنىدا تىرەپ قويۇلغان تاختاينى پۇرىغىلى تۇردى . شۇ ئارىدا مىلتىقنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك « پاڭ » قىلغان ئاۋازى ئۆيلەر ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ كېچە ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى . شۇنداقتىمۇ يىگىت تېخىچە سەزگۈرلۈك بىلەن كۈزەتمەكتە ئىدى . تۈلكە جان تالىشىپ توختىماي تىپىرلايتتى . يىگىت ئۇنىڭ سونايلىنىپ ياتقاندىكى ئاق پوكانلىرىغىچە ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم ھالدا يېقىنلاپ كەلدى .

ھەممە ياق پات – پاراق بولۇپ كەتكەنىدى . ئۈركىگەن توخۇلار پالاقلاپ قېقىناقلايتتى ، غازلار غاقىلدايتتى ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قولۇن ئەسەبىيلەرچە چاپچىيتتى . بىراق ، تۈلكە سونايلىنىپ ياتقان يېرىدە جان تالىشىۋاتاتتى . يىگىت ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قارىۋىدى ، بۇرنىغا تۈلكىنىڭ بەدبۇي پۇرىقى ئۇرۇلدى .

بالىخانا دېرىزىسىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغىنى ، ئاندىن مارچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— كىم ؟

www.uyghurkitap.com

— مەن ، — دېدى ھېنرى ، — تۈلكىنى ئاتقانىدىم .

— ۋاي خۇدايىم ، بىزنى قورقۇتۇپ جېنىمىزنى ئالغىلى تاس قالدىڭىز غۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ ئالدىڭلاردا تولىمۇ خىجىلمەن .

— ئەجەب سىرتقا چىقىپ قاپسىز غۇ ؟

— تۈلكىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ چىققانىدىم .

— ئۇنىڭغا تەگكۈزەلىدىڭىزمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇ مانا ، — يىگىت جېنى چىقىپ بولغان بولسىمۇ تېخى تېنى سوۋۇمىغان ئۆلۈك مەخلۇقنى ئېگىز كۆتۈردى ، — كۆردىڭىزمۇ ؟ تۇرۇپ تۇرۇڭ ، ھە !

ئۇ يانچۇقىدىن قولچىراغنى چىقىرىپ ئۆلۈك تۈلكىنى يورۇتتى . يىگىت ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ ساڭگىلىتىپ تۇراتتى . مارچ كېچە قاراڭغۇسىدا تۈلكىنىڭ قىزغۇچ مويلىرى ، ئاقۇش تۆشى ، ئۇچلۇق تۇمشۇقى ئاستىدىكى ئاپئاق ۋە بىر قىسمىلا گىلىدىڭلاپ قالغان پۇتلىرىنى كۆرۈپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قالدى .

— بۇنىڭ تېرىسى بەك چىرايلىقكەن ، سىزگە ياقا قىلىپ بەرسەم بولغۇدەك ، — دېدى يىگىت .

— تۈلكە تېرىسىدىن قىلىنغان ياقا بىلەن خوشۇم يوق ، — دېدى مارچ .

— شۇنداقمۇ ، تېخى ! — يىگىت گېپىنى تۈگىتەر - تۈگەتمەيلا قولچىراغنى تىرىسىدە ئۆچۈرۈۋەتتى .

— ھوي ، ئەمدى كىرىپ ئۇخلاپ قالسىڭىز بولارمىكىن ! — دېدى مارچ .

— ئاز - تولا كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالساملا بولدى ، سائەت نەچچە بولغاندۇ ؟

— سائەت نەچچە بولدى ، جېيىر ؟ — دېدى مارچ ئۇنلۈك

قىلىپ . بۇ چاغدا ، سائەت بىر گە چارەك قالغانىدى .
شۇ كېچىسى مارچ يەنە چۈش كۆردى . ئۇ بەنفور قازا قىلىپ چۈشىگەنىدى . چۈشىدە مارچ هازا ئېچىپ تاشنى ئېرىتكۈدەك ھەسرەت بىلەن يىغلىغۇدەك . كېيىن بەنفورنىڭ جەسىتىنى گىروپقا سالماقچى بوپتۇ . گىروپ دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئاشخانا ئۆيىدىكى ئوچاقنىڭ قېشىغا كەسلەنگەن ئوتۇنلارنى سېلىش ئۈچۈن قويۇلغان قوپال ساندۇق ئىكەن . مارچ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ ۋە قايغۇرۇپتۇ . مارچ ئۇنى يۇمشاقراق ياتسۇن دەپ ، تېگىگە سالىدىغان ھەم قەدىرلىك دوستىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويىدىغان بىر نەرسىلەرنى ئىزلەشتۈرگۈدەك . ئۇنى مۇشۇ پېتى يەرلىككە قويۇشقا ، ئاق رەڭلىك نېپىز ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا سۇرلۇك ساندۇققا ياتقۇزۇپ قويۇشقا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ . ئۇ ئاختۇرۇپتۇ - ئاختۇرۇپتۇ . قولىغا چىققانلىكى نەرسە يا ئۇنداق ، يا مۇنداق بولۇپ ، كۆڭلىگە ياققۇدەك تۈزۈك بىر نەرسە تاپالماپتۇ . ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسىمۇ يەنە بىر هازا ئاختۇرغانىكەن ، ئاخىر قولىغا تۈلكە تېرىسى چىقىپ قاپتۇ . ئۇ بۇنىڭ ئۇنىڭغا لايىق كەلمەيدىغىنىنى ئويلاپ ئۇنى ئىشلەتمەسلىك خىيالىغا كەپتۇ . بىراق ، ھەر قانچە ئاختۇرۇپمۇ بۇنىڭدىن بۆلەك ياپقۇدەك نەرسە تاپالماپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى بىر نەچچە قاتلاپ ئۆز سۆيۈملۈكى جېيىرنىڭ بېشىغا قويۇپ ، ئاندىن تۈلكىنىڭ تېرىسىنى ئېچىپ مېيىتنىڭ ئۈستىگە يوپۇق ئورنىدا يېپىپ قويۇپتۇ . بۇ چاغدا ، تۈلكە تېرىسى بەئەينى ئوتقاشتەك قىزىل كارنۋات كىرلىكىگە ئوخشاپ قاپتۇ . مارچ ئېزىلىپ يىغلاۋېرىپتۇ . مارچ ئويغانغاندا قارىسا ، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقانىكەن .
ئۇ بەنفور بىلەن ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن قاق سەھەردە

تالاغا چىقىپلا ھېلىقى تۈلكىنى كۆردى . ھېنرى ئۇنى پۇتىدىن باغلاپ كەپىگە ئېسىپ قويغانىكەن . ئۇ ھاۋا تاپان ئېسىلغاچ قويرۇقى پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى . ئۇ تازا يېتىلىۋاتقان ئۇماققىنا ئەركەك تۈلكە ئىدى . پۈتكۈل تېنى قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدىن قوغدايدىغان قېلىن ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق مويلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، قىزغۇچ ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى ، قورساق قىسمى ئاق رەڭدە ئىدى . تولۇپ يوغىنىغان قۇيرۇقى قوڭۇر ، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى قاردەك ئاپئاق ئىدى .

— بىچارە جانىۋار ، — دېدى بەنفور ، — بىر نەرسە ئوغرىلايدىغان ئەسكى خۇيىنى دېمىسە ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ رەھمى كېلىدىكەن .

مارج لام - جىم دېمەستىن پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆرە تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان ، شەھلا كۆزلىرى ئېسىقلىق تۇرغان تۈلكىنىڭ ئۆلۈكىگە تىكىلگەنىدى . تۈلكىنىڭ قورسىقىدىكى مويلار يۇمشاق ۋە قاردەك ئاپئاق ئىدى . شۇنداق ، يۇمشاق ۋە قاردەك ئاپئاق . ئۇ تۈلكىنىڭ قورسىقىنى يېنىككىنە سىلاپ قويدى . تۈلكىنىڭ يالتىراپ تۇرغان قارامتۇل قۇيرۇقى توم بولۇپ ، بەكلا چىرايلىق ئىدى . ئۇ تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى سىلىدى ، تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى . ئۇ قويۇق ، ئۆسكىلەڭ تۈكلۈك بۇ قۇيرۇقنى سىلاپ - سىلاپ قويدى . ئۇ نەقەدەر كۆركەم - چىرايلىق ، تۈكلىرى قويۇق قۇيرۇق - ھە ! شۇغىنىسى ، ئۇنىڭدا جان يوق ! مارج ئاغزىنى دومسايتتى ، كۆزلىرى سىياھتەك قارىيىپ ، ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى . ئۇ تۈلكىنىڭ باشلىرىنى قۇچاقلىدى .

شۇ ئەسنادا ھېنرى بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېلىۋاتاتتى . بەنفور ئۇنى كۆرۈپ ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى . مارج تې-

خىچە تۈلكىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ تۈلكە-نىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقىغا ھەيران بولۇپ ئويلىنىپ قالغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ بۇنى بىر قوشۇق ياكى چاقلانغان پىچاقتەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇ مەخلۇققا لال بولاتتى. تۈلكە ئۇنىڭ بىلىش دائى-رىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان يوچۇن بىر مەخلۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆمۈشتەك چىرايلىق بۇرۇتلىرى بە-ئەينى ئىنچىكە كۆمۈش تارغا ئوخشايتتى. تىكلەشكەن قۇلاقلىر-نىڭ ئىچىنى يۇمران تۈكلەر قاپلىغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئۇزۇن، سوزۇنچاق قوشۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇچلۇق تۇمشۇقى نېمە-دېگەن قىزىق ـ ھە! كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئاق كەلگەن ئۆتكۈر چىشلىرىچۇ، تېخى! بۇ چىشلار بىر نەرسىلەرنى چىشلەش، ئۇۋلىغان نەرسىلەرنىڭ تېنىنى سۆڭەككىچە يەتكۈدەك، قان جىرت ـ جىرت ئېتىلىپ چىققۇدەك قاتتىق چىشلەش ئۈچۈنلا يارالغان.

— ئۇ بەك چىرايلىقمىكەن؟ — دېدى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھېنرى.

— ھە... ھەئە، بەك چىرايلىق تۈلكىكەن. ئويلاپ قال-دىم، قانچىلىك توخۇ ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كەتكەندۇ، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— ئاز ئەمەس جۇمۇ. ئۇ سىز يازدا كۆرگەن ھېلىقى تۈلكە شۇمۇ؟

— شۇدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇ قىزغا سەپسالدى، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تارتىنچاق-لىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەڭلا سوغۇق قانلىق، ئەمەلىيەتچان-لىق ۋە كەسكىنلىكمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ئاغزىدىن

چىقىۋاتقان گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى ئالامەتلەر ئانچە ئوخشاشمايدىغاندەك ھېس قىلدى.

— ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالماقچىمۇ سىز؟ — سورىدى قىز.

— شۇنداق، ناشتىدىن كېيىنلا سويىمەن، ئاندىن بىرەر پارچە تاختاي تېپىپ تېرىسىنى كېرىپ قويىمەن.

— ئاپلا، ئۇنىڭ پۇرىقى بەك يامانكەن ئەمەسمۇ! ھۆ-ھۆ! قولۇمنى پاك-پاكىز يۇيۇۋەتمىسەم چىقمايدىغان بولدى-دە! دۆتلۈكۈمنى قارىمامدىغان، ساراڭدەك ئۇنى تۇتۇپ يۈرگىنىمنى، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئوڭ قولىغا قاراپ قويدى. بۇ قولى بىلەن ئۇ تۈلكىنىڭ قورسىقىدىن باشلاپ تاكى قۇيرۇقىغىچە سىلاپ چىققان بولغاچقا قولىغا قان يۇقۇپ قالغانىدى.

— سىز تۈلكىنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالغان توخۇلارنىڭ قانچىلىك قورقۇپ كېتىدىغىنىنى بىلەمسىز؟ — دېدى يىگىت.

— بىلىمەن. ئۇلار يۈرىكى يېرىلغۇدەك قورقۇپ كېتىدۇ!

— ئۇنىڭ تېنىدىكى بۈرگىلەرگە تېگىپ كېتىشتىن پەخەس بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ھە، بۈرگە، — دېدى قىز پەرۋاسىزلا.

شۇ كۈنى قىز ھېلىقى تۈلكە تېرىسىنىڭ خۇددى كىرىستتا مىقلانغاندەك تاختايغا مىقلىنىپ كېرىپ-ئاشلاپ قويۇلغىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

يىگىت بەكلا رەنجىپ قالغانىدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ يۈرەتتى، ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك قاتتىق چىشلىۋالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ئاۋۋالقىدەكلا سىلىق-سىپايە ئىدى، قورسىقىدىكى گەپنى ھېچكىمگە تىنمايتتى، مارج بىلەن ئانچە كارىمۇ يوق ئىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇلار ئۈچىلىسى ئاشخانا ئۆيدە ئولتۇراتتى. بەنفور ئۆز مېھمانخانىسىغا يىگىتنى ئىككىنچىلەپ يېقىن يولاتمىغانىدى. ئوچاقتا يوغان، كېلەڭسىز بىر كۆتەك تۇتەپ كۆيۈۋاتاتتى. بەنفور خەت يېزىش بىلەن، مارچ ئايالچە چاپان تىكىش بىلەن، يىگىت بولسا ئالللقانداق بىر ئەسۋابنى رېمونت قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئۇلار بىر - بىرىگە باقمايتتى.

بەنفور شىرتىلدىتىپ بىر ئاز خەت يازا - يازمايلا تاققىدە توختاپ كۆزىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى. يىگىت بېشىنى ئىنچىكە تىقىپ ئۆز ئىشى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى.

— ھەي، ھېنرى، — دېدى بەنفور، — سىز قاچانىنىڭ پويىزىدا ماڭاي دەۋاتىسىز ؟

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا دادىل تىكىلدى.

— چۈشتىن بۇرۇنىنىڭ پويىزىدا، — دېدى ئۇ.

— نېمە؟ سەككىزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندىكىسىدىمۇ، ياكى ئون بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندىكىسىدە ؟

— ئون بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندىكىسىدە ماڭايمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ.

— ئۆگۈنلۈككە ماڭامسىز ؟ — سورىدى بەنفور.

— ھەئە، ئۆگۈنلۈككە.

— ۋاي - ۋۇي، — بەنفور بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى - دە، يەنە خەت يېزىشقا كىرىشتى. كېيىن ئۇ خەت سېلىنغان لىپاپىنىڭ ئېغىزىدىكى شىلىمنى تىلى بىلەن نەملەۋېتىپ :

— سورىسام بولامدۇ، كېيىنكى پىلانىڭىز قانداق ؟ — دەپ سورىدى.

— پىلان ؟ — دېدى يىگىت تەكرارلاپ . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزاردى ، زەردە گۆش بولۇۋاتقىنى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى .

— كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم سىز بىلەن نانىنىڭ ئىشى ، ئەگەر سىز بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقماقچى بولغان بولسىڭىزلا تويىنى قاچانراق قىلىشنى پىلانلاۋاتىسىلەر ؟ — مەسخىرىلىك ئاھاڭدا سورىدى ئۇ .

— ھە ، تويىنى دەڭ ! — دېدى يىگىت جاۋابەن ، — بىلمەيمەن .

— سىز زادى نېمىنى بىلىسىز ؟ — دېدى بەنفور ، — جۇمە كۈنى غىيىپىدە تىكىۋېتىپ ، بۇ ئىشنى يا ھارام ، يا ھالال قىلماي مۇشۇنداق ئېسىپ قويماقچىمۇ سىز ؟

— ھە ، ئۇنىڭ بولمايدىغان نەرى باركەن ؟ بىز خەت ئالاقە قىلىشىپ تۇرساق بولىۋېرىدۇ .

— دۇرۇس ، خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرساڭلار بولىۋېرىدۇ . بىراق ، بۇ ئىشنى ئۇقۇشۇپ بېقىشىم مۇنۇ قورۇق ئۈچۈن . ئەگەر چەندە ، نانىنى ئالىمادىس تويغا قويپىدىغان ئىش بولسا ، مەنمۇ ۋاقتىدا ئۆزۈمگە باشقا بىر ھەمراھ تاپمىسام بولمايدۇ .

— توي قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋەرسە بولامدۇ ؟ — دېدى يىگىت قانداق جاۋابقا ئېرىشىدىغىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولسىمۇ .

— ھۇي ، — دېدى بەنفور ، — بۇ دېگەنچۇ ، ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئەر - خوتۇنلار تۇرىدىغان جاي ئەمەس . بىرىنچىدىن ، بۇ يەردە ئىش ئاز ، بىرەر ئەر كىشى قىلغۇدەك ئىش يوق ؛ ئىككىنچىدىن ، بۇ يەردە ھېچقانچە پۇل تاپقىلى بولمايدۇ . ئەگەر ، توي قىلىپ بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالىمەن ، دەپ ئويلى-

غان بولسڭىز ، چۈچۈرنى خام ساناپسىز . ئەزىبرايى ، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ !

ــ بوپتۇ ئەمسە ، بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭمۇ تۇرغۇم يوق ، ــ دېدى يىگىت .

ــ ھىم ، بۇنىسىنى بەكمۇ بىلگۈم بار ، ئۇنداق بولسا ناننى قانداق قىلىدۇ ؟ شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ بۇ يەردە مەن بىلەن قانچە ئۇزاق تۇرالايدۇ ؟

بۇ ئىككى رەقىب بىر ـ بىرىگە قادىلىشتى .

ــ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن .

ــ ئوھوش ، ئۆتۈپ بېرىڭا ، ــ ئۇنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ ۋارقىراپ تاشلىدى ، ــ بىر قىزغا توي تەكلىپى قويغان-دىكىن كۆڭلىڭىزدە سان باردۇ ؟ ئۇنداق بولمىسا ، ھەممىسى قىپ-قىزىل ئالدامچىلىق بولىدۇ ـ دە .

ــ قانداقمۇ ئالدامچىلىق بولسۇن ؟ مەن كاناداغا قايتىدى-غان تۇرسام .

ــ ئۇنداقتا سىز ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەم-سىز ؟

ــ ئەلۋەتتە .

ــ بۇنى ئاڭلىدىڭمۇ ، نانسى ؟ ــ دېدى بەنفور .

بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان مارچ بې-شىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزارغان ، كۆزلىرى ۋە پۈرۈشتۈرۈۋالغان ئاغزىدىن بىر قىسمىلا سوغۇق تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى .

ــ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كاناداغا بارىدىغاننى ئاڭلىشىمغۇ بۇ ، ــ دېدى مارچ .

ــ شۇنداق ، سىز ھامان بىر كۈنى ئۇ خەۋەرنى ئاڭلايت-

تىڭىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ — دېدى يىگىت .

— شۇنداق بولماي ئەمسە ، — دېدى ئۇ بىئەنسىز هالدا . ئۇ يەنە بېشىنى سىلىپ ئۆزىنىڭ يىگىنە ئىشىغا كىرىشتى .

— كاناداغا بەك بارغۇڭ بار ـ هە ، نانىنى ؟ — سورىدى بەنفور .

مارچ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ لاپپىدە قاراپ قويدى ، ئۇ لاسىدە بوشاپ ، يىگىنە تۇتقان قولىمۇ تىزىغا سېرىلىپ چۈشتى .

— قانداق شەكىلدە بېرىشىمىغا قارايدىغان گەپ ، — دېدى ئۇ ، — مەن ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىدەك ئۇنداق پاراخوتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ بېرىشنى ئەسلا خالىماي- مەن . ئۇنىڭغا بەلكىم مەن مەڭگۈ كۆنمەسمەن .

يىگىت نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى .

— بۇ گەپچە ، سىز ۋاقتىنچە بۇ يەردە قېپقېلىپ مېنى ئاۋۋال ماڭدۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋېتىپسىز ـ دە ! — دېدى يىگىت .

— ئەگەر باشقا ئامال بولمىسا بۇ يەردە قېپقالىمەن ، — دېدى مارچ جاۋابەن .

— بۇ ئەڭ ئاقىلانە چارە بولىدى . هەممە ئىشنى ئۇنداق ئالدىنئالا ئۆلۈك بېكىتىۋالماڭلار ، — دېدى بەنفور ، — ئۇ ئاۋۋال قايتىپ بېرىپ سەن تۇرغۇدەك جاينىڭ ئېپىنى قىلغان تەقدىردى- مۇ ، ئۇ يەرگە زادى بېرىش ـ بارماسلىقنى ئۆزۈڭ بەلگىلە ، ئۇ- نىڭدىن باشقا خىياللارنىڭ هەممىسى قۇرۇق گەپ .

— مەن بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال تويىمىزنى قىلىۋال- ساق قانداق ؟ — دېدى يىگىت ، — ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ يا بىللە كېتەرمىز ، يا ئايرىم ـ ئايرىم ماڭارمىز ، بولامدۇ ؟

— بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان چارىكەن ، — دېدى بەنفور ئۇنلۇك قىلىپ . بىراق ، يىگىت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن مارچقا

يەۋەتكۈدەك قاراپ تۇرىۋەردى .

— سىز قانداق ئۇيلاۋاتىسىز ؟ — سورىدى يىگىت ئۇ-نىڭدىن .

قىز هاڭۋاققىنىچە بوشلۇققا تىكىلىپلا قالغانىدى .

— هەي ، مەنمۇ ئۇقمايۋاتىمەن ، — دېدى مارچ ، — مەن يەنىلا ياخشىراق ئويلىشىپ كۆرسەم بولغۇدەك .

— نېمىشقا ئەمدى ؟ — سورىدى يىگىت قەتئىيلىك بى-لەن .

— نېمىشقا ئەمدى ؟ — ئۇ مەسخىرىلىك ئاهاڭدا يىگىت-نىڭ سوئالىنى تەكرارلىدى ۋە ئۇنىڭغاقاراپ ھىجىيىپ قويدى ، ئەمما يۈزلىرى يەنە ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ، — مېنىڭچە ، نې-مىشقىلىقىنىڭ ۋەج ـ سەۋەبلىرى ئاز ئەمەسقۇ دەيمەن .

يىگىت دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا ئۇنىڭغا قارىدى . مارچ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەندەك ، بەنفور بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى . مارچنىڭ چىرايىدا يەنە بىر قىسملا سوغۇق كۈلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولدى . ئۇ يىگىتنىڭ هەربىر ئېغىز گېپى ۋە هايات ئاڭا بەخش ئەتكەن هەربىر ياخشى پۇرسەتنى ئۆردەككە سۇ يۇقۇشمىغاندەك قېتىغىمۇ ئالماي ، تەرسالىق بىلەن مەسخىرە قىلغىنى قىلغانىدى .

— ئەلۋەتتە ، ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشنى سىزگە مەجبۇرلى-يالمايمەن ، — دېدى يىگىت .

— هىم ، ئۇنداق قىلىشقىمۇ هەددىڭىز ئەمەس ، — دېدى بەنفور زەهىرىنى سانجىپ .

ئۇخلايدىغان چاغدا بەنفور مىسكىنلىك بىلەن مارچقا :

— نانىنى گىرىلكىنى بالىخانىغا سەن ئاچىق ، بولامدۇ ؟ — دېدى .

ــ ماقۇل ، مەن ئاچقاي ، ــ دېدى مارچ خالار ــ خالىـ
ماس ئەلپازدا . ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ مىجەزى تۇراقسىز ئەمما بۇ
يۇملاق ئادىمى جېبىرغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى . ئىككى قېتىم
بالىخانىغا چىقىپ كېتىشتى ، سەلدىن كېيىن مارچ پەلەمپەيىنىڭ
يۇقىرىسىدىن پەسكە قاراپ توۋلىدى :

ــ ھېنرى ، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن . بۈگۈن
ئاخشام يېنىڭىزغا چۈشەلمەيدىغان بولدۇم . چىراغ بىلەن ئۇچاق-
نىڭ ئوتىغا قاراپ قويارسىز ـ ھە !

ئىككىنچى كۈنى ، بالىلارچە چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپ-
لىغان ھېنرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ
يۈردى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويغا چۆمدى . ئەسلىدە ئۇ
مارچنى ، مەن بىلەن توي قىلىدۇ ۋە كاناداغا بىللە كېتىدۇ ، دەپ
ئويلىغان ۋە بۇنىڭغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشەنگەنىدى . ئۇنىڭ
قانداقلارچە بۇ قىزنى ئالغۇسى كېلىپ قالدى ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .
ئەمما ، يۈرىكىگە قولىنى سېلىپ باققاندا ، ئۇنى شۇنداق ئالغۇسى
كېلەتتى . ئۇ بۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يەتمەي قويمايمەن ، دېگەن نى-
يەتكە كەلگەنىدى . بىراق ، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن تامغا ئۇسۇۋې-
لىۋېدى ، ئىش كۆرمىگەن سويمىدەك ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى .
توغرا ، ئۇ تامغا ئۇسۇۋالدى ! ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ نېمە
قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىگە ھاي بېرىشنى
بىلەتتى . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ ، ئەھۋالدا ئۆزگى-
رىش بولمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. كىم بىلىدۇ ، مارچ ھۇشىنى تې-
پىپ ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتامدۇ ـ تېخى ! ئۇ چوقۇم شۇنداق
قىلىدۇ . ئۇ بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى .

كەچكە يېقىن ئەھۋال تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى . يې-
گىت بىلەن بەنفور ئەتىگەندىن تارتىپ تاكى چۈش بولاي

دىگوٚچە بىر ــ بىردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپلا يۈرۈشتى . بەنفور سائەت ئون بىردىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتكەندە قوزغىلىدىغان نۆۋەتچى پويىز بىلەن يىزا بازىرىغا يۈرۈپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ بازار كۆنى ئىدى . ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتكەندە يەنە پويىز بىلەن قايتىپ كەلدى . قاش قارىيىشقا باشلىغاندا ھېنرى بەنفورنىڭ قارىسىنى كۆردى . ئۇ ۋىجىك گەۋدىسىگە قېنىق كۆك رەڭدە چاپان ، بېشىغىمۇ قېنىق كۆك رەڭدە كىچىك گىرۋەكلىك يۇملاق شىلەپە كىيىۋالغان بولۇپ ، ۋوگزالغا تۇتاشقان چىملىقنى ئارىلاپ كېلىۋاتاتتى . يىگىت شۇ تاپتا بىر تۈپ ئامۇت دەرىخى تۈۋىدە تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ساپسېرىق خازانلار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى . يىگىت كىچىككىنە ، كۆپكۆك گەۋدىنىڭ قەھرىتان قىش خازان قىلىپ قۇرۇتىۋەتكەن ، ئوڭغۇل ــ دوڭغۇل چىملىقنى جاھىللىق بىلەن ئارقىدا قالدۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى . قىز ئاللىقانداق بولاق ــ بولاق نەرسىلەرنى قۇچاقلىغانچە يەڭگىل چامدايتتى ، ئۇنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى ، يىگىت ئۇنىڭ مانا شۇ تەرىپىگە ئۆچ ئىدى . ئۇ ئامۇتنىڭ شاخلىرىنى دالدا قىلىپ قىزنىڭ ھەربىر قەدىمىگە زەن قويۇپ قارىدى . ناۋادا ، بۇنداق قاراشلار قىزغا ئاز ــ تولا تەسىر قىلماي قالمايدۇ دېيىلسە ، ئۇنداقتا ئۇ ئالغا قاراپ كېلىۋاتقاندا ماگدامدا بىر دېگۈدەك ئوشۇقلىرىغىچە تۆمۈر ــ تەسەك ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىر ھېس قىلغىنى بولسا كېرەك . « تازىمۇ قەبىھ نېمىكەنسەن ، ــــ يىگىت قىزدىن يىراق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك پىچىرلايتتى ، ــــ شۇنداق ، تازىمۇ قەبىھ نېمىكەنسەن ، سەن ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدىڭ ، جاجاڭنى يېگەيسەن ، ئىلاھىم .

چوقۇم جاجاڭنى يەيسەن، كىشىنى بىزار قىلىدىغان پىشتەك ».

قىز بۇ تۆپىلىككە ناھايىتى تەسلىكتە يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئالىمادىس شارتتىدە تېيىلىپ « تۇۋى يوق ھاك » غا چۈشۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، يىگىت ھەرگىز بىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى بولاقلارنى ئالمايتتى. ئۇھوي، مارچمۇ پەيدا بولدىغۇ. ئۇ ئۇچىسىغا چىپپىدە كەلگەن كالتە چاپان، گەلەپى شىم كىيىۋالغان بولۇپ، گويا داغدام يولدا ماڭغاندەك تۆپىلىككە بىمالال چىقىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ جۇغى كىچىك بەنفورنىڭ ئالدىغا بىرىش ئۈچۈن ئات كۆكسى تۆپىلىكتىن ئۇچقاندەك چۈشتى. بۇ ئىشقا ئىچى سىقىلغان يىگىت ئۇنىڭغا يىراقتا تۇرۇپ ھومىيىپ قارايتتى. ئەنە، مارچ كىچىكرەك بىر ئېرىقتىن لىككىدە ئاتلاپ ئۆتتى ـ دە، خۇددى ئۆي ـ ۋاقىغا ئوت كەتكەندەك پالاقلاپ يۈگۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەر بېغىرلاپ ئاستا ئىلگىرىلەۋاتقان بەنفورنىڭ قېشىغا قاراپ چاپقانىدى. شۇ ئەسنادا بەنفور چىپپىدە توختاپ، ئۇنى ساقلاپ تۇردى. مارچ شاپاشلىغىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، بىر دەستە جۇخۋا گۈلىدىن باشقا بولاق ـ بولاق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. بەنفورنىڭ قولىدا بار ـ يوقى ئاشۇ بىر دەستە گۈل — سىرىق جۇخۋا گۈلىلا قالغانىدى.

« ۋاھ، ئۆزۈڭچە يارىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يىگىت گۇگۇمغا باققىنىچە شۇۋىرلاپ، — سەن بىر دەستە گۈلنى كۆكسۈڭگە بېسىپ لاغايلاپ يۈرسەڭ ياراشقۇدەك. دەرۋەقە، ياراشقۇدەك. ئەگەر، سەن گۈلگە تويماي باغرىڭغا شۇنداق چىڭگىدە تېڭىۋالىدىغان ئىشلىڭ بولسا، مانا مەن ئۆزۈم ئۇنى ساڭا چاي قىلىپ ئىچكۈزىمەن، يەنە تېخى تاماق قىلىپ يېگۈزىمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ساڭا گۈلنى يېگۈزىمەن. باشقىسىنى

ئەمەس ، پەقەت گۈلنىلا » .

ئۇ كېلىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى . ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئاڭلاندى . مارچىنىڭ گېپى تۈز ، يېقىملىق بولسىمۇ ئاز - تولا تاپا - تەنە ئارىلاشقانىدى . بەنفور بولسا ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇيتتى . ئۇلار قارىماققا تولىمۇ دوستانە كۆرۈنەتتى . يىگىت ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى ھېچبىر ئاڭقىرالمىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چىتلاق تۈۋىگە كەلگەندىلا ئاندىن گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىيالىدى . ئۇلار چىتلاقتىن ئارتىلىپ ئۆتمەي بولمايتتى . ئۇ مارچىنىڭ قولتۇقلىرىغا بولاقلار قىستۇرۇقلۇق پېتى چىتلاقتىن لىككىدە ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردى .

— بولاقلارنى نېمىشقا ماڭا بېرىپ تۇرمايسەن ، — دېدى بەنفور ئاغرىنىش ئارىلاش بىر قىسما قىلىپ بوغۇق ئاۋازدا . ئارقىدىنلا مارچىنىڭ گەپلىرى ئاڭلاندى :

— مەن خېلى كۆتۈرۈشلۈك ، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى كۆتۈرۈپ ئۆتەلىسەڭ چوڭ گەپ .

— گېپىڭ قالتىسقۇ سېنىڭ ، — دېدى بەنفور ئۇنىڭ گېپىدىن نارازى بولۇپ ، — مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن دېگىنىڭ نېمىسى . مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي ، سەن بىلەن ئازراقلا كارىم بولمىغىدى ئازار يېدىڭ .

— كىم دەيدۇ ، مەن قاچان ئازار يەپتىمەن ؟ — دېدى مارچ .

— ئەزەلدىنلا شۇنداقسەن ، ھەممە ئىشتا ئازار يېدىم ، دەپ يۈرىسەن . ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ قورۇقتا تۇرۇۋېرىشىگە قوشۇلمىغىدىم ، تېخىمۇ ئازار يېگەندەك ھېس قىلىۋاتىسەن ، ھەقچان .

— خۇدا ھەققى ، ئازار يەيدىغان ئىش بولمىدى ، — دېدى

مارچ .

— ئۆزۈڭنى ئازار يېگەندەك ھېس قىلىۋاتقىنىڭ ماڭا ئايان . ئۇ بۇ يەردىن كەتكەن زاماتلا دەردىڭنى ئېچىڭگە سىلاپ ئېچىلماي يۈرسەن . ئۇبدان بىلىمەن سېنى .

— شۇنداقمۇ قىلارمەنمۇ ؟ — دېدى مارچ ، — كۆرەرسەن ، قېنى .

— شۇنداق ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز ، تېخى ! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشۈرۈپ يۈرگىنىڭگە زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ ، پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ .

— ئۆزۈمنى چۈشۈرگىنىم يوققۇ ، — دېدى مارچ .

— ئۇنداق بولسا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالغان ئوخشايمەن ! ئاشۇنداق سويىما نە - نەلەردىن كېلىپ سېنى ئانىي تاپسا ، ھەتتا ساراڭ تاپسا بولاتتى ئەمسە . ھېچ بىلمىدىم ، ئۆزۈڭنى نېمە چاغلايسەنكىن - تاڭ . ئۇ ئېشىكىنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنمۇ سېنى يەنە شۇنداق ئىززەتلەيدۇ ، دەپ ئويلامسەن ؟ ۋايىيەي ، سەنچۇ ئەگەر ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان بولساڭ ، ھەرگىز سېنىڭ ئىزىڭغا دەسسەشنى خالىمايمەن .

— ئەلۋەتتە خالىمايسەن - دە ! مېنىڭ ئۆتۈكۈم ساڭا بەكلا چوڭ كېلىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسكەتسىز . مارچنىڭ تەنىسى گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتكەندى .

— مەن تېخى سېنى خىلى ئوقۇرى ئېگىز دەپ يۈرۈپتىمەن . راست دەيمەن ، قىز بالا دېگەن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى كېرەك ، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك يىگىتلەر ئالدىدا . ھەي ، داپ يۈز بىر نېمىكەن ، بۇ ئۇنىڭ باشتىلا بىزنىڭ بۇ يەرگە بېسىپ كىرگىنىدىن چىقىپ تۇرمامدۇ .

— ئۇنى ئىككىمىز ئېلىپ قالدۇققۇ ، — دېدى مارچ .

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەڭلىكى، ئۆكتەملىكىنى كۆرمەمسەن. ۋايجانەي، ئۇ مېنى ئەجەب زەردىگۆش قىلىۋەتتىغۇ. ئۇنىڭ ساڭا شۇنداق پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىشىغا چىداپ تۇرغىنىڭغا ھەيرانمەن.

— كىم ئۇنىڭ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىشىغا چىداپ تۇرۇپتۇ، — دېدى مارچ، — ئارتۇق غەم يېمە. ماڭا ھېچكىم پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلالمايدۇ، ھەتتا سەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، — ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق - سىپايە بولسىمۇ مەنسىتمەسلىك ھەم ئاز - تولا خاپىلىق ئالامەتلىرى ئارىلاشقانىدى.

— بەللى، ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى، — دېدى بەنفور زەردە بىلەن، — ھامىنى شۇنداق بولۇشىنى بىلگەنمەن. كېسىپ ئېيتىمەنكى، مەن كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىمەن، شۇڭا سەن شۇنداق قىلىۋاتىسەن.

ئەمدى ئۇلار يۇمران ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ئېگىز ھەم تىك يانباغىرىغا ئۆندىمەستىن چىقىپ كەلدى - دە، قويۇق قارىغايلارنى ئارىلاپ چوققىدىن ئاشتى. يىگىت چاۋا - چاتقاللاردىن ياسالغان چىتلاقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۇلاردىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ سۇڭدىشىپ باراتتى. ئۇ دەرەختەك يوغىناپ كەتكەن چاتقاللارنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ھېلىقى ئىككىسىنىڭ تۆپىلىككە يامىشىۋاتقان قارىسىنى پات - پات چېلىقتۇرۇپ قالاتتى. ئۇ يان باغرىدىن ئەڭ ئۈستىگە چىققاندا سۇس گۇگۇم قوينىدىكى ھويلا - ئاراملار خىرە - شىرە كۆرۈندى. ئەنە، يوغان بىر تۈپ ئامۇت باغجانلاپ - شاخلاپ ھويلىنىڭ بىر تېمىنى چۈمكىگەن، ئاشخانا ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىككىنە دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان چىراغنىڭ ساغۇچ شولىسى پىلىلداپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىشىك تا-

قىغىنىنىڭ تاراققىدە ئېچىلغىنىنى ئاڭلىدى ، ئاندىن ئۇلار ئىشىكتىن كىرگۈچە ئارىلىقتا ئۆيدىن سىرتقا لاپپىدە چۈشكەن يورۇقنى كۆردى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

بەللى ، ئۇلارنىڭ يىگىتكە بولغان كۆز قارىشى مۇشۇنداق ئىكەن ـ دە ! ئۇنىڭ ئوغرىلىقچە گەپ ئاڭلىۋالىدىغان خۇيى بولغاچقا ، ئۆزى توغرىلىق قىلىنغان گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ، نورمال ئىشتەك تۇيۇلدى . باشقىلار ئارقىسىدىن قىلغان سۆز ـ چۆچەكلەر ئۇنىڭ يېنىغىمۇ كېلىپ قويمىدى . ئۇنىڭغا بۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىسى غەلىتە تۇيۇلدى . بەنفورغا بولغان ئۆچلۈكى چېكىگە يەتتى ھەمدە مارچقا بولغان شەيدالىقى ھەسسىلەپ ئاشتى . ئۇ مارچقا باغلىنىپ قالغىنىنى يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ھېس قىلدى . ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىقانداق بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋەت ، بىر خىل سىرلىق رىشتە بارلىقىنى ، بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئادەمنى سىرتىدا قالدۇرۇپ پەقەت ئىككىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغىنىنى ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزدى .

ئۇ مارچنىڭ ئۆز تەكلىپىگە يەنە بىر قېتىم جاۋاب بېرىدىشىگە ئىشەندى . ئۇنىڭ قانلىرى ئۇرغىدى ، ئۇ قىزنىڭ ماقۇل بولۇپ ئۆزى بىلەن تېزراق ، بولسا روژدېستۋو بايرىمىدىلا توي قىلىۋېلىشىنى ئارزۇلايتتى ، روژدېستۋو بايرىمىغا ئاز قالغانىدى . نېمە بولسا بولسۇن ، ئۇ تېز ھۇجۇم قىلىپ تېز نۇسرەت قازىنىشنى ، ئۇنىڭ بىلەن شاق ـ شۇقلا توي قىلىپ پاتراق بىر ياستۇققا باش قويۇشنى ئىستەيتتى . كېيىنكى ئىشلارنى ئاندىن ئويلاشسىمۇ بولۇۋېرەتتى . ئۇ ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيتتى . ئۇ بۈگۈن ئاخشام بەنفور بالىخانىغا چىقىپ كەتكەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن مارچنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قېلىپ بىردەم بىرگە بولۇشىنى خالايتتى. ئۇنىڭ پىل چىشىدەك ئاپئاق، يۇمران، سىپتا مەگزىـ نى، يوچۇن، تەئەججۇپ قاپلىغان يۈزلىرىنى قانماي سىلاشنى ئىستەيتتى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى ھودۇقۇش ئالامەتلىرىگە يېقىن تۇرۇپ قاراشنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئالمىدەك كۆكسىلىرىنى سىلاپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ شۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرـ گىنىدە، يۈرىكى گويا كۆكرەك قەپىسىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىـ قىپ كېتىدىغاندەك دۈكۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ شۇنداق قىـ لىشنى بەكمۇ خالايتتى. بۇ قىز ھەمىشە قوڭۇر كاناپ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى گېلىغىچە چىڭگىدە ئېتىۋالاتتى. يىگىتكە ئۇ يۇمشاق كۆكسىنى ئاشۇ ئىش كىيىمى ئاستىغا مەھكەم يوشۇرۇۋالمىسا بولـ مايدىغاندەك، بۇ خۇددى ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا، بىلدۈرۈشكە بولمايدىغان خەتەرلىك مەخپىيەتتەكلا بىلىندى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ كىيىملىرى ئىچىدىكى كۆكسىنىڭ بەنفورنىڭ سىلىققىنە كوپتىسى ياكى نېپىز غىنا كۆڭلىكى ئىچىدىكى كۆكسىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇمشاق، تېخىمۇ يۇمران، تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيتتى: «ھېـ لىقى بەنفور دېگەننىڭ كۆكسى چوقۇم چۆيۈن توپقىلا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزى نازۇك، ئاجىز، قىزىق قان بولغىنى بىلەن كۆكسى چۆـ يۈندەك قاتتىق. ئەكسىنچە مارچ قوپال، تار كەلگەن ئىش كىيىمى كىيىپ يۈرسىمۇ، چاپىنى تېگىگە قاشتېشىدەك سۈزۈك، يۇمشاق بىر جۈپ كۆكسى، ئەزەلدىن ھېچكىمگە كۆرسىتىپ باقمىغان بىر جۈپ ئاپئاق كۆكسى يوشۇرۇنغان». ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا، تومۇر ـ تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنىڭ ئۆركەشـ لەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى.

ئۇ چاي ئىچكىلى بارغىنىدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا يولۇقۇپ

چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئادىتى بويىچە بېشىنى سىلىپ ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزارغان ، تو-لىمۇ روھلۇق ئىدى ، زەڭگەر كۆزلىرىدە نۇر چاقنايتتى . ئۇ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىشىك ئالدىدا بىر پەس توختاپ ، ئۆي ئىچىگە ئۆتكۈر نەزەر بىلەن بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىنلا ئۆيگە كىردى . ئۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەڭلىك چاپان كىيگەنىدى . ئۇ بايام ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئاشۇ بىر سىكۇنتتەك ۋاقىتتىلا ئىككى قىزنىڭ ئۇستەل ئالدىدا روبىرو ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى . ئۇنى بەكلا ھەيران قالدۇرغىنى ، مارچىنىڭ سۇس يېشىلرەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغىنى بولدى . ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . مارچىقا بىر كېچىدىلا شاپ بۇرۇت چىقىپ قالغان ھالەتتىمۇ ھېنرى بۇنچىلىك ھەيران قالمىغان بولاتتى .

— نېمە بوپ كەتتى ، سىزمۇ كۆڭلەك كىيىۋاپسىزغۇ ، — سورىدى ئۇ.

مارچ بېشىنى كۆتۈردى ، خىجىللىقتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى ، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ :

— مەن ئەلۋەتتە كۆڭلەك كىيىمەن - دە ، ئېيتىڭا قېنى ، مەن كۆڭلەك كىيمەي نېمە كىيسەم بولاتتى ؟ — دەپ سورىدى .

— قورۇقتىكى ئايال ئىشلەمچىگە ئوخشاش ئىش كىيىمى كىيىسىز - دە ! — دېدى ھېنرى جاۋابەن .

— ئوھو ، ئۇنداق كىيىملەرنى پاسكىنا ئىشلارنى قىلغاندىلا كىيىدىغان گەپ ، — دېدى مارچ سوغۇق قىلىپ .

— بۇ گەپچە سىز ئىش كىيىمىنى ئادەتتىكى چاغلاردا كىيمەيدىكەنسىز - دە ! — دەپ سورىدى يىگىت .

— شۇنداق ، مەن ئۆيدە ئىش كىيىمى كىيمەيمەن ، — دېدى مارچ جاۋابەن .

شۇنداقتىمۇ مارج ھېنرىنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇۋاتقىنىدا ئۇنىڭ يۈزىدىن قىزىللىق كەتمىگەنىدى . ئۇستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يىگىت كۆزلىرىنى مارجتىن ئۈزمەيتتى . مارجنىڭ كۆڭلىكى سۇس يېشىل گىرىپتىشىندىن تىكىلگەن بولۇپ ، پاسونى تولىمۇ ئاددىي ، ياقا ۋە يەڭلىرىگە زەر يىپتىن جىيەك تۇتۇلغانىدى . كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرى مارجنىڭ جەينەكلىرىنى ئاران ياپقان بولۇپ ، يۇمىلاق ئويما ياقىسىدىن قىزنىڭ ئاپئاق يۇمران بويىنى چىقىپ تۇراتتى . ھېنرىغا مارجنىڭ تولغان بىجىرىم قوللىرى تولىمۇ تونۇش ئىدى ، چۈنكى مارج ھەمىشە يەڭلىرىنى تۈرۈۋالاتتى . شۇنداقتىمۇ ھېنرى شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسېلىۋاتاتتى .

شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا بەنفور گەپكە قوشۇلماي جىمجىت ئولتۇرغىنىچە ، ۋېلكا بىلەن ئالدىدىكى تەخسىدىكى ساردىن بېلىقىنى پىرقىرىتاتتى . يىگىت بەنفورنىڭ بۇ يەردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، ھەتتا ئىچىۋاتقان چېيىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئۇ پەقەت مارجقىلا تىكىلگىنىچە بولكا ۋە سۇئىي سىرىق مايىنى قوۋزىنى تولدۇرۇپ چاينايتتى .

— پاھ ، مەن ئەزەلدىن بىرەر نەرسىنىڭ ئادەمنى بۇنچىلىك ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ! — يىگىت تاماق يېگەچ غۇدۇرىدى .

— ئاھ ، خۇدا ! مەن ھالرەڭ مايمۇنغىلا ئوخشاپ قالدىمغۇ ! — مارجنىڭ مەڭزىلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى .

مارج ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چەينەكنى ئوچاقتىكى چۆگۈننىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى . مارج ئوچاق ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋىدى ، كۆڭلىكى ئۇنىڭ بەدىنىگە تېخىمۇ چىپپىدە كەلدى . يىگىتنىڭ كۆزلىرى بۇنىڭدىن ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى .

مارچنىڭ قىزلارغا خاس جازىبىلىك قامىتى نېپىز گىرىپتىشىن كۆڭلەك ئىچىدە تىبىخمۇ ئەۋرىشىم ۋە زىبا كۆرۈنەتتى. مارچ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا، يىگىت ئۇنىڭ قىسقا مودا كۆڭلىكى ئىتگىدىكى ساغرىلىرىنىڭ نەپىس قىمىرلاشلىرىغا قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۇ پۇتىغا قارا يىپەك پايپاق ۋە ئالتۇنرەڭ بوغقۇچلۇق يارىشىملىق تۇفلىي كىيگەنىدى.

ئۇنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپتۇ. ئىلگىرى مارچ كەڭ، تىز قىسمى قاتار تۈگمىلىك، قوپال رەختتىن تىكىلگەن، ساۋۇتتەك قاتتىق گەلەپى شىم كىيىپ، پاقالچاقلىرىغا بىغىررەڭ گۆجەي ئوراپ، پۇتىغا كالامپاي ئۆتۈك كىيىۋالاتتى. ھىنرى مارچنىڭمۇ ئاياللارغا خاس ساغرا ۋە پاقالچىقىنىڭ بارلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇنى ئۇ ئەمدىلا بايقاۋاتاتتى. مارچنىڭ نازۇك پاچاقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بۇنىڭغا قاراپ ھىنرىنىڭ يۈزى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ھىنرى تۇمشۇقىنى ئىستاكانغا تىققىنىچە غورتۇلدىتىپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ چاي ئىچكەندە چىقارغان يېقىمسىز ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتى يېرىلغۇدەك ئاچچىقى كەلگەن بەنفور جايىدا ئولتۇرالماي ھەدەپ قىمىرلايتتى. ھىنرى بىردىنلا ئۆزىنىڭ گودەك بالا ئەمەس، بەلكى چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى، ۋۇجۇدىدا ئەرلەرگە خاس جىددىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ بىر تىمتاسلىق ۋە سۈكۈنات ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىغىر — بېسىق ئەر كەكتەك، ئۆز ۋۇجۇدىدىمۇ باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئورتاق مەجبۇرىيەت

تۇيغۇسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

مارچ كۆكلەك كىيسە ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىدۇ- ۋەتكۇدەك چىرايلىقلىشىپ كېتىدىكەن. بۇ خىيال مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئەرلىك مەجبۇرىيىتىگە ئوخشاش ھېنرىنىڭ قەلب چوڭقۇرىغا مەھكەم ئورنىشىپ بىر خىل روھىي بېسىم پەيدا قىلغانىدى.

— سادىغاڭ كېتەي، بىرەرىمىز بولسىمۇ گەپ قىلغاچ ئولتۇرايلىچۇ، ھازا ئاچقاندەك تۇرغۇچە، — دېدى بەنفور كەيپى ئۇچقان ھالدا. يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. بەنفور بۇ يىگىتنىڭ چىرايىغا قارىسىلا بىئارام بولاتتى.

— ھازا ئاچقاندەك دەمسەن! — مارچ ھىجايدى، — مېنىڭ شېرىن خىيالىمنى بۇزۇۋەتتىڭ.

مارچ بىردىنلا ئوتتۇن سالىدىغان ياغاچ ساندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقان بەنفورنىڭ مېيىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— نېمە؟ سەن تويىنى خىيال قىلىۋاتقانمىدىڭ؟ — سورىدى بەنفور مەسخىرە قىلىپ.

— شۇنداق، — دېدى مارچ.

— كىمنىڭ تويىنى؟ — سورىدى يىگىت.

— بىلمەيمەن، — دېدى مارچ جاۋابەن.

مارچنىڭ كۆكلەك كىيىۋالغان چاغدىكى يۈرۈش - تۇرۇشى ئىش كىيىمى كىيگەن چاغدىكىدىن خېلىلا سىپتا كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بىرئاز قورۇنۇش چىقىپ تۇراتتى، ھەرىكەتلىرى تازا دېگەندەك قولاشمايۋاتاتتى. مارچ ئۆزىنى گويا قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغاندەك سېزەتتى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنى بىرئاز قاملاشمايۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ھېنرىنىڭ ئەتە ماڭىدىغانلىقى ۋەجىدىن ئۇلار تاغدىن -

باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى ، بەزى ئۇششاق ــ چۈششەك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولدى . ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇز كۆڭلىگە نېمە پۈككەنلىكى خۇسۇسىدا بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى . بۇ ئاخشام خېلىلا دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى . بەنفور ئۇشۇق ــ تۆ-شۈك گەپمۇ قىلمىدى . ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى تىنچ ئىدى .

كەچ سائەت توققۇزلاردا ، مارچ ئادەت بويىچە كەچلىك چاي بىلەن بەنفور بىر ئامال قىلىپ تېپىپ كەلگەن سوغۇق گۆشنى پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىردى . بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخ كەچلىك تاماق بولغاچقا ، بەنفورنىڭ خۇيلانغۇسى كەلمىدى . ئۇ-نىڭ بۇ يىگىتكە بىرئاز ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى ، ئۇ يىگىتكە ئامال بار خۇشخۇيراق بولۇشۇم كېرەك ، دەپ ئويلايتتى .

يىگىت بەنفورنى تېزراق چىقىپ ئۇخلاپ قالسىكەن ، دەپ تىلەيتتى . بەنفور ئادەتتىكى چاغلاردا ھەممىدىن بۇرۇن ئۇخلاپ بولاتتى ، لېكىن بۈگۈن كەچتە ئۇ ميدىرلىماي ئولتۇردى . تۇرۇپ كىتاب ئوقۇسا ، تۇرۇپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا قارايتتى . ئۆينى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىغانىدى . ئاخىر مارچ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ پەس ئاۋازدا :

ــ سائەت نەچچە بولدى ، جېيمىر ؟ ــ دەپ سورىدى .

ــ ئوندىن بەش مىنۇت ئۆتتى ، ــ دېدى بەنفور جاۋابەن بىلىكىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ .

ئۆينى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى . يىگىت يوتىسىدىكى كى-تابنىڭ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زىرەكلىك ، مۇ-شۈكنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان كەڭ يۈزىدىن تىت ــ تىتلىق چىقىپ تۇراتتى .

ــ چىقىپ ئۇخلامدۇق ؟ ــ دېدى مارچ ئاخىر .

ــ سەن ئۇخلىيالىساڭلا ، مېنىڭ ئۇخلىشىم ئاسان ، ــ

دېدى بەنفور.

— ئەمىسە، سەن ئۇچۇن گىرىلكىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئە-كىرىپ قوياي، — دېدى مارچ.

مارچ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشقا كىرىشتى. ئۇ گىرىلكىغا سۇ قاچىلىغاندىن كېيىن بىر تال شامنى ياندۇردى ـ دە، شام يورۇ-قىدا گىرىلكىنى كۆتۈرگىنىچە ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. بەنفور يەنىلا ئورۇندۇقتا قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئۈستۈن قەۋەتتىن كې-لىۋاتقان ئاۋازغا زەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن مارچ پەسكە قايتىپ چۈشتى.

— گىرىلكىنى ئاچىقىپ قويدۇم، ئەمدى ھۇجرىغا چى-قامسەنكى؟ — سورىدى مارچ.

— بىر مىنۇتتىن كېيىن چىقاي، — دېدى بەنفور جاۋا-بەن. لېكىن ئارىدىن بىر مىنۇتمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بەنفور يەنىلا ئورۇندۇقتا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى.

ھېنرى بۇ ئىشلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ئول-تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۈشۈكنىڭكىدەك چاقنايتتى، يۈزى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يۇمۇلاقلىشىپ، بەئەينى مۈشۈكنىڭ يۈزى-گىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن يەنىلا تەرسالىقى چى-قىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدى.

— ئۇ تۈلكىنىڭ ئانىسى كېلىپ قالدىمۇ، بىر قاراپ باقاي. بەلكىم ئۇ يېقىن ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرگەندۇ. ماڭا بىردەم ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز، نانىي؟ بىز بىرەر ـ يېرىم تۈلكىنى ئۇچرىتىپ قالساق ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ؟ — مارچ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۈبھە بىلەن سو-رىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

ــ ھەئە ، مەن بىلەن يۈرۈڭ ، ــ دېدى ھېنرى سىلىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن . دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق سىلىق ــ سى-پايە ، قىزغىن ، تەسىرلىك چىقىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ بۇ ئاۋا-زىنى ئاڭلىغان بەنفورنىڭ غەزىپى بىردىنلا قايناپ تاشتى .

ــ ئۇزاق ھايال بولمايمىز ، ــ دېدى ھېنرى كۆزلىرىنى مارچنىڭ ئارىسالدىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىپ .

مارچنى ھېنرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرغان قىپقىزىل يۈزى ئەسىر قىلىۋالغان چېغى ، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

ــ مەن تېخى سىنى يۇنداق كەچتە تالا ــ تۈزگە زادى چىقمايدۇ ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن ! ــ دېدى بەنفور مارچقا ۋار-قىراپ .

ــ بىر مىنۇتلا ، ــ دېدى يىگىت ئارقىسىغا قايرىلىپ ئۇ-نىڭغا قاراپ ، ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىچە قاتتىق چىقىپ كەتتى .

مارچ بىردە يىگىتكە ، بىردە بەنفورغا قارايتتى . ئۇ دىل-غۇللۇقتا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى . بەنفور ئورنىدىن دەس تۇردى ــ دە ، پەيلىنى بۇزدى :

ــ نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ ! سىرت شۇنچە سوغۇق تۇرسا . سەن ئاشۇ نېپىز كۆڭلەك بىلەنلا سىرتقا چىقساڭ توڭلاپ قالىمسەن . قارا سېنىڭ پۇتۇڭدىكى پويپۇشقا . سىرتقا بۇنداق چىقساڭ ئەزبىرايى بولمايدۇ ، ــ دېدى بەنفور ئۇنى توسۇپ .

بەنفور گېپىنى تۈگىتىپ سوقۇشقاق چۈجە خورازدەك مارچ بىلەن يىگىتكە ھۇرپەيدى .

ــ ۋاي ــ ۋوي ، ئۇنچىۋالا غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، يۇلتۇزلۇق كېچىدە تالا ــ تۈزنى بىردەم ئايلانغانلىقنىڭ زەرەرى يوق ، ــ دېدى يىگىت جاۋابەن ۋە ئارقىسىدىنلا مارچقا ئۆرۈلۈپ

دېدى ، — مەن غىزالىنىش ئۆيىدىكى كرېسلوغا يېپىلغان ئەدىيالنى ئېلىۋالىمەن ، مەن بىلەن يۈرۈڭ ، نانىنى .

يىگىت بەنفورغا سۆزلىگەندە ، تەلەپپۇزى ئىنتايىن غەزەپلىك بولۇپ ھەم مەنسىتمەسلىك ھەم قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى ، لېكىن مارچقا سۆزلىگەندە ، ئەكسىچە شۇنداق سىلىق ـ سىپايە بولۇپ ھەم ئۆتۈنۈش ھەم بۇيرۇق تەلەپپۇزى ئارىلىشىپ كەتكەچكە ، مارچ ئىختىيارسىز ھالدا :

— بولىدۇ ، بىللە چىقساق چىقايلى ، — دەپ جاۋاب بەردى ـ دە ، يىگىت بىلەن ماڭدى .

بەنفور ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە داڭقېتىپ قالدى . ئۇ بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى . ئۇ بىر تىرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان چوكىدەك ئىنچىكە قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالغانىدى . ئۇنىڭ ياداڭغۇ مۈرىلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ ھۆكرەپ يىغلايتتى . مارچ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە چىقىپدە توختاپ كەينىگە قايرىلىپ قاراپلا قالدى .

— جېيىر ! — دەپ ۋارقىرىدى تىت ـ تىت بولغان مارچ . ئۇ گويا ئۆز بالىسىغا ئىنتىزار بولغان مېھرىبان ئانىدەك بەنفورغا ئۆزىنى ئېتىشقا تەمشەلدى ، لېكىن يىگىت مارچنىڭ بىلىكىدىن ئامبۇردەك مەھكەم قىسىۋالغاچقا ئۇ قىمىر قىلمىدى . مارچ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قىلچە قىمىرلىيالمايۋاتقىنىنى زادىلا ئاڭقىرالمايتتى . ئۇنىڭ روھى ھەدەپ تېپىرلىسىمۇ ، لېكىن تېنى قىمىرلىيالمايتتى .

— ھېچقىسى يوق ، ئۇ قانغۇچە يىغلىۋالسۇن ، يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن ، ئۇ ھامان بىر كۈنى يىغلايتتى . كۆز يېشى ھەسرەت داغلىرىنى يۇيىدۇ ، ئادەم يىغلىسا ئىچى بوشاپ قا-

لىدۇ، — دېدى يىگىت مۇلايىم ئاۋازدا.
يىگىت گېپىنى تۈگە ـ تۈگىمەيلا مارچىنى بىلىكىدىن تار-
تىپ بوسۇغىدىن پەم بىلەن ئاتلىدى، ئىشىكتىن چىقىپ تىنتو-
لىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بەنفورغا قايرىلىپ قارىدى ھەمدە جۆ-
دەڭگۈ كەلگەن بۇ بايقۇشنىڭ يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن ئەتكىنىچە
ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى. قاتتىق يى-
غىدىن بەنفورنىڭ ياداڭغۇ مۈرىلىرى سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى.
يىگىت غىزالىنىش ئۆيىدىكى ئەدىيالنى ئالدى ـ دە:
— بۇنىڭغا ئورنىشىۋېلىڭ، — دېدى. مارچ ئۇنىڭ دېگىنى
بويىچە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئاشخانا ئۆينىڭ بوسۇ-
غىسىغا كەلدى. مارچ يىگىتنىڭ ئۆز بىلىكىنى بوشقىنا ۋە دادىل
تۇتقانلىقىنى سەزمەي قالغانىدى. مارچ سىرتتىكى سىياھتەك
قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپلا تەشۋىش بىلەن ئىختىيارسىز ئارقىغا دا-
جىدى.
— مەن كىرىپ جېيىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي، كىرىپ
كەتمىسەم زادى بولمايدۇ، چوقۇم كىرىپ كېتىمەن، — دېدى
مارچ. گېپىنىڭ ئۇرانىدىن رەت قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل قەت-
ئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. يىگىت قولىنى بوشاتتى، قىز بۇرۇلۇپلا
كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، يىگىت يەنە ئۇنى كاپپىدە تۇتۇۋې-
لىپ كىرىپ كەتكىلى قويمىدى.
— بىر مىنۇت، پەقەت بىر مىنۇتلا ھەمراھ بولۇڭ. ئۆيگە
كىرىپ كەتسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن بۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىشىڭىز
ھاجىتى يوق، — دېدى يىگىت.
— قويۇۋېتىڭ، مېنى قويۇۋېتىڭ دەيمەن! — ۋارقىرىدى
مارچ، — مەن شۇ تۇرقى جېيىرغا ھەمراھ بولۇشۇم كېرەك، بى-
چارە قىز، ئۇنىڭ يىغىسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

— شۇنداق ، ئۇنىڭ يىغىسى سىزنىڭلا ئەمەس ، مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ ئېزىۋەتتى ، — دېدى يىگىت بىزارلىق ئىچىدە .
— سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى ؟ — سورىدى مارچ .
يىگىت قىزنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى .
— مېنىڭ يۈرىكىم ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قاتتىق ، شۇنداقمۇ ؟ سىز شۇنداق قارايسىزغۇ ، دەيمەن ؟ — سورىدى يىگىت ئۇنىڭدىن .
— سىزنىڭ يۈرىكىڭىزمۇ ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى قىز ئىشەنمەسلىك بىلەن .
— توغرا ، مېنىڭ يۈرىكىم ! سىز ئۇنىڭدا يۈرەك نېمىش قىلسۇن ، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز ؟ — يىگىت قىزنىڭ قوللىرى بىلەن قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىگە ياقتى ، — يۈرىكىم دەل مۇشۇ يەردە ، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىز ؟
قىز ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالدى ، ئاندىن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ كۈچلۈك سوقۇۋاتقانلىقىنى ، بۇ سادانىڭ باشقا دۇنيادىن كەلگەن ئاللىقانداق نېمىدەك ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . يىگىتنىڭ يۈرىكى يىراق - يىراقلاردىكى باشقا بىر دۇنيادىن ، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن قورقۇنچلۇق مەخلۇقتەك قىزنى توختاۋسىز چاقىرماقتا ئىدى . يىگىتنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان بۇ چاقىرىش قىزنى سېھىرلەپ دەرمانسىزلاندۇردى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ بارغانچە بوشاشتۇرۇۋەتتى . مارچ بەنفورنى يادىدىن چىقارغان ، ئەمدىلىكتە ئۇنى تامامەن ئۇنتۇغان ، ئۇنى ئويلىغۇدەك ماجالىمۇ قالمىغانىدى . ئاھ ، تاشقى دۇنيادىن كەلگەن قورقۇنچلۇق سادا !
يىگىت قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى .
— مەن بىلەن يۈرۈڭ ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بى-

لەن، — كېلىنىڭ، كۆڭلىمىزدىكى سۆزلىرىمىزنى قالدۇرماي دېيىشەيلى.

يىگىت قىزنى ئۆيىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇششۇكىنى يېيىپ قويدى. قىز يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن گۈللۈكتىكى چىغىر يول بىلەن تېمىسقىلاپ ماڭدى. يىگىتنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن سوقاتتى. يىگىت قىزنى ئورنىۋالغان ئەدىيال ئۈستىدىن قولتۇقلاپ كېتىپ بارغان بولسىمۇ، قىز مەستخۇشلۇقتا ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغانىدى. يېنىدىكى بۇ ئادەمنىڭ كىم، قانداق ئادەملىكىنى ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى.

يىگىت قىزنى قولتۇقلاپ لاپاسنىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ يەردە ناھايىتى يوغان بىر ئەسۋاب ساندۇقى تۇراتتى.

— بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلىچۇ! — دېدى يىگىت.

قىز رايىشلىق بىلەن يىگىتكە يانداش ئولتۇردى.

— قولىڭىزنى ئەكېلىڭ، — دېدى يىگىت.

قىز ئىككىلا قولىنى يىگىتكە ئۇزاتتى. يىگىت قىزنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ سىقتى. يىگىت تېخى ئىش كۆرمىگەن بولغاچقا، ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى.

— ماڭا تېگىڭ، مەن بۇ يەردىن كەتمەستە ئىككىمىز توي قىلىۋالايلى، — دېدى يىگىت ئۆتۈنۈش بىلەن.

— نېمىدەپ ئەمدى، بىز شۇنداق ئەخمەقمۇ؟ — دېدى قىز.

يىگىت قىزنى بۇ يەرگە ئولتۇرغۇزۇشتىن مەقسىتى، ئۇنىڭغا سىرتنى، قاراڭغۇ گۈللۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشۇ ئۆينىڭ

دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ نۇرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. شۇندىلا يىگىت قىزنىڭ دىققىتى بۆلۈنمەي ئۆزى بىلەن لاپاستا بىخارامان ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

— توي قىلىش قانداقمۇ ئەخمەقلىق بولسۇن؟ ناۋادا، ماڭا ياتلىق بولسىڭىز مەن بىلەن كاناداغا بارىسىز، مېنى ئۇ يەردە ناھايىتى يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز بارىدىغان يەر تاغلىق رايون ئەتراپىدىكى مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل بىر جاي. ماڭا تەگسىڭىز نېمىشقا بولمايدىكەن؟ توي قىلساق بولمايدىغان نەرى بار؟ ئۇ يەرگە سىز بىلەن بىللە كېتىشنى بەكمۇ خالايمەن. مەن ئۇ يەردە سىزنى مەن بىلەن بىللە ئۆتسە، ئۆمۈر بويى يېنىمدىن ئايرىلمىسا، دەيمەن.

— سىز ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان، تىرناقتا توختىغۇدەك بىر قىزنى تاپالايسىز، — دېدى قىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، مەن ئاسانلا بىرەر قىزنى تاپالايمەن، بۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، لېكىن مەن ھەر قانچە ئىزدىسەممۇ ئۆزۈم ھەقىقىي ياقتۇرىدىغان قىزنى تاپالمايمەن. مەن ھازىرغا قەدەر ئۆزۈمگە ئاش بولغۇدەك بىرەر قىزنى ئۇچراتمىدىم. قاراڭ، مېنىڭ ئويلىغىنىم ئۆمۈرلۈك ھەمراھ تېپىش. مەن توي قىلسام ھەرگىز ئاجراشمايمەن. باشقا قىزلار يامان ئەمەس، خېلى سۆيۈملۈك بولسىمۇ ئۇلار بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىشقا، بىللە ئويناپ كۈلۈشكىلا يارايدۇ. ئەمما، مەن ئۇلارنىڭ بىرەرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولسام، ئۆلگۈچە پۇشايمان يەيمەن. توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى.

— بۇ گەپچە ئۇلار ياخشى ئايال بولالمايدىكەن - دە!

— ھەببەللى، دېمەكچى بولغىنىممۇ دەل مۇشۇ، لېكىن بۇ، ئۇلار مېنىڭ يېنىمدا خوتۇنلۇق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالارمۇ،

www.uyghurkitap.com

قىلالماسمۇ ، دەپ ئەنسىرىگىنىم ئەمەس ، مېنىڭ كۆزدە تۇتـقـىنىم . . . نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئـىشقىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ئويلىساملا سىرلىق كۆز ئالدىمغا كېلىسىز ، بۇ ئىككىسى كاللامدا ئۆزىچىلا بىرلىشىپ كېتىدىغۇ ـ تاڭ .

ـــ ناۋادا ، ئىككىسى بىرلىشىپ كەتمىسىچۇ ؟ ـــ سورىدى قىز باشقىچە بىر كىنايە تەلەپپۇزىدا .

ـــ ھەي ، مېنىڭچە بىرلىشىپ كېتىدۇ .

ئۇلار بىر پەس سۈكۈتكە چۆمۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشتى . يىگىت قىزنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا يەڭگىللىك بىلەن يېقىنلىشىدىغان قىلىقلارنى قىلمىدى . يىگىت ئۇنىڭ ناتىۋان ، ھە دېمەيلا ئىندەككە كەلتۈرگىلى بولىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ، قەلبىدىكى بىر خىل ئېغىر نەرسە ئۇنىڭ جۈرئىتىنى بېسىپ تۇراتتى .

يىگىت قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇ قورقۇنچ ئىلكىدە بۇنداق قىلىشتىن ئۆزىنى توسۇپ قالدى . بۇ نازۇك قىز ، ئۇ ئاخىر يىگىت بىلەن يېقىنلىششى مۇمكىن ، لېكىن يىگىت يۈز بېرىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى مۇشۇ ئىش ئالدىدا يۈرەكسىزلىك بىلەن چېكىنىدى . بۇ بىر خىل مەگدەپ قېلىش روھىي ھالىتى بولۇپ ، يىگىت ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى بۇنداق ھالەتنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى ، شۇڭا ئۇ بۇنى خىيالىغا كەلتۈرگۈسى كەلمىدى . بۇ دېگەن قىز . يىگىت بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجايىپ بىر ئاجىزلىقنى بايقىدى ، يىگىت بۇ ئاجىزەنىڭ ئالدىدا بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا كەلدى .

ـــ ياق ، مەن بولسام بىر ئەخمەق ، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر

نادان قىز ئىكەنلىكىنى بىلىمەن ، ــ دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىز ئې-چىپ .

ــ نېمىگە ئەخمەق دەيسىز ؟

ــ ئەخمەقلىقىمدىن بۇ ئىشنى هازىرغىچە يا ئۇياق - يا بۇ-ياق قىلماي سۆرەپ يۈرۈۋاتىمەن .

ــ سىز ماڭا تاپا قىلىۋاتامسىز ؟ ــ سورىدى يىگىت .

ــ ياقەي ، ئۆزۈمنى دەۋاتىمەن . مەن ئۆزۈمنى ئەخمەق ، ئۇچىغا چىققان كالۋا دەۋاتىمەن .

ــ نېمە ئۈچۈن ؟ مەن بىلەن توي قىلىشقا رايىڭىز يوقلۇ-قىدىنمۇ ؟

ــ هەي ، گەپ مانا مۇشۇ يەردە . ئەمەلىيەتتە سىز بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي-مەن ، راستىنلا بىلمەيمەن .

يىگىت تۇن قاراڭغۇسىدا قىزغا شۈبهى بىلەن قاراپ قويدى . ئۇ قىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىرئازمۇ چۈشەنمىدى .

ــ ئەجەبا ، مۇشۇ مىنۇتتا مەن بىلەن ئولتۇرغىنىڭىزدىن خۇش بولغان - بولمىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلمىسىڭىز - هە ! ؟ ــ سورىدى يىگىت .

ــ شۇنداق ، مەن راستىنلا بىلمەيۋاتىمەن . يا باشقا جايدا بولۇشنى ، يا بۇ يەردە ئولتۇرۇشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلى-قىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن .

ــ شۇ تۇرقى سىز بەنفورنىڭ يېنىدا بولۇشنى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇخلاشنى خالاۋاتقانسىز هەقچان ؟ ــ سورىدى يى-گىت ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ .

قىز بىر هازادىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بەردى :

ــ ياق ، مەن ئۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن .

— سىز ئۆمۈر بويى ، تاكى چېچىڭىز ئاقىرىپ ، چىشىڭىز سارغىيىپ مومايغا ئايلىنىپ قالغۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتمەكچىمۇ ؟ — سورىدى يىگىت .

— ياقەي ، — ئانچە ئىككىلەنمەي تېزلا جاۋاب بەردى قىز ، — مەن جېبىر ئىككىمىزنىڭ بىللە قېرىپ مومايلارغا ئايلىنىشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن .

— ئەمىسە مەن بوۋايغا ، سىز مومايغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ ، ئىككىمىزنىڭ خۇددى ھازىرقىدەك ھالەتتە بىللە ئۆتۈشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز ؟ — سورىدى يىگىت .

— ھىم ، ھازىرقى ۋاقتىمىزدىكىدەك بولمىسىمۇ ، — دېدى قىز ، — مەن تەسەۋۋۇر قىلالايمەن ، ياق تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمەيمەن ، سىزنىڭ بوۋايغا ئايلىنىشىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن . بۇ بەكلا قورقۇنچلۇق ـ تە !

— نېمە قورقۇنچلۇق ، بوۋايغا ئايلىنىشىمۇ ؟

— شۇنداق بولماقتى ، ئەمىسە .

— ئۇ چاغقا بارغاندا قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ ، — دېدى يىگىت ، — بىز تېخى ياش ، ئەمما ئۇنداق چاغلار جەزمەن كېلىدۇ ، ئۇ چاغدىمۇ سىز قېشىمدا بولسىڭىز ، نېمىدېگەن ياخشى .

— گېپىڭىزدىن پىنسىيە پۇلىنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى قىز سوغۇققىنا قىلىپ .

قىزنىڭ ھەر نۆۋەت بۇنداق يەڭگىلتەكلىك بىلەن يۇمۇرلۇق سۆزلەپ قويۇشى يىگىتنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى ، ئۇ قىزنىڭ نېمە مەقسەتتە شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالاتتى ، نېمە دەۋاتقىنى قىزنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايدىڭ ئەمەستەك قىلاتتى .

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى يىگىت ، قىزنىڭ سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنىدى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مەن سىزنىڭ نېمىشقا ھە دېسلا قېرىپ بىر پۈتىمىز گۆرگە ساڭگىلايدىغاندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئېغىز ئېچىشىدىغىنىڭىزنى چۈشەنمەيلا قالدىم. مەن يا توقسان ياشتىكى موماي بولمىسام، — دېدى قىز ئاغرىنىپ.

— كىم سىزنى توقسان ياشلىق موماي دەپتۇ؟ — دېدى يىگىت تېرىكىپ.

ئۇلار بىر پەس جىمىپ كېتىشتى. سۈكۈت ئىچىدە ئىككىسىنىڭ خىيال قۇشلىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەندى.

— بۇنداق كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىشىڭىزغا خۇشتار ئەمەسمەن، — دېدى يىگىت.

— شۇنداقمۇ؟

— ھەئە. چۈنكى، مەن ناھايىتى سەممىي گەپ قىلىۋاتقاندىكىن، بۇنداق چاغدا چاقچاق ئارىلاشتۇرمىسىكەن دەيمەن.

— سىز باشقىلار ماڭا چاقچاق قىلماسلىقى كېرەك دېمەكچىمۇ، — دېدى قىز جاۋابەن.

— تازا جايىنى تاپتىڭىز، شۇنداق دېمەكچى. مەن ئۆز - ئۆزۈمنى مازاق قىلماسلىقىم كېرەك. ھازىرقىدەك كەيپىياتتا مەن تېخىمۇ زېرىكىپ كېتىمەن، شۇڭا خەقنىڭ مېنى مازاق قىلىشىغا چىدىيالمايمەن.

بىر ھازاغىچە قىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئازابلانغان بولسا كېرەك، بىر پەستىن كېيىن مۇجمەل قىلىپ:

— ياق، مەن سىزنى مازاق قىلغىنىم يوق، — دېدى.

يىگىتنىڭ قەلبىدە ئىللىق بىر ئېقىم ئۆركەشلىدى.

— سۆزۈمگە ئىشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى يىگىت.

— ھەئە ، ئىشىنىمەن ، — دېدى قىز . ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئىلگىرىكى ھارغىن ۋە بىپەرۋالىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى . قىز ئۇنىڭ تولا كۆزىگە كىرىۋېلىشىدىن زېرىكىپ ئۇنىڭغا بوي ئەگكەندەك قىلاتتى ، ئەمما بۇ تەرىپى يىگىتنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتەك ياناتتى ۋە بار ئاۋازى بىلەن چۇقان سالاتتى .

— ئەمىسە مەن بۇ يەردىن كەتمەستە . . . ياكى روزىدىستۇۋ بايرىمىدا مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدىڭىز - ھە ؟!

— ھەئە ، قوشۇلدۇم .

— ئاغزىڭىزغا ناۋات ! بۇ ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك ھەل بولدى ! — دەپ توۋلىۋەتتى يىگىت خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي .

يىگىت مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئولتۇرۇپلا قالدى . ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى ، ئىسسىق قان تومۇر - تومۇرلىرىدا كۆۋەجەپ ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتەك پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەتتى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قىزنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە مەھكەم باستى . بۇ ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياجان ئاستا - ئاستا پەسكويىغا چۈشكەندىن كېيىنلا يىگىت ئويغانغاندەك مەستخۇشلۇقتىن ئۆزىگە كەلدى .

— بىز ئەمدى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ، بولامدۇ ؟ — دېدى يىگىت سىرتنىڭ ناھايىتى سوغۇقلىقىنى خۇددى ئەمدىلا سەزگەندەك .

قىز جاۋاب بەرمەيلا ئورنىدىن لىككىدە تۇردى .

— مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولغانلىقىڭ ، كىرىپ كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ مېنى سۆيۈپ قويۇڭ ، — دېدى يىگىت . شۇنداق قىلىپ يىگىت قىزنىڭ ئوتتەك لېۋىگە ئىشتىياق

بىلەن سۆيەدى . بۇ گۆدەك ، ئىش كۆرمىگەن يىگىتنىڭ سۆيۈشى ئىدى . قىزمۇ يىگىتنى ناھايىتى سەبىي ، تولىمۇ تارتىنچاق ھېس قىلدى . قىز بۇنىڭدىن ھەيران بولدى ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلدى ، ئۇ ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ماجالى قالمىغانىدى .

ئۇلار ئۆيگە كىردى . ھۇجرىدا بەنفور خۇددى پېرىخۇنلاردەك ئوچاقتىكى ئوت ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىغان كۆزلىرىنى كىرىپ كەلگەن ئىككىسىگە تىكتى ، ئەمما ئۇلارنى كېلىشلار ، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى . يىگىت بەنفورنىڭ ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قارىغان چاغدىكى قىياپىتىنى بىرئاز قورقۇنچلۇق ۋە غەلىتە ھېس قىلدى . بەنفورنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى كۆرۈپ ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈردى . ①

بەنفور يىگىتنىڭ نۇر ۋە خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى . ئۇنىڭغا يىگىتنىڭ بويى بىردىنلا ئۆسۈپ قالغاندەك بەرجەس ، سۇرلۇك ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك سۇمباتلىق كۆرۈندى . مارچىنىڭ چىرايىدىن مۇلايىملىق ، نازاكەت يېغىپ تۇراتتى . ئۇ يۈز - كۆزنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەدەپ ئۇيان - بۇيان قاچۇراتتى .

— ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار دېگەنىدەك ، ھەر نېمە بولسا قايتىپ كىردىڭلار ، — دېدى بەنفور زەردە بىلەن .

— شۇنداق ، بىز قايتىپ كىردۇق ، — دېدى يىگىت .

— سىلەر چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ .

— شۇنداق ، بىز سۆزلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ بولدۇق ،

---

① ئەنگىلىيىدىكى خەلق ئادىتىدە ، بارماقلارنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرسە بەخت - تەلىيىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ، دەيدىغان بىر خىل ئېتىقاد بار .

پات ئارىدا توي قىلىمىز ، — دېدى يىگىت جاۋابەن .

— ھە ، بىر قارارغا كەپ بوپسىلەر ـ دە؟ ھەم ، مەن سىلەرنى كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا ، چىقىۋالغىلى ئاچا تاپالماي قالمىسكەن دەيمەن ، — دېدى بەنفور .

— مەنمۇ شۇنداق ، — دېدى يىگىت جاۋابەن .

— سەن ھازىرلا ياتاي دەمسەن ، نانىنى ؟ — سورىدى بەنفور .

— ھەئە ، مەن ھازىرلا بېرىپ ياتىمەن .

— ئۇنداق بولسا ، سادىغاڭ كېتەي ، يۈر مەن بىلەن .

مارچ يىگىتكە قاراپ قويدى . يىگىتنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بۇ ئىككى قىزغا قادالغانىدى . مارچ يىگىتتىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا قارايتتى . ئۇ يىگىت بىلەن قېپقېلىپ بىر گە بو-لۇشنى تىلەيتتى . مارچ ئەمدى ئۆزىنىڭ ھېنرىگە ئاللىقاچان ياتلىق بولۇپ بولغان بولۇشىنى ، ھەممە ئىشنىڭ شۇ يوسۇندا ئاخىرلاش-قان بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . چۈنكى ، مارچ يىگىتنىڭ يېنىدا تۇرسا ئۆزىنى شۇنچىلىك خاتىرجەم سېزىدىغىنىنى ھېس قىلغا-نىدى . دەرۋەقە ، ئۇ يىگىت قېشىدا بولسا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بىخە-تەر ۋە خاتىرجەم سېزەتتى . ئۇنىڭ جېپىر بىلەن پەقەتلا ياتقۇسى يوق ئىدى ، يىگىتنىڭ پاناھىدا قانغۇچە ئۇخلاپ كېتىشنى راست-تىنلا خالايتتى . مارچ ئۆزىنىڭ بەنفوردىن قورقۇدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ بۇنداق پەرىشان ، ناخۇش تۇرغاندا ، بەنفورنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۇخلاشنى تەلەپ قىلىشى مارچقا ئازابلىق تۇيۇلدى . مارچ ئۆزىنى بۇ ھالەتتىن يىگىتنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى ئار-زۇلايتتى ، شۇڭا ئۇ يىگىتكە لەپپىدە قاراپ قويدى .

يىگىت بولسا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆزىتىۋاتاتتى ، يىگىت مارچنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى سېزىپ تۇراتتى . مارچ

بەنفورنىڭ ئارقىسىدىن ئامالسىز چىقىپ كېتىۋاتاتتى . يىگىت بۇ-
نىڭدىن قاتتىق پەرىشان بولاتتى ، ئازابلىناتتى .
— سىز ماقۇل بولغان ئىشنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاي-
مەن ، — دېدى يىگىت چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قىزنىڭ كۆز-
نىڭ ئىچىگە تىكىلىپ . يىگىت ئاجايىپ نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن
قىزنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغاندەك ئىدى .
قىز يىگىتكە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن سۈكۈتتە تەبەسسۇم
قىلدى . قىز ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ، يىگىت قېشىدا بولسىلا
خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى .
يىگىت ئىشنى ئالدىن پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ ،
يەنە بىر رەت ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى . قورۇقتىن ئايرىلىدىغان
كۈنى ، يىگىت مارچىنى ئالتە ئىنگىلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى كې-
چىك بازارغا بىللە بېرىشقا قايىل قىلدى . ئىككىسى نىكاھلانغۇ-
چىلارنى تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ پات ئارىدا توي قىلىدىغان بىر
جۈپ قىز – يىگىت سۈپىتىدە تىزىملاتتى . يىگىت روۋدىستۇ
بايرىمىدا قايتىپ كېلىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولدى .
ئەمدى ئۇرۇشمۇ ئاياغلاشقانىدى . يىگىت باھار كەلگەندە مارچىنى
ئېلىپ كاناداغا قايتىشنى ئويلايتتى . يىگىت تېخى ياش بولسىمۇ
بىر مۇنچە پۇل غەملەشكە ئۈلگۈرگەنىدى . « ئادەم ئاز – تولا ئاما-
لىنى قىلسىلا پۇل يىغالايدۇ » دەيتتى ئۇ .
مارچ يىگىتنى غەربكە ماڭىدىغان پويىزغا ئۇزىتىپ قويدى .
يىگىت سارىپول يايلىقىغا باراتتى . ئەمدى قىز ئاھۇ كۆزلىرى بى-
لەن ئۇنى ئۇزىتىپ قالدى . پويىز ھەش – پەش دېگۈچە
يىراقلاپ ، قىزنىڭ ھاياتىدىكى چىن ، ھەقىقىي نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى . پويىز يەنە
قىپقىزىل ، يۇمىلاق يۈزلۈك ۋە كەڭ پېشانىلىك ئۇ يىگىتنىمۇ ئې-

لىپ كەتتى . يىگىتنىڭ چىرايىنى غەزەپ ــ نەپرەت تۇمانلىرى قاپلىغان ياكى بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرى بىرەر نەرسىگە قادىلىپ قاراپلا قالغان چاغلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، يۈزىدىكى ئىپادە تومۇمەن ئۆزگەرمەيتتى . شۇ تۇرقى يىگىتنىڭ چىراي ئىپادىسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆزگەرمىگەنىدى . پويىز تاراقلاپ ئاستا قوزغالدى . يىگىت بېشىنى ۋاگون دېرىزىسىدىن چىقىرىپ قىز بىلەن خوشلاشتى . يىگىتنىڭ بىر كۆزى ئارقىدا قالدى . چىرايىدا ھېسسىياتتىن قىلچە ئەسەر يوقتەك قىلسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى كىچىكلەپ خۇددى بىر نەرسىنى توساتتىن بايقاپ قالغان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك قىزدىن ئۈزۈلمەيتتى . پويىز بارا ــ بارا يىراقلىماقتا . يىگىت قىزدىن كۆزىنى قىلچە ئۈزمەي قارايتتى ، قىز بىردىن يار ــ يۆلەكسىز قالغاندەك غېرىبسىندى .

يىگىت كەتتى . ئۇ خۇددى قىزغا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغاندەك كەتتى . قىز ئۈچۈن قېپقالغىنى پەقەت ئۇنىڭ مېڭىسىگە مۆھۈردەك ئورناپ كەتكەن يىگىتنىڭ يۈملاق ، قان تېمىپ تۇرىدىغان قىزغۇچ ، ئىپادىسىز يۈزى ، ئېلىپتەك تۈز ۋە قىسقا كەلگەن بۇرنى ، بۆركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر ۋە نۇرلۇق كۆزلىرىلا بولدى . يىگىتنىڭ كۈلگەن چاغدىكى بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈۋالىدىغان قىياپىتى قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . ھالبۇكى ، قىز بۇ يىگىتنى بىرئازمۇ چۈشىنەلمىدى . ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى . يىگىت كەتتى . ئۇ قىزغا ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە قالدۇرۇپ قويماستىنلا كەتتى .

يىگىت قىز بىلەن خوشلىشىپ توققۇزىنچى كۈنى بولغاندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى . خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

« سۆيۈملۈك ھېنرى :

مەن يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس، دېگەندەك، بىزنىڭ توي ئىشىمىز ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلاندىم. مېنىڭچە، بۇ ئىشىمىز بىر باشقا چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئەخمەقلىق قىلغانلىقىمنى بىلدىم. سىز بۇ يەردىكى چاغلاردا ھېسسىيات تۇمانلىرى ئەقىل كۆزۈمنى توسۇۋالغاندەك، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، ئەسلى ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن ئىكەنمەن، بەلكى كۆرگەنلىرىم شۇ قەدەر ساختا، تۇتۇق، مۇجمەل نەرسىلەر بوپتۇ. جېپىر ئىككىمىز بىللە تۇرۇۋاتقان مۇشۇ دەمدە مەن ھوشۇمنى تاپقاندەك بولۇۋاتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ تولىمۇ ئەخمەقانىلىك بولۇپلا قالماي، سىز ئۈچۈنمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. چۈنكى، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن ھەقىقىي سۆيۈپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن. بۇنداق ئەھۋالدا، مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن، دەپ يۈرسەم، سىزگە نىسبەتەن تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولامدۇ ؟ خەقلەرنىڭ مۇھەببەت خۇسۇسىدا سۆزلىشىپ قالسىلا ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغانلىقى ماڭا ئايان. مەن بۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. مەن پەقەت ئەمەلىيەتكە قاراشنى، ئىشنى ئۆز يولى بويىچە قىلىشنىلا ئويلايمەن. لېكىن، مەن ھازىرغىچە بۇنداق قىلالمىدىم. سىزنىڭ توي قىلىش تەكلىپىڭىزگە قانداقسىگە ماقۇل بولۇپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمما، ماڭا شۇنىسى ئايانكى، مەن ئەمدى بۇرۇنقى ساددا ۋاقىتلىرىمدىكى بىر يىگىتنى كۆرسە كۆيدۈم ـ پىشتىم دەپ يۈرىدىغان چاغلىرىمدىكىدەك، سىزنى مەجنۇنلارچە سۆيەلمەيمەن. سىز ماڭا نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش، يوچۇن، يات تۇيۇلىسىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن يەنە نېمىدەپ سىزگە ياتلىق بولغۇدەكمەن ؟ مەن جېپىرنى ئويلىساملا، ئۇ ماڭا سىزگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە

www.uyghurkitap.com

سەمىمىي تۇيۇلىدۇ، مەن ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن، ئۇنىڭغا راستتىنلا ئىچىم كۆيىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىر تال چىمچىلىقىنى يارىلاندۇرۇپ قويسامۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگۈدەك پۇشايمان يېشىم تۇرغان گەپ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام تىرىكچىلىكىنى قىلىپ كېتەلەيمەن. (گەرچە بۇنداق كۆنلەر ئۇزاققا بارمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇشنى بولسىمۇ تىرىكچىلىك دېگىلى بولار) بەنفور ئىككىمىزدىن بىرەرىمىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بۇنداق تىرىكچىلىك داۋاملىشىۋېرىدۇ. بىزنىڭ يەنە قانچىلىك ئۆمرىمىز قالغىنىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ بەنفور نىمجان بىر قىز، ئۇنىڭ تېنىنىڭ قانچىلىك زەئىپ، ئاجىزلىقىنى مەنلا بىلىمەن. ئۆزۈمگە كەلسەم، ماگا كۆنلەرنىڭ بىرىدە قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. پەقەت سىز توغرۇلۇقلا ئالدىن ھېچنېمىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى يۇرۇش – تۇرۇشىنى، توي قىلىش تەلپىگىزگە قوشۇلغانلىقىمنى ئويلىسام ئەقىل، – ھوشۇمنىڭ تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمەن. مەن تېخى ياش تۇرۇپ ئېلىشىپ قېلىشىمغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. لېكىن، شەپقەتسىز رېئاللىق دەل شۇنداق. سىز ماگا نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش ئادەمسىز. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاقلىق مەۋجۇت ئەمەس. مۇھەببەتكە كەلسەك، بۇنىڭ ئۆزىمۇ رېئال نەرسە ئەمەس. مەن ھەتتا جىبىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنىمۇ تامامەن چۈشىنىمەن. مېنىڭچە، سىز بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىش ھەرگىز روياپقا چىقمايدۇ، كاناداغا بېرىش ئىشىمغا كەلسەك، مەن بۇنىڭغا ئىلگىرى قوشۇلغان بولسامۇ، بۇ پەقەت شۇ چاغدىكى بىردەملىك ھاياجاندىن بولغان ئىكەن. بۇ ئىش مېنى ئەندىشىگە سالماقتا.

مەن ئۆستۈمگە ئالالمايدىغان، تولىمۇ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاخىردا قالغان ئۆمرۈمنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايمەن. مەن بۇ ئەخمىقانە ئىشقا قوشۇلغاندا، سىز چوقۇم مېنى بۇ قىز ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا لايىق ئىكەن، دەپ قالغان بولغىيتتىڭىز. بۇنىسى كۆڭلۈمنى پەرىشان قىلىدۇ. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا جېپىرنىڭ مەن بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنى، ئۇ يېنىمدا بولغاچقىلا ئۆمۈمنىڭ ئەقلى - ھوشۇمنى ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن. بولمىسا، مەن بۇ چاغقىچە قانداق ھالغا چۈشۈپ قالاتتىمكىن، تاڭ. كىم بىلىدۇ، كۆنلەر-نىڭ بىرى كەچتە ئويلىمىغان يەردىن مىلتىقىمدىن ئوق چىقىپ كېتىپ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى - تېخى! مەن جېپىرنى سۆيىمەن. ئۇ يېنىمدا بولسا ئۆزۈمنى بىخەتەر، خاتىر-جەم سېزىمەن. ئۇ مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلغانلىقىمنى سەممىيلىك بىلەن ئەيىبلىدى.

بەس، دېمەكچى بولغىنىم، سىز بىزنىڭ توي ئىشىمىزنى بىكار قىلىشقا قوشۇلارسىزمۇ؟ مەن سىزگە ياتلىق بولالمىغۇدەكمەن. راستىنى ئېيتسام، مەن ئىدىيەمدىن ئۆتمىگەن ئىشنى ئىلا - بىللا قىلمايمەن. بۇ ئىشىمىز دەسلەپىدىلا خاتا كېتىپتۇ. مەن بۇ ئىشتا كەم - كۈتىسىز ئەخمەقلىق قىپتىمەن. ماڭا سىزنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىڭىزنى تىلىمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. ئەمدى بۇ ئىشلارنى، شۇنداقلا مېنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىزنى سورايمەن. سىز ھەدىيە قىلغان ھېلىقى تۈلكە تېرىسىنى ئېلەپ بولاي دېدىم. قارىغاندا بۇ تېرە خېلى ئوبدان چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ناۋادا، مۇشۇ ئادرېس يېزىلغان جايدا ھېلىھەم بار - يوقلۇقىڭىزدىن خەۋەر بەرسىڭىز، بۇ تۈلكە تېرىسىنى ئۆزىڭىزگە پات ئارىدا ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئاشۇ كۆنلەردىكى مېنىڭ ئەسەبىي قىلىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىڭ، بۇنىڭدىن

كېيىن ئۇ ئىشنى ھەرگىز تىلغا ئالمىغايسىز.

ھە، راست، جېيىر سىزگە سەممىي سالام يوللىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قورۇققا كەلدى. ئۇلار روژدېستووو بايرىمىنى بىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەكچى.

سىزنىڭ ئەڭ سەممىي دوستىڭىز ھېلۇن مارچ.»

بۇ خەتنى يىگىت گازارمىدا يۈك ـ تاق خالتىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ يۈيۈۋاتقىنىدا تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئەلەمدىن ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، سىزىمى يوقالدى. ئۇ پەقەت يۈرىكىدىكى غەزەپ يالقۇنىنىڭ بارغانسېرى لاۋۇلداۋاتقانلىقىنىلا ھېس قىلاتتى. مەغلۇبىيەت، يەنە مەغلۇبىيەت! يىگىت، ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرگىنىم كەلتۈرگەن، ئۇنى قولغا كەلتۈرمىگۈچە زادى بولدى قىلمايمەن، دېگەن نىيەتكە كەلدى. يىگىت ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەت، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئىلتىپاتى دەپ بىلەتتى. ھېنرى ئۈچۈن ئۇ قىز پانىي دۇنيادىكى جەننەت ۋە دوزاخ ئىدى. يىگىت ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق قىزنى ياخشى كۆرەلمەيتتى. يىگىت چۈشتىن بۇرۇنقى يېرىم كۈننى ئەنە شۇنداق قاتتىق غەزەپ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئاچچىقتىن ئەقلى كېسىلگەن يىگىتنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ناۋادا، بىرەر ئەقىل تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرمىغان بولسا جەزمەن بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قاتتىق نەرە تارتقۇسى، ھۆۋلىغۇسى، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقۇسى، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى ئۇرۇپ چۇل ـ چۇل قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئەمما، يىگىتنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغاچقا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ يەلكىسىنى بې-



www.uyghurkitap.com

سىپ تۇرغانلىقىنى ، شۇڭا جەزمەن بۇ ئىشقا بىر ئەپچىل چارە تې-
پىپ چىقىش لازىملىقىنى چۈشەنگەنىدى . يىگىت شۇ ئوي بىلەن
چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئولجىغا ئىنتىلىش ئالدىدا تۇرغان يىرتقۇچ
هايۋاندەك قانغا تولغان كۆزلىرىنى ئالدىغا تىكىپ بۇرنىنى غەلىتە
قىلىپ پۈرۈشتۈردى . ئۇ قورسىقى كۆپۈپ تۇرسىمۇ ھېسسىياتىنى
زورىغا بېسىپ ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل
بولاتتى . ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرلا خىيال — بەنفورنى كۆزدىن يو-
قىتىش خىيالى ئەگىپ يۈرەتتى . يىگىت مارچ خېتىدە ئاشكارىلى-
غان قەلب سىرلىرىغا بىرئازمۇ پەرۋا قىلمىدى ، ئۇنى قېتىغىمۇ ئال-
مىدى . مېڭىسىدە سانجىلغان بىر زەھەرلىك تىكەن ئۇنى تىنىمسىز
ئازابلايتتى . بۇ تىكەن بەنفور ئىدى . بەنفوردىن ئىبارەت بۇ خوخا
تىكەن يىگىتنىڭ تاپىنىغا ، يۈرىكىگە ، پۈتۈن بەدىنىگە سانجى-
لىپ ، ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى . يىگىت بۇ خوخا تىكەننى
ۋاقتىدا يۇلۇۋەتمىسە زادىلا بولمايدۇ ، جان كەتسىمۇ بۇ خوخا تى-
كەننى جەزمەن ئۇنىڭ ھاياتلىق دالاسىدىن يۇلۇۋەتمەي قويمايدۇ .

يىگىت مۇشۇنداق تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن يىگىرمە تۆت
سائەتلىك رۇخسەت ئالماقچى بولدى . يىگىت ئۆزىنىڭ دەم ئېلىش
نۆۋىتى تېخى كەلمىگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇنىڭ كاللىسى
خېلىلا ئىشلەيتتى ، شۇڭا كىمدىن رۇخسەت سوراشنى بىلەتتى .
ئۇ كاپىتاننى ئىزدىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ئۇنى نەدىن تاپقىلى
بولار ؟ ئۇ چوڭ گازارمىدىكى شۇنچە كۆپ ياغاچ ئۆيلەر ۋە چې-
دىرلارنىڭ قايسىسىدىدۇر ؟

ئۇ كاپىتاننى تېپىش ئۈچۈن ئوفىتسېرلار ئاشخانىسىغا
باردى . بۇ يەردە كاپىتان ئۈچ ئوفىتسېر بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى .
ھېنرى بوسۇغىدا تۇرۇپ چاس بەردى .

— رۇخسەتمۇ ؟ كاپىتان بىلىمانغا دەيدىغان گېپىم بار

ئىدى ، — ئۇ كاپىتان ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ ، ئۇمۇ كانئۇوردىن ئىدى .

— نېمە ئىشىڭ بار ؟ — سورىدى كاپىتان .

— سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم بولامدۇ ، كاپىتان ؟

— قانداق ئىشتى ئۇ ؟ — كاپىتان قايتىلاپ سورىدى ئۇنىڭ بۇ ئۇفېتسىرلاردىن ئايرىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى .

ھېنرى نېمە دېيىشىنى بىلمىگەچ زوۋان سۈرەلمەي كاپىتانغا بىر پەس تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى .

— ئىلتىماسىمنى رەت قىلمايدىغانسىز - ھە !؟ — سورىدى ئۇ تەمكىن ھالدا .

— قانداق ئىش ئىكەنلىكىگە قاراپ بىر نېمە دېيىدىغان گەپ - تە .

— سىزدىن يېگىرمە تۆت سائەتلىك رۇخسەت سورىماقچى ئىدىم .

— بولمايدۇ . سەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچما .

— بۇنىسى ئۆزۈمگە ئايان . لېكىن ، رۇخسەت سورىمسام زادى بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى .

— مەن ساڭا دېدىمغۇ !

— گېپىمنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا ئىلتىماسىمنى بۇنداق يېنىكلىك بىلەن رەت قىلىۋەتمىسىڭىز ، كاپىتان .

يىگىت كەتمەي بوسۇغىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى ، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقى باشقىچىلا كۆرۈنەتتى . كانئۇورلۇق بۇ كاپىتان ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسىنى سېزىۋالغاندەك ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلىدى .

— نېمە بولدى ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردىمۇ ؟ — سورىدى كاپىتان قىزىقسىنىپ .

— بىرئاز ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇم ، مەن بولوبول بازىرىغا بىر بېرىپ كەلمىسەم بولمىغۇدەك .

— بولوبول بازىرىغا ؟ قىز قوغلىشىپ بارارسەن ، ھەقدىچان ؟

— ھەئە كاپىتان ، بىر قىز بىلەن كۆرۈشكىلى باراتتىم ، — بېشىنى سەل - پەل ئالدىغا ئېگىپ تىك تۇرغان يىگىت بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ، چىرايى بىردىنلا ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ قالغاندەك لەۋلىرى ئازابلىق تىترەيتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ كاپىتاننىڭ چىرايىمۇ ئۆكۈپ كەتتى .

— بارساڭ بارغىن ، — دېدى ئۇ ، — ئەمما ، ماڭا ھەرگىز ئىش تېرىپ بەرمىگىن .

— سىزگە ئىش تېرىپ بەرمەيمەن ، رەھمەت سىزگە .

يىگىت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى . يىگىتتىن ئەنسىرەپ قالغان كاپىتان ياۋا نەشپۈت ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن بىر رومكا دورىلىق ھاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى . ھېنرى بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ بىرىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئارىيەت ئالدى . ئۇ گازارمىدىن چىققاندا چىڭقى چۈش بولغانىدى . ئۇنىڭ ئاتمىش ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان لاي - پاتقاق يولنى بېسىشىغا توغرا كېلەتتى . ئۇ سەپەرگە ئالدىراپ تۇرغاچقا بىر نەرسە يەۋېلىش خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى . ئۇ بىر پۈتىنى ئىگەردىن ئارتىلدۇرۇپ مىندى - دە ، بوراندەك يۈرۈپ كەتتى .

مارچ قورۇقتا ئاللىقانداق بىر ئىش بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتاتتى . ئۇ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ ھېچ تۈگىتەلمەيۋاتاتتى . لاپاسىنىڭ دەريا قىرغىقىدا بىر پارچە

شوتلاندىيە ئاق شەمشاتزارلىقى بار ئىدى . قىرغاقتىكى چىتلاق قاراغان گۈللىرى بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئوتلاقنى، ئاق ئۈنتۈر-سىدىن ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى . بۇ شەمشاتزارلىقنىڭ ئەڭ چې-تىدىكى بىر تۈپ ئاق شەمشاد قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ يىڭنىسىمان يوپۇرماقلىرى يازدىلا سارغىيىپ كەتكەنىدى . بۇ دە-رەخ ئانچە ئېگىز ھەم يوغان بولمىغاچقا مارچ ئۇنى كېسىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ھەر قانداق دەرەخنى خالىغانچە كېسىشكە رۇخسەت قىلىنمىسىمۇ ، لېكىن ئوتتۇن تولىمۇ قىس بو-لۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۇ دەرەخ جانغا ئىنتايىن ئەسقاتاتتى .

يېقىنقى ھەپتە ـ ئون كۈندىن بۇيان ، مارچ پات ـ پاتلا بېرىپ ، ھەر بارغىنىدا بەش مىنۇتچە دەرەخ غولىغا ئوغرىلىقچە پالتا چېپىپ قويۇپ كېلىدىغان بولۇۋالدى . باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دەرەخنى تۆۋىدىن كېسىۋېتەتتى . ئۇ دەرەخ كەسكەندە ئۆزى يالغۇز ئىشلىتىش بىئەپ بولغاچقا ھەرە ئىشلەت-مەيتتى . مارچ بۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تەگىدىن تولىسىنى كېسىپ كاۋاكلاشتۇرۇپ قويغانىدى . بۇ دەرەخ ئالىلقانداق بىر تال يىلتى-زىلا تـۇتـۇپ تۇرغاندەك ، ھازىرلا گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان-دەك قىلاتتى ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆرۈلمەي مەزمۇت تۇرغىنى تۇرغا-نىدى .

دېكابىرنىڭ بىر نەمخۇش كۈنى ، قۇياش ئولتۇراي دەپ قالغان چاغ ئىدى . سوغۇق تۇمان ئورمانلىق ۋە جىلغىدىن دەھ-شەتلىك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . گۇگۇم يېقىنلاپ ، قۇياش يىراقتىكى پاكار ئورماننىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ئاداققى ئالتۇن نۇر-لىرىنى قالدۇرۇپ غايىب بولماقتا ئىدى . مارچ پالتىنى ئېلىپ تېخى كېسىپ بولمىغان ئاشۇ دەرەخنىڭ قېشىغا كەلدى . پالتا دەرەخكە

ھەربىر چىپىلغاندا « تاق ـ تاق » قىلغان بوش ئاۋاز قورۇقنىڭ سوغۇق ئاسمىنىدا يەككىل ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى . بەنفورمۇ ئۆيدىن چىقتى . ئۇ ئۇچىسىغا قىلىن پەلتو كىيگەن بولسىمۇ بېشىغا بىنەر نېمە كىيمىگەنىدى . ئۇنىڭ شالاڭ ، كالتە چاچلىرى قارىغاي-لىق بىلەن نېرىقى ئورمانلىق ئارىسىدىن ئۇشقىتىپ چىقىۋاتقان شامالدا يەلپۈنەتتى .

— ئۇ دەرەخ ئۆرۈلسە لاپاسنى بېسىۋالارمۇ ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن . شۇنداق بولۇپ قالسا لاپاسنى ئوگشاشقا نۇرغۇن ۋاقتىمىز كېتىدۇ ـ دە ! — دېدى بەنفور .

— مېنىڭچە ئۇنداق بولمايدۇ ، جومۇ ، — مارچ قەددىنى رۇسلاپ ، پېشانىسىنى بىلىكى بىلەن سۈرتتى . ئۇنىڭ يۈزى ئۆپكىدەك قىزىرىپ ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان بولۇپ ، بىرئاز غەلىتە كۆرۈنەتتى ، ئۇ يۇقىرىقى لىۋىنى كۆتۈرۈۋېدى ، ئۈستۈنكى ئىككى تال ئاپئاق ئۇدۇل چىشى كۆرۈنۈپ تۇشقانغىلا ئوخشاپ قالدى .

ئۇچىسىغا قارا پەلتو ، بېشىغا شىلەپە كىيگەن دوغىلاق بىر ئەر قورۇنى كېسىپ ئۆردەكتەك ئىغاڭلىغىنىچە بۇ ياققا كېلىۋاتاتتى . ئۇ يۈزلىرى قىزغۇچ ، بۇرۇت ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان ، پىت كۆزلىرى كۆكۈچ كەلگەن كىشى ئىدى . ئۇ ئانچە قېرى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇششاق چامداپ ماڭاتتى .

— دادا ، سىزچە قانداق ، بۇ دەرەخ ئۆرۈلسە لاپاسنى بېسىۋالارمۇ ؟ — سورىدى بەنفور يېقىن كەلگەن ئۇ كىشىدىن .

— لاپاسنى ؟ ئۇنداق بولماس ، بۇ دەرەخنىڭ ئۇچى لاپاسقىچە يېتىپ كېلەلمەيدۇ ، بۇ دەرەخ بېسىۋالسىمۇ ئاۋۇ چىتلاقنى بېسىۋالىدىغاندەك تۇرىدۇ ! — دېدى بوۋاي .

— چىتلاقنى ھېچقانچە بۇزالمايدۇ بۇ دەرەخ ، — دېدى مارچ ئاۋازىنى سوزۇپ .

— پىكرىم يەنىلا خاتا بولۇپ چىقىدىكەن — دە! — دېدى بەنفور كۆزىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى قايرىۋېتىپ.

بۇ دەرەخنى بىر تال يان يىلتىزلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان بولۇپ، شامال چىقسىلا كەسكەن يېرى غىچىلداپ كېتەتتى. بۇ دەرەخ ئوتلاقنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان بىر قۇرۇق ئېقىننىڭ بويىدا ئۆسكەنىدى. قىرغاقتا كىچىك تۆپىلىكتىكى ئورمانلىقتا تۇتىشىدىغان ئەگرى - بۈگرى چىتلاق تۇراتتى. لاپاسقا ياندىش قورۇ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى دالىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر نەچچە تۈپ دەرەخ كۆزگە تاشلىناتتى. چوڭ يولدىن قايرىلغان، خىلمۇ خىل ياۋا ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن، هارۋىلار كاتاڭلاشتۇرۇۋەتكەن يان يول ئىنتايىن كەڭ چارۋىچىلىق مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ بۇ دەرۋازىغا تۇتىشاتتى. يان يولدىمۇ كۆن چىقىشتىن كۆن پېتىشقا قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى چىتلاق بولۇپ، بۇ چىتلاق يېرىلغان بادىرلارنى مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ يەرگە قېقىلغان تومۇ قوزۇقلارغا ئۆزۈنىسىغا مىقلاش ئارقىلىق ياسالغانىدى. ئۆچەيلەن بۇ دەرەخنىڭ ئارقىسىدا يەنى قورۇ دەرۋازىسىنىڭ ئۇستى لاپاسىنى توسۇپ تۇرىدىغان ئوتلاقنىڭ بىر چېتىدە تۇراتتى. قورۇقتىكى تولىمۇ رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەرنى قورۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياپيېشىل گۈللۈك ئوراپ تۇراتتى، يۈزى قىپقىزىل، يەلكىسىگە قوي يۇڭىدىن توقۇلغان قىزىل شارپا ئارتىۋالغان دوغىلاق بىر موماي ئۆيدىن چىقتى - دە، بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— دەرەخنى تېخى ئۆرۈپ بولالمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا سورىدى.

— دەرەخ يىقىلىمۇ - يىقىلمايمۇ دەپ ئويلىشىۋاتىمىز، — دېدى بوۋاي كەمپىرىگە ئۈنلۈك ئاۋازدا. بوۋاي بۇ

قىزلار بىلەن ھەمىشە چىقىشىپ قوياتتى.

مارچ بۇ دەرەخنى بوۋاي قاراپ تۇرغان چاغدا كەسكۈسى كەلمىدى. بوۋاي بولسا ئۇنىڭغا ياردەملىشەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ قىزىغا ئوخشاش، ھە دېسىلا، مۈرەمدىكى بوغۇم ياللۇقى قوزغىلىپ قالدى، دەپ ۋايساپ يەردىكى تاياقنى ئېلىشقىمۇ ئېرىنەتتى.

ئۇلار يىراقتىن دەرۋازىنىڭ دوگىشتىپ قېقىلغىنىنى ئاڭلاپ، شۇياققا بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى. ئۇدۇلدىكى يان يولدا بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ۋېلسىپىتىغا مىندى ـ دە، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل چۆپلۈكتىن ئۆتۈپ بۇ تەرەپكە بۇرۇلدى.

ــ ھوي! كېلىۋاتقان كىشى بۇ قورۇقتىكى ھېلىقى يىگىت... جېكقۇ دەيمەن، ــ دېدى بوۋاي.

ــ ئۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ــ دېدى بەنفور.

مارچ بويۇنداپ ئۇياققا قارىدى. پەقەت مارچلا ھەربىي فورما كىيگەن بۇ يىگىتنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك ۋىللىدە قىزاردى ـ يۇ، ئۈن ـ تىن چىقارمىدى.

ــ جېك ئەمەستەكلا قىلىدىغۇ، ــ دېدى بوۋاي ئاق كىرپىكلىرى ئاستىدىكى كۆكۈچ پىت كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە زەن قويۇپ قاراپ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇ كىشىمۇ ۋېلسىپىتىنى يىلان باغرى چاپتۇرغىنىچە ئۇلار ئېنىق كۆرەلىگۈدەك جايغا يېتىپ كەلدى. ۋېلسىپىتلىق كىشى دەۋازا ئالدىغا كېلىپ ۋېلسىپىتتىن شاپپىدە چۈشتى. بۇ ھېنرى ئىدى. ئۇنىڭ باش ـ كۆزى تەر دەستىدىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۆپكىدەك ئېسىلىپ قىزارغان يۈزلىرىگە پاتقاقلار چاچرىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستۆپشى لاي ـ پاتقاق ئىدى.

ــ ۋاي خۇدايىمەي، ھېنرىكەنغۇ، بۇ، ــ دەپ توۋلىۋەتتى بەنفور چۆچۈپ.

— نىمه ؟ — سورىدى بوۋاي پىچىرلاپ. بوۋاي سۆزىنى شۇنچه تېز قىلغاچقا گېپىنى ئېنىق ئۇققىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگه سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. يەنه كېلىپ قۇلىقى بىراز ئېغىر ئىدى، — نېمه ؟ نېمه دېدىڭ ؟ سەن كىمنى، قايسى يىـ گىتنى دەۋاتىسەن ؟ نانىنىڭ يىگىتىنى دەۋاتمايدىغانسەن ؟! — بوۋاينىڭ قىپقىزىل مەڭزى ۋە ئاپئاق كىرپىكلىرىگه مەسخىرىلىك كۈلكه ياماشتى.

ھېنرى شۇرۇلداپ ئىسسىق تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان پېشانىـ سىگه چاپلىشىۋالغان چاچلىرىنى قايرىپ قويدى. يىگىت بۇ يەرـ دىكىلەرنى خېلى ئاۋۋاللا كۆرۈپ بولغان ۋە بوۋاينىڭ بايىقى سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تەر شۇرۇلداپ قۇيۇلۇپ تۇرغان بەرنا يىگىتلەرگه خاس چىرايى سوغۇق گۈگۈم قوينىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى...

— ھە، ھەممىڭلار بۇ يەردىكەنسىلەر ـ دە ! — ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، بىردىنلا ئۇنىڭ ھېلىقى كۈچۈكنىڭ غىڭشىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئۇ ۋېلىسىـ پىت بىلەن ئىتتىك ماڭغانلىقتىن، پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى ئايلىنىپ، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى چىتلاققا يۆلەپ قويدى، ئاندىن بۇـ لۇڭدىكى چىتلاقتىن ئارتىلىپ ئۆتتى ـ دە، قۇرۇق ئېقىن بويىغا كەلدى.

— گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بىز سىزنىڭ قايتىپ كېـ لىدىغانلىقىڭىزنى زادىلا خىيالىمىزغا كەلتۈرمەپتۇق، — دېدى بەنفور قىسقىلا قىلىپ.

— ھىم، مېنىڭچىمۇ شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى يىگىت

مارچقا قاراپ تۇرۇپ.

مارچ پۈتۈن ئەزايى بوشاشقان، بىر تىزى ئېگىلگەن، قولىدىكى پالتىنىڭ چۈلدىسىنى پەسكە قارىتىپ تۇتقان هالدا بىر چەتتە ئۆرە تۇراتتى. قىزنىڭ پىيالىدەك يوغان ئېچىلغان ئىپادىسىز كۆزلىرى، شۇ تۇرقى قېچىپ كېتەلمەي، قورققىنىدىن داڭقېتىپ قالغان توشقانغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. قىز يىگىتنىڭ ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل يۈزىنى كۆرگەن هامان قارشىلىق كۆرسىتىشتىن مەهرۇم بولدى. قىز هېنرىنىڭ بېشىنى سەل ـ پەل ئېگىپ تۇرغان ئەپتىنى كۆرۈپلا، بىرى سېهىرلەپ قويغاندەك داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

ــ هوي، كىمسەن؟ ئۆزۈڭ كىم بولسەن؟ ــ دەپ سورىدى باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئامراق بۇ بوۋاي مەسخىرە قىلغاندەك.

ــ بۇ گېرېنفىر ئەپەندى بولىدۇ، سىز ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغانغۇ، دادا، ــ دېدى بەنفور سوغۇققىنا قىلىپ.

ــ ئاڭلىمامدىغان، مەن كۈنبويى سىلەرنىڭ باشقا ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشكەنلىكىڭلارنى ئاڭلاپ باقمىدىم، ــ دېدى بوۋاي غۇدۇراپ، ئۇنىڭ چىرايىدا مەسخىرىلىك كۈلكە جىلۋىلىنەتتى. بوۋاي « ياخشىمۇسىز ! » دېدى ـ دە، شۇئان هېنرىغا قولىنى سۇندى.

يىگىت تولىمۇ تەئەججۈپلەنگەن هالدا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى.

ــ سىز سارىپول تۈزلەڭلىكىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن كەپسىز ـ دە؟ ــ سورىدى بوۋاي يىگىتتىن.

ــ هەئە.

ــ هىم، بۇ يول خېلى بار، جۇمۇ. بۇ يەرگە قانچە سا-

ئەتتە كەلگەنسىز ؟ خېلى ۋاقىت كەتكەندۇ ـ ھە ؟ قىياسىمچە ، نەچچە سائەتلەپ يول يۈردىڭىزغۇ دەيمەن .

— تۆت سائەتكە يېقىن يول يۈرۈپتىمەن .

— ھە ؟ تۆت سائەت ! پەرىزىم توغرا چىقىپتۇ . ئەمدى سىز قاچان قايتىپ كېتەي دەيسىز ؟

— مەن بۇ يەردە ئەتە زاۋالغىچە تۇرالايمەن .

— ئەتە زاۋالغىچە ؟ مۇنداق دەڭ . پاھ ! قىزلار سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن بىخەۋەر ئىكەن ، شۇنداقمۇ ؟

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي مىيىغىدا كۈلگىنىچە ئاپئاق كىرپىكلىرى ئاستىدىكى كۆكۈچ پىت كۆزلىرىنى قىزلارغا تىكتى . ھېنرى باشقا ياققا قارىۋالدى . يىگىت بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۇ مارچقا قاراپ قويدى . مارچ خۇددى شۇ تاپتا سىيىرلارنىڭ نەدە يۈرگەنلىكىگە قارىغاندەك ئەلپازدا يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . قىز سىپىدىن تۇتۇپ تۇرغان پالتا پاتقاق يەرگە تېگىپ قالايلا دەپ قالغانىدى .

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز ، دەرەخ كېسىۋاتقانمۇ ؟ — سورىدى يىگىت مۇلايىم ۋە سىلىق تەلەپپۇزدا . مارچ روھى چىقىپ كەتكەندەك ، ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمايۋاتقاندەك قىلاتتى .

— شۇنداق . بىز بۇ دەرەخنى كېسىشكە باشلىغىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى ، — دېدى بەنفور مارچنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ .

— پاھ ! سىلەر ئۆزۈڭلارلا كېسىۋاتامسىلەر ؟

— نانى ئۆزى يالغۇز كېسىۋاتىدۇ ، مەن ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرەلمىدىم ، — دېدى بەنفور .

— راستمۇ ! ئۇنداقتا سىز خېلى جاپا چەككەنسىز ـ

ھە ، — دېدى يىگىت مارچقا تولىمۇ مۇلايىم ئاۋازدا . قىز جاۋاب بەرمىدى . ئۇ گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ، بېشىنى قىيسايتىپ ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇققا قاراپ تۇراتتى .
— نانىي ! نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن ؟ — دېدى بەنفور ئەنسىرەپ قىلىپ .
— نېمە ؟ . . . مەنمۇ ؟ — مارچ چۆچۈپ كەتتى - دە ، يۈزىنى بۇراپ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا ئالاقىلاپ قارىغۇدەك ، كېيىن ، — ماڭا گەپ قىلىۋاتامدۇ ؟ — دېدى .
— ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتامسىز ! — بوۋاي غۇدۇڭشىغىنىچە بېشىنى بۇراپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى ، — جەزمەن ئىشقى - مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ چۈش كۆرگەن گەپ . ھەي ، كۈپكۈندۈزدە چۈش كۆرىدىغان قىز !
— سىز ماڭا گەپ قىلىۋاتامسىز ؟ — سورىدى مارچ . ئۇ يىگىتكە يىراقتىن غەلىتە نەزەردە قاراپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك ئېچىلغان بولۇپ ، بۇ كۆزلەردىن گاڭگىراش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ يۇمران مەڭزىلىرى خىجالەتتىن ئانارىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى .
— سىز كۆپ جاپا چېكىپسىز دەيمەن ، — دېدى يىگىت ئەدەب بىلەن جاۋاب بېرىپ .
— ھە ، بۇ دەرەخنى بارغۇ ، مەن ئاز - ئازدىن كېسىۋاتىمەن . مېنىڭچە ، بۇ دەرەخنىڭ ئۆرۈلىدىغان ۋاقتىمۇ بوپ قالدى .
— ھېلىمۇ ياخشى بۇ دەرەخ كېچىدە ئۆرۈلمەيدىغان بولدى ، بولمىسا بىز ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن بولاتتۇق ، — دېدى بەنفور .
— قالغىنىنى مەن كېسىپ تۈگىتەي ، بولامدۇ ، — دېدى يىگىت .

— ماڭا ياردەملەشكۈڭىز بارمۇ ؟ — مارچ پالتا دەستىسىنى قىيپاش قىلىپ يىگىتكە سۇندى .

— ھەئە ، ناۋادا مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولسىلا .

— مەن ئۇچۇن بەربىر ، مۇنۇ دەرەخنى يىقىتىپ بەرسىڭىز سىزدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتىم ، — دېدى مارچ سوغۇق قىلىپ .

— بۇ دەرەخ قايسى ياققا ئۆرۈلۈپ چۈشەر ؟ لاپاس ئۈستىگە چۈشۈپ كېتەرمۇ ؟ — سورىدى بەنفور .

— ئۇنداق ئەمەس ، دەرەخ لاپاس ئۈستىگە چۈشمەيدۇ ، مېنىڭچە ئۇ ئاۋۇ ياققا ئۆرۈلىدۇ ، ئەمما سەل قىڭغىر كەتسە چىتلاقنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن ، — دېدى يىگىت .

— چىتلاقنى بېسىۋېلىشى ، — بوۋاي ۋارقىراپ كەتتى ، — نېمە دەپ ئۇ چىتلاق ئۈستىگە چۈشكۈدەك ؟ ھىم ، ئاشۇ يۆنىلىشتىمۇ ؟ چىتلاق دەرەختىن لاپاسقا قارىغاندا يىراق تۇرسا ، قانداقمۇ چىتلاق ئۈستىگە چۈشسۇن !

— ئۇغۇ شۇنداق ، مېنىڭچە بولسا دەرەخ چىتلاق ئۈستىگە چۈشمىسىكەن دەيمەن ، بۇ جاي شۇنداق كەڭرى تۇرسا ، مەنچە دەرەخ ھېچ نەرسىنى بېسىۋالمىسا تېخىمۇ ياخشىغۇ ، — دېدى ھېنرى جاۋابەن .

— دەرەخنىڭ تۈۋى ئۇياققا تېيىپ كېتىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشۈپ كەتمەس ، ھە ؟ — سورىدى بوۋاي تەنە بىلەن .

— ئۇنداق بولماس ، — دېدى ھېنرى ، ئۇ ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى ۋە ھەربىي فورمىسىنى سېلىۋەتتى .

— ئۆردەك ، ھاي ئۆردەك ، نېرى كېتىش ! — دەپ تووۋلىدى ئۇ .

تۆت دانە چېپار ئۆردەك قاتار تىزىلىپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قوڭۇر ئەركەك ئۆردەك ئۇلارنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار تۆپىلىكتىكى ئوتلاقتىن بۇياققا ئىغاڭلىغىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى . بۇ ئۆردەكلەر خۇددى تۆت قېيىق دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك يەڭگىل ۋە تېز يۈرەتتى . ئۇلار روھلىنىپ خۇددى ئىسپانىيە كېمىلىرى توغرۇلۇق ئاللىقانداق مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتقاندەك ئۈنلۈك غاقىلداشقىنىچە چىتلاق ۋە ئۇ يەردە تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى .

— ساراڭ بىر نېمىلەركەن ، ھۇ ، ساراڭلار ! — دېدى بەنفور توۋلاپ ، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆردەكلەرنى قوغلىدى ، لې-كىن ئۇلار بەنفور تەرەپكە بىخارامان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىۋەردى ، ئۇلار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ توختىماي غاقىلدايتتى ، بىرەر خۇش-خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغاندەك تولىمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى .

— بۇ يەردە ھەر قايسىڭ يېگۈدەك ھېچنېمە يوق ، نېرى كېتىش ! يوقىلىش ! قورۇغا كىرىپ كېتىشە ! — دەپ توۋلايتتى بەنفور ئۇلارغا .

ئۆردەكلەر قوغلىغانغا كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . شۇ-نىڭ بىلەن بەنفور ئۇلارنى دەرۋازا تېگىدىكى تۆشۈكتىن قورۇغا كىرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ، چىتلاقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ ئۇلارنى ھەيدىدى . ئۆردەكلەر ئەمدى يەنە قايتىدىن جانلانغان ھالدا قاتار تىزىلىشىپ ئىغاڭلاشقىنىچە يولغا چۈشتى ، ئۇلار كاسسىلىرنى ۋېنتسىيە ساياھەت كېمىلىرىدەك ئىغاڭلىتىپ دەرۋازىنىڭ ئاستى-دىن كىرىپ كېتىشتى . بەنفور چىتلاقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەس-تىكى ئۇ ئۈچ كىشىگە قارىدى .

ھېنرى بېشىنى كۆتۈرۈپ بەنفورغا قاراپ قويدى . بەنفور-نىڭ غەلىتە كەلگەن دۈگىلەك ، ئاجىز كۆزلىرى كۆزەينەكتە ئارقىلىق

ھېنرىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھېنرى قاققان قوزۇقتەك تىك تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئالدىدىكى قىسىيىپ قالغان دەرەخقە ئاغدۇردى، ئاندىن كۆكتە پەرۋاز قىلىشقان قۇشقا قاراۋاتقان ئوۋچىدەك كۆزلىرىنى كۆككە تىكتى. كۆڭلىدە بولسا: «ناۋادا بۇ دەرەخ بۇ ياققا ئۆرۈلسە ھەممە ئۆرۈلۈۋاتقاندا سەل ـ پەل قىيسىيىپ كەتسىلا ئۇنىڭ غولى دەل چىتلاق ئۈستىدە تۇرغان ئاۋۇ بەنفورنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ھېنرى بەنفورغا يەنە لەپپىدە قاراپ قويدى. قىز ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن قول ھەرىكىتى بىلەن قاش ـ كۆزلىرىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى ئۈستىگە قايرىدى. ھېنرى كۆڭلىدە بۇ قىز ئەمدى تىن تارتمايلا جان بېرىدىغان بولدى، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ھېنرىنىڭ قەلبىگە بىر خىل قورقۇنچلۇق، تەۋرەنمەس قۇدرەت يوشۇرۇنغاندەك، بۇ كۈچ پەقەت ھېنرىغىلا مەنسۇپتەك قىلاتتى. ناۋادا ھېنرى ئۆزىنىڭ بۇ تەۋرەنمەس نىشانىدىن سەل ـ پەل ئېغىپ كەتسىلا بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتتىن مەھرۇم قالاتتى.

— ئۆزىڭىزگە ھېزى بولۇڭ، بەنفور خانىقىز! — دېدى ھېنرى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بولسا ھېلىقى تەۋرەنمەس ئوي، قورقۇنچلۇق بىرلا ئىستەك يەنى بەنفور ئورنىدىن مىدىر ـ سىدىر قىلمىسىكەن، دېگەن ئۈمىدلا ھۆكۈم سۈرەتتى.

— كىمنى دەۋاتىسىز؟ مېنىمۇ؟ مېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتامسىز؟ — دېدى بەنفور ئۈنلۈك قىلىپ. قىزنىڭ ئاۋازىغا دادىسىنىڭ مەسخىرىلىك تەلەپپۇزى سىڭگەنىدى، — نېمە؟ سىز ئۆزىڭىزچە مېنى پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىماقچىمۇ؟

— يوقسۇ، ئەمما بۇ دەرەخ سىزنى بېسىۋالىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ھېنرى سەمىمىيەت بىلەن. لېكىن، بەنفور ھېن-

رىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ساختا كۆيۈمچانلىقنى سېزىپ قالغاندەك بولدى. ھېنرى جەزمەن ئۇنى ئورنىدىن قوزغاش ئۈچۈنلا بۇ سۆزنى قىلغان گەپ.

— مېنى ھەرگىز بېسىۋالمايدۇ، — دېدى بەنفور جاۋابەن.

ھېنرى قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ روھىدىكى بايىقى تەۋرەنمەس ھالىتىنى ساقلاپ تەمكىن تۇراتتى، بۇنداق قىلمىغاندا ئۇ ئۆز جاسارىتىنى، كۈچ-قۇدرىتىنى يوقىتىپ قوياتتى.

— بىر نېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ، ياخشىسى سىز ئۇ يەردىن بۇ ياققا كېلىۋېلىڭ.

— بوپتۇ، ئەمىسە، كانادالىق دەرەخ كېسىش ماھىرىنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقايلى! — دېدى بەنفور تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ مەسخىرە تەلەپپۇزدا.

— چاتاق يوق، مانا مەن تەييار، — دېدى يىگىت پالتىنى قولىغا ئېلىپ، ھەمدە ھەممە ئىش ئۆز جايىدىمۇ-يوق، دېگەندەك ئەتراپىغا قاراپ قويدى.

بىردىنلا جىمى نەرسە نەپەس ئېلىشتىن، پۈتكۈل دۇنيا ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك، پۈتۈن ئەتراپىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىدى. شۇ دەقىقىدە، يىگىتنىڭ بوي-بەستى تېخىمۇ ئېگىزلەپ ئاسمانغا تاقىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يىگىت چەبدەسلىك بىلەن دەرەخقە كەلتۈرۈپ ئىككى پالتا قويۇۋېدى، شۇ زامات دەرەخنىڭ يىلتىزى غىچ قىلىپ ئۈزۈلدى-دە، ئاستاغىنا قىڭغىيىپ، بوشلۇقتا تولغىنىپلا گۈلدۈر-قاراس يەرگە يىقىلدى. بۇ ھال گۇگۇم پەردىسىنىڭ يەر-جاھانغا يېيىلىپ چۈشكىنىنى ئەسكە سالاتتى. بۇ چاغدا يىگىتتىن باشقىسى نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى كۆرەلمىدى. بۇ يوغان دەرەخنىڭ مۇدھىش

شاخلىرى شىددەت بىلەن بەنفورنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ چۈ-
شۈۋاتقاندا ، ھېچكىم بەنفورنىڭ پەس ۋە ئېچىنىشلىق ئىڭراشلى-
رىنى ئاڭلىيالمىدى . ھېنرىدىن باشقىسى دەرەخ شېخىنىڭ ئۇنىڭ
گەۋدىسىگە كىلىپ ئۇرۇلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ قانداق ئايلىنىپ كەت-
كەنلىكىنى ، كۈچلۈك زەربىدىن يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ ، پۇت-
قولى تارتىشىپ ، قاشا يېنىدا سونايلىنىپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆ-
رۈشكە ئۈلگۈرمىدى . ھېنرى ئۆتكۈر ۋە نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن
ئۆزى ئېتىپ چۈشۈرگەن ياۋا غازغا قارىغاندەك بەنفورغا تىكىل-
دى . قىز يارىلانغانمىدۇ ، يا جان ئۈزگەنمىدۇ ؟ قىز جان ئۈز-
گەنىدى .

ھېنرى شۇئان قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى . مارچمۇ ئەتراپنى
بېشىغا كىيىپ ئالا - تاغىل چىرقىرىۋەتتى . بۇ ئاۋازلار يىراق -
يىراقلارغا كەتتى . بەنفورنىڭ دادىسىمۇ ھۆر كىرەپ تاشلىدى .

يىگىت قاشادىن شاققىدە سەكرەپ ئۆتۈپ بەنفورنىڭ قې-
شىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى . قىزنىڭ گەۋدىسى ۋە باش قىسمى
قانغا بويالغان بولۇپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى . يىگىت قىز-
نىڭ تىنىنى ئۆرىدى . قىزنىڭ تىنى تۇرۇپ - تۇرۇپلا لىپىلداپ
تارتىپ كېتەتتى ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى . بۇنىسى
يىگىتكە ئايان ئىدى . يىگىتنىڭ روھى ۋە قېنى بۇنى سېزىپ
تۇراتتى . شۇنداق قىلىپ يىگىتنىڭ كۆڭلى قانائەتلەنگەندەك
بولدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى بىر پۈتلىكاشاڭ ، تاپ-
ىنىغا سانجىلغان خوخا تىكەن ئەمدى يۇلۇپ تاشلانغانىدى . يى-
گىت قىزنىڭ جەسىتىنى ئاۋايلاپ يەرگە ياتقۇزدى . ئۇ تىنىقتىن
توختىغانىدى .

ھېنرى ئورنىدىن تۇردى . مارچ ھەيكەلدەك قېتىپلا
قالغانىدى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ، كۆزلىرى

بەئەينى زۇلمەت باسقان چوڭقۇر گوداڭغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بوۋاي بەزگەكتەك تىترىگىنىچە چىتلاقتىن ئۆمۈلەپ ئۆتۈشكە كىرىشتى.

— دەرەخ قىزنى بىسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدىغۇ دەيمەن، — دېدى يىگىت.

بوۋاي چىتلاقتىن مىڭبىر تەستە ئۆمىلەپ ئۆتتى. ئۇ توختىماي چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ نالە قىلاتتى.

— نېمە، ئۆلتۈرۈپ؟! — مارچ خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك بىردىن شۇركىنىپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۇ قازا تاپقان بولسا كېرەك، — دېدى يىگىت.

مارچ بۇ ياققا قاراپ ماڭدى. ئۇ چىتلاقنىڭ يېنىغا كېلە - كەلمەيلا يىگىت چىتلاقتىن گۈپپىدە سەكرەپ ئۆتتى - دە، ئۇنىڭ ئالدىدا باردى.

— نېمە دېدىڭىز؟ ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويدىمىكىن دېدىڭىزمۇ؟ — دېدى قىز تاپا قىلغاندەك قاتتىق ۋارقىراپ.

— راستىنلا مۇشۇنداق پېشكەللىك كەلدى، — دېدى پەس ئاۋازدا يىگىت جاۋابەن.

مارچنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ، ئادەم قورققۇدەك بولۇپ كەتتى. ھېنرى بىلەن مارچ بىر - بىرىگە روبىرو تۇرۇپ قادالدى. مارچنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن قارشىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. قىز ئەڭ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي يىگىتنىڭ ئالدىدا يىگىلگىنىگە تەن بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تۇرقى بەئەينى كىچىك بالىدەك ئۆزىنى يىغىدىن ھەر قانچە تۇتاي دېسىمۇ ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقىپ ئۆزىنى باسالماي قىلىۋاتاتتى.

يىگىت غەلىبە قىلدى . مارچ قاققان قوزۇقتەك تۇراتتى . پۈتۈن بەدىنى دىرىلدەيتتى ، ئىسەدەشتىن كالپۇكلىرى توختاۋسىز تىترەيتتى . بىرئازدىن كېيىن مارچ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى ، كۆز ئالدى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى دەستىدىن خىرەلەشتى . قىز لاسسىدە بوشاپ چۆپلۈككە ئولتۇرۇپ قالدى ، ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، كۆككە قاراپ قار ــ يامغۇردەك يىغلاپ كەتتى ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى يىغىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى . يىگىت مارچنىڭ يېنىدا تۇراتتى ، ئۇ قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە كۆز ئۈزمەي قارايتتى ، يىگىتنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان هالدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭقېتىپلا تۇراتتى ، ئۇ مەڭگۈ مۇشۇ هالەتتە تۇرۇۋېرىدىغاندەك قىلاتتى .

گەرچە بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرە يىگىتنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلاپ ئىچىنى سىرىۋەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا كۆڭلىدە خۇشال ئىدى . چۈنكى ئۇ ئاخىر غەلىبە قىلغان ، ئۆز مەقسىتىگە يەتكەنىدى . بىر هازادىن كېيىن يىگىت ئېڭىشىپ قىزنىڭ قولىدىن تۇتتى .

ــ يىغلىماڭ ، سەۋر قىلىڭ ، ــ دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا .

مارچ بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتكە قارىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى ، قىز ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك تولىمۇ يار ــ يۆلەكسىز كۆرۈنەتتى . قىز يىگىتكە ياش بىلەن قاپلانغان ۋە ئىنتائەتمەنلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى . ئەمدى قىز ئۇنىڭدىن هەرگىز ئايرىلمايدۇ . هېنرى ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ . يىگىت بۇنى هېس قىلىپ يەتتى ــ دە ، كۆڭلى يايراپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆز هاياتىنى دەپلا قىزغا ئېرىشمەكچى ئىدى ، هېنرىنىڭ هاياتىدا بۇ قىز كەم بولسا بولمايتتى . هېنرى شۇ تاپتا مارچقا ئېرىشتى . بۇ ئۇنىڭ ها-

ياتى تەلەپ قىلغان ئىش ئىدى.

مارچ ھېنرىغا مەنسۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتىنچە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى. ھېنرى ئالدىنئالا پىلانلاپ قويغىنى بويىچە، ئۇلار روۋدىستۇو بايرىمىدا توي قىلدى. ھېنرى ئۇن كۈنلۈك رۇخسەت ئالدى. ئۇلار كانۇورغا، ھېنرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېڭىز بويىدىكى ھېلىقى مەھەللىگە كەلدى. ھېنرى ئەمدى مارچنىڭ قورۇقتا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

گەرچە مارچ ھېنرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ قانات قۇيرۇقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان، ھەمدە ھېنرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن ئۇنچىۋالا خۇشال ئەمەس ئىدى. مارچ ھېنرىدىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىدە بولمىسىمۇ، ئەمما ھېنرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىچى سىقىلاتتى. ئەتراپىدىكى جىمى نەرسە ئۇنى پايلاپ تۇرۇۋاتقاندەك بىئارام قىلاتتى. ھېنرى مارچقا ئېرىشكەن، مارچ ھېنرى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان، ئۇنىڭ ئايالىغا ئايلانغانىدى. مارچ ھېنرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، بۇنىسى مارچنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى، لېكىن مارچ يەنىلا بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپالمايتتى. شۇڭا، ماھىيەتتە ھېنرى يەنىلا مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇ مارچ بىلەن توي قىلىپ ھەممە جەھەتتىن ئۇنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇۋالغاندەك قىلسىمۇ، بۇ پەقەت مارچنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا يول قويغىنىدىن، مارچنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان باشقا تەلىپىنىڭ يوقلۇقىدىن بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەمەلىيەتتە، ھېنرى يەنىلا تولۇق غەلىبە قىلىپ بولالمىغانىدى.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئىدى. مارچنىڭ روھى يېڭى ھاياتقا لىق تولۇپ پارلاق نۇر

www.uyghurkitap.com

چاچماستىن ، ئەكسىچە شىكەستىلەنگەندەك قانسىراپ ، مەزگىلسىز توزىغان گۈل ـ چىچەكتەك سولماقتا ئىدى . مارچ ھەمشىرە ھېنرى-نىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ ، دېڭىزغا تىكىلگىنىچە ئۇزاق-ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ قاپقارا ۋە ئىپادىسىز ئۇيغاق كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى ، جۇدەپ كۆز-لىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ھېنرىنىڭ سۆزلىرىگە بېشىنى بۇراپ يېگى چىقىرىۋالغان ئادىتى بويىچە سۇسقىنە تەبەسسۇم قى-لىپ قوياتتى ، بۇ بىر ئايال زاتىنىڭ غەلىتە ۋە ھەسرەتلىك تە-بەسسۇمى ئىدى . مارچىنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەت شەكلى يوقالغان ، ئەمما ئۇ مۇھەببەتنىڭ يېڭى شەكلىگە كۆنۈپ كېتەلمىگەنىدى . مارچ ھېلىمۇ بىرەر ئىش بىلەن بەنت بولۇش كېرەكلىكىنى ، مە-لۇم نىشاننى كۆزلەپ ئىجتىھات كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى . ئەمما ئۇ قىلغۇدەك ئىش يوق ، مەلۇم نىشاننى كۆزلەپ تىرىشىشىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى . ئۇ تېخىچە ھېنرىنىڭ ھازىرقى سۆيگۈ مۇھەببىتىنى تامامەن قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى . بۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۆمۈر قەپەستەك ئۇنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالدۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى . مارچ ھېنرىنى مۇندىن كېيىنمۇ سۆيسە ، ئۇنىڭ مەلۇم تەرەپلەردە تېخىمۇ زورۇقۇپ سۆيۈشىگە توغرا كېلەتتى . قىزغا ھېنرىنى زورۇقۇپ سۆيۈش ، بۇ زاماننىڭ كىشىنى چارچىتىدىغان بىر خىل ئېھتىياجىدەك تۇيۇلاتتى ، ئەمما ئۇنىڭغا يەنە شۇنىسىمۇ ئايان ئىدىكى ، مۇندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ئۈچۈن زورۇقۇش تەلەپ قىلىنمايتتى . ھېنرى مارچىنىڭ ئۇنىڭغا زورمۇ زور بېغىشلىغان مۇھەببىتىنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىل-مايدۇ . بۇ ھېنرىنى ئازابلايدۇ . ياق ، ھېنرى مارچىنىڭ ياسالما مۇھەببىتىگە موھتاج ئەمەس . مارچ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئىختىيار-سىز ، تەبىئىي قوبۇل قىلىشى ، مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇشى

كېرەك . ئۇ ئۆزى قېيىقتا دېڭىز سۈيىگە قاراپ ئولتۇرغىنىدا كۆر-
گەن دېڭىز يوسۇنلىرىدەك ياشىشى زۆرۈر . دېڭىز يوسۇنلىرى
ھەمىشە سۇ تېگىدە سۇنىڭ رايىغا بېقىپ يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇ-
رىدۇ ، ئۆزىنىڭ يېپتەك ئىنچىكە يۇمران تالللىرىنى مۇلايىملىق بىلە-
لەن دولقۇنغا سوزۇپ ، تولىمۇ سەزگۈرلۈك ۋە رايىشلىق بىلەن
زۇلمەتلىك دېڭىز تېگىدە ئۆتتۈرىدۇ ، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ سۇ
ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ قۇياش نۇرىدىن بەھر ئالالمايدۇ . ئۇلار
تاكى ھالاك بولۇپ كەتكۈچە سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپقا
قاراش بەختى نېسىپ بولمايدۇ . ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىنلا
سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ . ئەمما ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ھامان سۇ
تېگىدە ، دولقۇنلارنىڭ چوڭقۇرىدا تۇرىدۇ . ئۇلار دولقۇنغا تايان-
غاندىلا ئاندىن پولاتتىنمۇ چىڭ بولغان كۈچلۈك يىلتىزلىرى ئۆ-
سۈپ چىقالايدۇ ، ئۇلار دولقۇنغا ئەگىشىپ يەڭگىل تەۋرىنگەندىلا
شۇ قەدەر مەتانەتلىك ، شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك بولالايدۇ . ئۇلار سۇ
تېگىدە تۇرغاندىلا قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان دۇب دەرىخىدىنمۇ مەز-
مۇتلىشىپ ، ئوگايلىقچە ۋەيران بولمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز
يوسۇنلىرى جەزمەن سۇ ئاستىدا تۇرۇشى ، تاكى ھالاك بولغانغا
قەدەر سۇ ئۈستىگە ئۆرلىمەسلىكى كېرەك . مارچ بىر ئايال زاتى
بولغانىكەن ، جەزمەن دېڭىز يوسۇنىدەك دېڭىز دولقۇنى — ھېت-
رىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى زۆرۈر .

شۇڭىنىسى ، مارچ بۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە ئادەتلىنىپ قال-
غانىدى . ئۇ ئىلگىرى مۇھەببەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ،
بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا بولمايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ
قەدىردانى جېيىرنىڭ سالامەتلىكى ، خۇشاللىقى ۋە بەختى ئۈ-
چۈن ، ھەر كۈنى ئەتىكى ، كېلەر يىلقى پىلان ئۈستىدە ئويلىنىشقا
مەجبۇر ئىدى . دەرۋەقە ، ئىلگىرى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە

دۇنياسىدا تۇرۇپمۇ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن
جاۋابكار بولمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بۇ كى-
چىككىنە دۇنياسىدا تۇرۇپ پۈتكۈل دۇنيادىكىلەرنىڭ بەخت ـ
سائادىتى ئۈچۈن غەم يېيىشتەك بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى
ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلاتتى.
ھالبۇكى، ئەمدىلىكتە مارچ مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭغا شۇنىسى ئا-
يان ئىدىكى، ئۇ پۈتكۈل دۇنيا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاشۇ
كىچىككىنە دۇنياسىدىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. بۇنداق قىلماق نېمىدېگەن
مۈشكۈل ـ ھە! ئىشنىڭ بېشىدىلا سىزگە شۇنچە مۇھىم، شۇنچە
ئوڭاي بىلىنگەن ئىش، بارغانچە تەس تۇيۇلىدۇ. خۇددى شۇ-
نىڭغا ئوخشاش، چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى-
ڭىزنى خۇشال قىلىش سىزگە دەسلەپتە شۇنداق ئوڭاي تۇيۇلى-
دۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قانچىكى تىرىشقانچە
شۇنچە پاجىئەلىك مەغلۇپ بولىسىز. بۇنىسى ئاجايىپ قورقۇنچ-
لۇق. مارچ شۇ ياشقا كىرگۈچە ئىزلىدى، ئىزلەندى. ئۇنىڭ
شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىزدىگەن، قوغلاشقان نەر-
سىسى قولىنى شۇنداقلا سوزسا يەتكۈدەك تۇيۇلغانىدى. ئەمما، ئا-
قىۋەتتە شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇ جېنىنىڭ بارىچە
قوغلاشقان نەرسىگە يېقىنلىشىپ قولىنى شۇنداق ئۇزارتىۋىدى، ئۇ
نەرسە ئۇنىڭدىن يەنە يىراقلاشتى، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ يىراقلاپ
كەتتى، ئۇ نەرسىلەرگە ئەبەدىل ـ ئەبەد نائىل بولالمايدىغان
بولدى. رىبائاللىققا ئايلانمايدىغان ئۇ نەرسىلەر قول يەتكۈدەك يەر-
دىلا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مارچقا پەقەت ناشۇدلۇق، ئۈ-
مىدسىزلىكلا ئېلىپ كەلدى. مارچ قولىنى قانچىلىك سوزغانسې-
رى، ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان تۇرمۇش، خۇشاللىق،

بەخت ـ سائادەت ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقلىشىپ ، تېخىمۇ مەۋھۇم ، خىيالىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى . مارچ ئىشانىغا يېتىشنى ، ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشنى ئىستەيتتى . ئاقىۋەت ، ئۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدى . ئۇ ھەمىشە جېنىنىڭ بارىچە قوغلايتتى ، قوغلايتتى ، قانداقتۇر بىر نەرسىگە يەتمەك بولاتتى . ئۇ قوغلاشقان نەرسە قول يەتكۈدەكلا جايدا تۇرغاندەك بىلىنەتتى . جېيىرنى خۇش قىلىشمۇ مانا مۇشۇنداق بولغانىدى . ئۇ بەزىدە جېيىرنىڭ باقىي ئالەمگە كەتكىنىدىن خۇش بولاتتى ، چۈنكى مارچ بەنفورنى مەڭگۈ خۇش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى . جېيىر ھەمىشە تىتىلداپ يۈرەتتى . قاتتىق سىقىلىش تۈپەيلى بارغانچە ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى . جېيىرنىڭ ئازابى ئېغىرلىسا ئېغىرلايتتىكى ، ھەرگىز يېنىكلىمەيتتى . ئۇ ھايات قالغان بولسىمۇ ئىشلار مەڭگۈ شۇنداق كېتىۋەرگەن بولاتتى . شۇڭا ، جېيىرنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى خۇش قىلاتتى .

جېيىر ياتلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بولغان بولاتتى . ئايال خەق دېگەن ئولتۇرسا ـ قوپسا ئېرىنى خۇش قىلىشنىلا ئويلايدۇ ، چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئۆز غايىسىدىكى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىدۇ ـ يۇ ، ئەمما ئۆمۈر بويى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ھاياتى مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئۆتىدۇ . ئۇلار بايلىق ياكى يۈكسەك مەقسەت بابىدا پارچە ـ پۇرات ، ئەرزىمەس نەتىجىلەرگىلا ئېرىشەلەيدۇ ، ئەمما ئۆزى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان نەتىجە بولسا ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭلىدىكى ئادىمىنى بەختلىك قىلىشتىن ئۆزگىنى ئويلىمايدۇ ـ دە ، ئاخىر بېرىپ پاجىئەلىك مەغلۇپ بولىدۇ . سىز چىن يۈرەكتىن سۆيىدىغان ئادىمىڭىزنى بەختلىك قىلماقچى

www.uyghurkitap.com

بولىسىز ، سىزگە ئۇنىڭ بەختى ئاسانلا قولغا كېلىدىغاندەك ، ئاۋۋال بۇ ئىشنى ، ئاندىن ئۇ ئىشنى ، ئاخىردا يەنە ئاللىقانداق بىر ئىشنى قىلىسىڭىزلا كۇپايە قىلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن سىز پۈتۈن ئىشەنچىڭىز بىلەن ئۇنىمۇ قىلىپ باقىسىز ، بۇنىمۇ قىلىپ باقىسىز ، لېكىن قەدەمدە بىر بۇرنىڭىزغا يەپ بارغانچە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىسىز . سىز كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىزنى ئايىماي بېغىشلايسىز . ئۆزىڭىزنىڭ نىمە بولۇپ كېتىشى بىلەن ھېسابلاشمايسىز ، ئەمما بەختنى ئىزدەش سەپىرىڭىز ئۆزىرىغانسېرى ھالىڭىزمۇ شۇنچە خارابلىشىپ كېتىدۇ . بەخت ـ سائادەت ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ .

بىچارە مارچ گۈزەل ئىستەكلەر ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپ ـ تىرماشتى ، ئاقىۋەت پۈتۈن تۇرمۇشى ۋە جىمى ئىشلىرى ئۇنىڭ نەزەرىدە مەۋھۇم ، قورقۇنچلۇق ھاڭغا ئايلىنىپ قالدى . بەختنى ئىبارەت بۇ خەتەرلىك گۈل قول يەتمەيدىغان قىيانىڭ قىسلاڭلىرىدا پورەك ئاچىدۇ . ئۇ شۇ قەدەر يارقىن ، شۇ قەدەر سۆيۈملۈك بولۇپ ، مەيىن شامالدا ئىغاڭلاپ ، گويا قول سوزسىلا يېتىدىغاندەك ، ئۇنى بىمالال ئۈزگىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭغا قولىڭىزنى قانچە سوزسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان تەگسىز ھاڭ لېۋىگە يېقىنلاۋاتقىنىڭىزنى بايقايسىز . ناۋادا ، سىز ئالدىڭىزغا بىر ماڭدام سىلجىپ ئۇ گۈلنى ئۈزۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتسىڭىزلا ، شۇئان بۇ ۋەيلۇنغا ئوخشاش تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىسىز . ئۇندا سىز ئۈزگەن ، سىز تەرگەن قۇچاق ـ قۇچاق گۈللەر ئارىسىدا سىزگە كېرەكلىك گۈل ــ بەخت گۈلى تېپىلمايدۇ . بەخت گۈلىنىڭ تېگى قورقۇنچلۇق تەگسىز ھاڭ ــ

دوزاختۇر.

مانا بۇ بەخت ئىزدەش سەپىرىنىڭ پۈتۈن جەريانى. مەيلى سىز ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىز ئۆز بەختىڭىز ياكى باشقىلار-نىڭ بەختى بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم سىز ئالدىڭىزدا گىرداپنىڭ بارلىقىنى، ئالدىڭىزغا بىر ماڭدام ماڭسىڭىزلا جەزمەن تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ قالىسىز. بۇ مۇقەررەر، مەڭگۈلۈك شۇنداق بولىدۇ.

ئايالارچۇ؟ ھەر قانداق بىر ئايال زاتىنىڭ بەختكە ئېرى-شىشتىن بۆلەك يەنە قانداق نىشانى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ قوغلىشى-دىغىنى ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ بەختى. ئۇلارغا لازىمى پە-قەت مۇشۇنچىلىكلا، ئۇلارغا باشقىسى كېرەك ئەمەس. مارچمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ مۇشۇ بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز نىشانىنى كۆزلەپ ئاتلاندى. ئۇ ئۆز نىشانىنىڭ ھەسەن - ھۈسەن ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بەلكىم ئۆز نى-شانىنى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق جايدا، ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ نېرى-سىدىكى زۇمرەتتەك كۆك ئاسمانىنىڭ چېتىدە كۆرگەندۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى يىراق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەرگىز يىراق دېگىلى بولمايدۇ.

شۇغىنىسى، ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ چوققىسى تەگسىز ھاڭ، ناۋادا مۇدۇرۇپ كەتتىڭىزمۇ، بولدى، ھاڭغا چۈشۈپ - چۈشۈپ تېگىگە يېتەلمەيسىز. ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ نېرىسىدا زەڭگەر ئاغزىنى ھاڭدەك يوغان ئېچىپ تۇرغان تەگسىز ئۆپقان بار، ئۇ سىزنى ۋە جىمى تىرىشچانلىقىڭىزنى ھاپ ئېتىپ يۇتۇ-ۋەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھېچنېمە كۆرمىگەندەك قۇپقۇرۇق پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. ھاياتىڭىز ۋە جىمى تىرىشچانلىقىڭىز بىكارغا كېتى-دۇ. ئاھ، مانا بۇ بەختكە ئېرىشىش خام خىيالىنىڭ كۆپۈككە ئاي-

لىنىشى .
بايقۇش مارج ، تولىمۇ خۇشال هالدا سەپەرگە ئاتلىنىپ ،
ئۆزىنىڭ ساماۋى زەڭگەر مەنزىلىگە يول ئالغانىدى . ئۇ ئۇزاق
ماڭغانسېرى كۆز ئالدىدىكى هەممە نەرسىنىڭ شۇنچە قۇرۇق ، مە-
نىسىزلىكىنى قورقۇنچ ئىچىدە تونۇپ يەتتى . ئاخىرقى مەنزىلدە
قەلبى ئازابقا پاتتى . ئۇ ئەسەبىيلەشتى . ئۇ بۇلارنىڭ ئاللىقاچان
يىراق ئۆتمۈشكە ئايلانغىنى ئۈچۈن خۇشال . ئۇ دېڭىز بويىدا
كۈن پېتىشتىكى دېڭىزغا قاراپ خۇشال ئولتۇرۇپ ئادەمنىڭ ئارا-
مىنى قويمايدىغان ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئاياغلاشقىنىنى هېس
قىلدى . ئۇ ئەمدى مۇهەببەتكە ۋە بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن جان
كۆيدۈرمەيدۇ . جىمجىت بولسا تىنچ ، خاتىرجەم كۆز يۇمدى . بە-
چارە جېيىر ، شۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئۆلۈم تولىمۇ لەززەتلىك بولسا
كېرەك .
مارچىنىڭ رىزقى تېخى تۈگىمىدى ، ئۇنىڭ تەقدىرى هېن-
رىنىڭ ئىلكىدە ، ئەمما هېنرىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بۇلارلا ئە-
مەس . هېنرى مارچتىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي بېغىشلاشنى ، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغا سىڭىشىش ۋە تامامەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قى-
لىدۇ . مارچچۇ ؟ ئۇ ئەڭ ئاداققى يول بەلگىسى سېلىنغان تاشتا
ئولتۇرغان ئايالدەك جايىدا تېپتىنچ ئولتۇرۇشنىلا ئىستەيدۇ . ئۇ-
نىڭ مەنزىلىنى كۆزەتكۈسى ، كۆرگۈسى ، بىلگۈسى ۋە چۈشەن-
گۈسى كېلىدۇ . ئۇ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇشنى ياكى يېنىدا هېنرى-
نىڭلا بولۇشنى خالايدۇ .
هېنرىچۇ ؟ ئۇ مارچىنىڭ هەدەپ كۆزىتىشىنى ، كۆرۈۋېرى-
شىنى ، توختاۋسىز چۈشىنىشىنى خالىمايتتى . شەرقلىقلەر
خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ قويغىنىغا ئوخ-
شاش ، هېنرىنىڭمۇ مارچىنىڭ ئاياللارچە قەلبىگە چۈمبەردە تارتىپ

قويغۇسى كېلەتتى . ھېنرى مارچتىن تەن ۋە روھىنى ئۆزىگە تا-مامەن بېغىشلاشنى تەلەپ قىلاتتى ، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقىنى خالاي-دىغان ئاساۋ قەلبىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇشىنى تە-لەيتتى . ھېنرى مارچنىڭ جىمى تىرىشچانلىقلىرىنى ، مارچنىڭ ئۆز مەۋجۇدىيەت تۇۋرۇكۇم دەپ قارىغانلىكى نەرسىسىنى تار-تىۋالغۇسى كېلەتتى . ھېنرى مارچنىڭ ئۆزىگە تىز پۈكۈشىنى ، يول قويۇشىنى ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا تەلپۈنۈشتەك سەگەك روھىي ھالەتتىن تېزراق قۇتۇلۇشىنلا ئارزۇ قىلاتتى . ھېنرى مارچنى ئەقىل ـ ئىدراكتىن ، ھېس ـ تۇيغۇدىن مەھرۇم قىلىپ ، ئۇنى رايىش ئايالغا ، پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئايالغا ئايلاندۇ-رۇشنى ئويلايتتى .

مارچ بولسا چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ، ھارغىنلىقتىن ئۇگدەك باسقان بالىدەك ھالىدىن كەتكەندى . غەپلەت ئۇيقۇسى شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغاندەك ، ئۇ كۆزىگە ئۇيقۇ دىدارىنى يې-قىن يولاتماسلىق ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق قىلاتتى . ئۇ كۆزىنى بولۇشىغا كېرىپ ، ئۇيقۇ بىلەن كەسكىن ۋە جىددىي تە-رىزدە ئېلىشاتتى . ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشى ، ھەممىنى بىلىپ ، ئويلاپ ، ھۆكۈم قىلىپ ۋە بىر قارارغا كېلەلىگۈدەك سەگەك تۇ-رۇشى كېرەك . ئۇ تۇرمۇشىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇ-تۇپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولغان مۇستەقىل بىر ئايال بولۇشى ، بۇ مەقسەتكە چوقۇم يېتىشى كېرەك . ئەمما ، ئۇ بەكلا چارچاپ كەتتى ، جىمى نەرسىدىن بەزدى . ئۇيقۇ قارىماققا نەقەدەر تاتلىق ـ ھە ! ھېنرى نېمىدېگەن خاتىرجەم !

مارچ كانۋۇرنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىكى ئېگىز ، تىك قىيانىڭ كاماسىدا ئولتۇرغىنىچە ، كۆن پېتىش تەرەپتىكى دېڭىز-غا ، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ـ يىراق جايلارغا نەزەر تاشلايتتى . ئۇ

غەربكە ـ كانادا ، ئامېرىكا قىتئەسى جايلاشقان ئاشۇ سىرلىق قۇ-
رۇقلۇق تەرەپكە ئۇزاققىچە قارايتتى . ئۇ ئەمدى قانداق ئىشلارنىڭ
يۈز بېرىدىغىنىنى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يېتەلىشى تېرىك . ئۇ-
نىڭ يېنىدىكى يىگىت بولسا پەستە پەرۋاز قىلىۋاتقان چايكىلاردىن
كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ، كۆزلى-
رىدىن تازا رازى بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . يىگىت قىزنىڭ
ئۆز باغرىدا ئۇخلاپ مەلەخ ـ مەلەخ بولۇپ كېتىشىنى ، قانغۇچە
ئارام ئېلىشىنى ئىستەيتتى ، ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇرىدا
ھامىلىدەك بىخارامان تاتلىق ئۇخلاپ كېتىشىنى ئارزۇلايتتى ، ئەمما
قىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر ھالدا قىيادا سەگەك ئولتۇرغىنى ئولتۇر-
غان ، ئۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۆلەي دېسىمۇ پەقەتلا ئۇخلىمايۋاتاتتى .
ياق ، ئۇ ھەرگىز ئۇخلىمايدۇ . بەزىدە ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە سەت
كۆرۈنەتتى ، بۇنداق چاغدا ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكۈسى كې-
لەتتى . نېمىشقىمۇ ئەينى چاغدا بەنفورنى ئۆلتۈرۈپ يۈرگەنىدى-
مەن ، ئۇنىڭدىن كۆرە بەنفور بىلەن مارچىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ
بېرىپ ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئۆلتۈرگۈزسەم بوپتىكەن ، دەپمۇ ئويلاپ
قالاتتى .

لېكىن ، ھېنرى بەك تېت ـ تېت بولۇپ كەتكىنىدىن ئۆ-
زىنىڭ شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغىنىنى ئوبدان بىلەتتى . يىگىت
تۆت كۆز بىلەن يولغا چىقىش كۈنىنى كۈتەتتى . ئۇ راستتىنلا
ئەنگىلىيىدىن ئايرىلىپ غەربكە ـ كاناداغا كېتىشنى ، مارچىنى ئې-
لىپ بۇ دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن زارىقىپ
كۈتەتتى ! ھېنرى مارچىنى ئېلىپ بۇ دېڭىزدىن ئۆتسىلا ئۇ ئۆزى
ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئەنگلىيىدىن ئايرىلىدىغانلىقىغا ـــ
چۈنكى بۇ دۆلەت بەزى تەرەپلەردىن خۇددى زەھەرلىك نەشتى-
رنى سانجىغاندەك ئۇنىڭ قەلبىنى شىكەستلەپ روھىنى يارىلان-

دۇرغانىدى ــ شۇنداقلا مارچىنىڭ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدىغانلىقىغا ، ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئىرادىسىنى يوقىتىدىغانلىقىغا ، ھەمدە شۇ چاغدىلا ھېنرىغا تامامەن ئۆزىنى تاپشۇرىدىغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنەتتى .

شۇ چاغدىلا ھېنرى مارچقا پۈتۈنلەي ئېرىشكەن ، ئۇنىڭ تېنى ۋە قەلبىنى ئىگىلىگەن يەنى ئۆز جېنى تېنىگە قايتىپ كىرگەن ، ئۇ ئۆز ھاياتىغا ئېرىشكەن بولىدۇ . ھېنرى سەپەرگە ئالدىراپ تېت ـ تىت بولاتتى ، چۈنكى ئۇ ئۆز جېنىغا تېخىچە ئىگە بولالمىغانىدى . مارچ ھېنرىغا تىز پۈكمىسە ھەمدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ قوشۇلۇپ كەتمىسە ، ھېنرى مەڭگۈ ئۆز جېنىغا ئېرىشكەن ھېسابلانمايدۇ . مارچ ھېنرىگە تىز پۈكسىلا ھېنرى نەۋقىران ئەركەك ، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەر زاتى سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا تولۇق ئېرىشكەن بولىدۇ . مارچمۇ كامالەتكە يەتكەن ئايال ، ھەقىقىي ئايال زاتى سۈپىتىدىلا ئۆز ھاياتىغا ئېرىشەلەيدۇ . ئۇ چاغدا ئۇ قورقۇنچلۇق تىركىشىش ۋە ئادەمنى ھالسىرىتىدىغان تىرىشچانلىقلار قايتا پەيدا بولمايدۇ . مارچمۇ مۇستەقىل ، تەنھا ياشاشتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ ، ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان يېگانە ئاياللىق ھاياتىغا خاتىمە بېرىدۇ . ئۇ ھەتتاكى ئۆز روھىدىكى ئېغىر يۈكنىمۇ ھېنرىغا يۈكلەپ قويالايدۇ . ھېنرى ئاخىر ئىشىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك نەتىجىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە ، مارچنىڭ تىز پۈكۈشىنى جاھىللىق بىلەن كۈتەتتى .

ــ بىز ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ كاناداغا بارساقلا ، ئوڭۇشلۇق كېتىمىز ، ئامرىقىم ، ــ دېدى ھېنرى ئېگىز ھەم تىك ياردىكى قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان مارچقا .

مارچ كۆزلىرىنى دېڭىزنىڭ نېرىسىدىكى ئۇپۇققا ئاغدۇر-

دى . ئۇپۇق مەۋھۇم نەرسىدەك گىرىمسەن كۆرۈنەتتى . بىر پەس-
تىن كېيىن مارچ بېشىنى بۇراپ ھېنرىغا لاپپىدە قاراپ قويدى ،
ئۇنىڭ چىرايى سۇلغۇن ۋە غەلىتە بولۇپ ، شۇ تۇرقى ، ئۇخلىياي-
مەن دەپ جېدەل قىلىۋاتقان قەغىش بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى .
— شۇنداقمۇ بولارمەنمۇ ؟
— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ ، — دېدى ھېنرى تەمكىن
ھالدا .
بۇنىڭ بىلەن مارچنىڭ ئۇيقۇ ياماشقان كۆزلىرى ئىختى-
يارسىز يۇمۇلۇشقا باشلىدى . ئەمما ئۇ كۆزىنى زورىغا ئېچىپ
دېدى :
— بەلكىم شۇنداقتۇر ، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ بىر نېمە دېيەل-
مەيمەن . ئۇ يەردە قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن .
— بالدۇرراق يولغا چىقىپ كەتسەككەن ، ئىلاھىم ! —
دېدى ھېنرى . ئۇنىڭ ئاۋازىغا ھەسرەت يوشۇرۇنغانىدى .

( خەنزۇچە « لاۋرېنس ئەسەرلىرىدىن جەۋھەرلەر »
ناملىق كىتابتىن ئېلىندى )

[General Information]
书名=狐  维吾尔文
SS号=40300687